ئوگ . ماندىنو (ئامېرىكا)

# دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سائەتلىك دەرس



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئوگ. ماندىنو (ئامېرىكا)

# دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سائەتلىك دەرس

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

世界上最伟大的一堂课/阿布里米提译。—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2003.12

ISBN 7—228—06851—3

Ⅰ．世… Ⅱ．阿… Ⅲ．儿童文学—故事—依品集：—世界）Ⅳ.118

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 123991 号

责任编辑：哈德尔·哈吾孜
责任校对：阿衣古丽·沙吾提
封面设计：艾克拜尔·沙力

# 世界上最伟大的一堂课

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编：830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐天平印刷厂印刷
850×1168 毫米　32 开本　7.7 印张
2005 年 4 月第 1 版　2005 年 4 月第 1 次印刷
印数：1 — 3200

ISBN 7—228—06851—3　定价：15.00 元

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: قادىر قاۋۇز
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل ساۋۇت
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سائەتلىك دەرس
ئاپتورى: ئوگ. ماندىنو (ئامېرىكا)

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى تيەنپىڭ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1/32 850×1168 مىللىمېتىر
باسما تاۋىقى: 7.7
2005 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىلى 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1—3200
ISBN 7—228—06851—3
باھاسى: 15.00 يۈەن

ئوگ. ماندىنو (ئامېرىكا)

مەزكۇر كىتاب بازارغا سېلىنىش بىلەنلا 20 مىليون
پارچىدىن ئارتۇق، سېتىلىپ، پۈتۈن دۇنيا
مىقياسىدا كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلدى.

# دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سائەتلىك دەرس

تارىختىن بۇيانقى باشقۇرۇش، رەھبەرلىك قىلىش، كوللېكتىۋىزملىق توغرىسىدا كىشىلەرگە ئەڭ زور ئىلھام بېرىدىغان مۇلاھىزىلىك ھېكايىلەر

مەزكۇر كىتاب نەشر قىلىنىشى بىلەنلا نۇرغۇنلىغان كارخانىچى، ئالىم ۋە كەسپىي دىرېكتورلارنىڭ قولىدىن چۈشۈرمەيدىغان زۆرۈر ئوقۇشلۇقىغا ئايلاندى.

كوكا كولا، IBM، INTEL، GE ۋە فورد قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن دۇنياۋى شىركەتلەر مەزكۇر كىتابقا كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇردى.

بۇ، كىشىنى بىر قېتىمدىلا ئوقۇپ تۈگىتىۋېتىشكە ئىنتىزار قىلىدىغان بىر كىتاب بولۇپ، ئەگەر بىر ئۆمۈر پۇشايمانغا قالماي دېسىڭىز، ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان ھاياتلىق دۇردانىلىرىدىن بەھرە ئالغايسىز.

— نېس شىركىتىنىڭ باش لىدىرى: جوج • ۋېيلېر

مەن بۇ كىتابتىن بىراقلا 20 پارچە سېتىۋېلىپ ئەتراپىمدىكى كىشىلەرگە سوۋغا قىلدىم. ئۇنىڭ ۋەقەلىكى ئوقۇغان كىشىگە خۇددى شىپا بەخش مەجۇندەك كارامەت تەسىر قىلىدۇ، بۇ دەۋرىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ كىتابلارنىڭ بىرى.

— كوكاكولا شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن لىدىرى: موررون • دىيممىت

## ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى

# ئۆگىنىش دەۋرى

«دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مال ساتقۇچى» دېگەن كىتابىم
نەشىردىن چىققاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى
ئوقۇرمەنلەر كېيىنكى ئەسەرلىرىمگە نىسبەتەن تېخىمۇ زور ئۈ-
مىدلەرنى كۈتۈشتى. بىراق، ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «دۇنيا-
دىكى ئەڭ ئۇلۇغ مال ساتقۇچى» ئۇن نەچچە يىللىق ئىجادىيەت
ۋە تونۇشۇمنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى.
شۇڭا، ئۆزۈمنى قايتا نامايان قىلماي، پۇرسەت كۈتۈشنى مۇۋا-
پىق كۆردۈم.

شۇ كۈنلەردە دۇنيادا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر
يۈز بەردى. كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ نەزىرى باشقۇرۇش، رەھ-
بەرلىك ۋە تەشكىللەشكە چۈشتى. 21 ـ ئەسىردىكى سودا ـ
سانائەت ساھەسىدىكى مۇھىم مەسىلە كۆپلىگەن مال ساتقۇچىلار-
نى تەربىيىلەپ چىقىش بولماستىن، بەلكى قانداق قىلىپ، بىر
مۇنەۋۋەر كوللېكتىپنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش بولۇپ قالدى.
بىر كارخانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، باشقۇرغۇچى خادىمنىڭ
نەزەر ـ دائىرىسى بارغانچە مۇھىم رول ئوينىماقتا.

كىم دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇلۇغ رەھبەر؟

كىم بىزنىڭ تېخىمۇ يىراق مەنزىلگە يېتىشىمىزگە رەھبەر-
لىك قىلالايدۇ؟

مەزكۇر كىتاب سىزنى ئىلمىي نەزەرىيىلەر بىلەن تەمىن
ئەتمەيدۇ. پۈتۈن كىتابتا يېزىلغىنى پەقەت ئىلھام بەخش مەسە-

لىلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن قانۇنىيەتلەر پەقەت سودا ـ سانائەتنى باشقۇرۇشتا ئىشلىتىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇ پۈت- كۈل ئىنسانىيەتكە باب كېلىدۇ. چۈنكى، بىز تۇرمۇشتا چۈشى- نىشكە ۋە ھەمكارلىققا موھتاج.

ئوگ • ماندىنو

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ 1

پېشانەمگە پۈتۈلگەن بىر سائەتلىك دەرس ............ 1

بىرىنچى كۈنى ........................................ 18

ئىككىنچى كۈنى ........................................ 57

ئۈچىنچى كۈنى ........................................ 89

تۆتىنچى كۈنى ........................................ 115

بەشىنچى كۈنى ........................................ 158

ئالتىنچى كۈنى ........................................ 186

يەتتىنچى كۈنى ........................................ 216

خاتىمە ........................................ 234

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# مۇقەددىمە

## پېشانەمگە پۈتۈلگەن بىر سائەتلىك دەرس

مېنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپلىرىم ئۆزلۈكىدىن بارلىققا كەلگەن ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇ سوقراتنىڭ پەلسەپە قائىدىلىرى، خوستېرفېيېلدنىڭ ئەخلاق تەلىماتى ۋە قىددىس ئەيسانىڭ يۈكسەك ھەقىقەتلىرىدىن كەلگەن. ئەگەر بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ئانچە مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى ھېس قىلسىڭىز، يەنە قانداق باشقا ھەقىقەتلەرنىڭ بارلىقىنى بىلەمسىز؟

ــ دالى كارنېگ

ھازىر ئەسلىسەم، ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقەتەن ھېچكىم مېنى مەجبۇرلىمىغان بولۇپ، موناستىرغا رەھبەرلىك توغرىسىدىكى دەرسنى ئاڭلاشقا ئۆزۈم بارغانىدىم.

جاھاننىڭ ئىشلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

سۆزلەپ كەلسەم، مەن چوڭ بىر ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ باش دىرېكتورى بولۇپ، قولۇمدىكى ئومۇمنىڭ خىزمىتىنى قويۇپ قويۇپلا شىمالىي مىچىگان شتاتىدىكى بىر موناستىرغا بېرىپ، تويتوغرا بىر ھەپتە دەرس ئاڭلىدىم ھەمدە بىر توپ تالىپلار بىلەن بىللە كۈندە بەش قېتىم قەرەللىك ئىبادەت قىلىش، پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئوقۇش، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش ۋە دىنىي زىياپەتلەرگە قاتنىشىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن

بەند بولۇپ، قانۇنىيەتلىك، غورىگۇل تۇرمۇش ئۆتكۈزدۈم.

دەرس يېڭى باشلانغاندا، ئەلۋەتتە ئىدىيەمدە قاتتىق توقۇنۇش يۈز بەردى.

ئەمما، دەرس ئاخىرلاشقاندا، ئەكسىچە كۆڭلۈم بىردىنلا يورۇپ كەتتى.

مەن تۇغۇلغاندىن بېرى، «سىمېئون» دېگەن ئىسىم كاللامدىن زادىلا نېرى كەتمىدى.

مەن تېخى بوۋاق ۋاقتىمدا لۇتېر چېركاۋىدا چوقۇندۇرۇلغانىكەنمەن. شۇ چاغدا پاستېر دەل «ئىنجىل» دىكى «لۇكې گوسىپېلى» 2 ـ سۈرىسىنى ئوقۇۋاتقانىدى. بۇ سۈرىدە سىمېئون ئىسىملىك بىر ئادەم تىلغا ئېلىنغانىدى. «لۇكې گوسىپېلى» دا قەيت قىلىنىشىچە سىمېئون «خۇدادىن قورقىدىغان، مەرد بىر كىشى بولۇپ، مۇقەددەس روھ ئۇنىڭ بىلەن بىللە» ئىمىش. ئۇنىڭغا مۇقەددەس روھتىن ۋەھىي كېلىپ، ئۆزىنىڭ پانىي دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىشتىن بۇرۇن ئاللا ئەۋەتىشنى ۋەدە قىلغان مەسىھ (يەنى ئەيسا) بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقى خەۋەر قىلىنغانىكەن. نېمىلا بولمىسۇن، مەن بۇنداق كۆلكىلىك ئىشلارنى ئەزەلدىنلا چۈشەنمەيتتىم. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم (بىراق، ھەرگىز ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم ئەمەس) سىمېئون بىلەن ئۇچرىشىشىم ئىدى.

مەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 8 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، لۇتېر چېركاۋى ئۆتكۈزگەن قەسەم بېرىش مۇراسىمىغا قاتناشتىم. شۇ چاغدا مۇراسىمغا مەسئۇل پاستېر ھەربىر قەسەم بەرگۈچىگە «ئىنجىل» نىڭ بىر ئايەتنى ئوقۇپ بېرەتتى. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە، ئۇ ئويلىمىغان يەردىن ماڭا يەنە «لۇكې» سۈرىسىدىكى سىمېئون توغرىسىدىكى بىر ئايەتنى ئوقۇپ بەردى! شۇنداقمۇ توغرا كېلىپ قالغان بارمۇ!

شۇنىڭدىن كېيىنكى 25 يىلدىن بېرى، بىر قورقۇنچلۇق

www.uyghurkitap.com

چۈش ماڭا ئۇدا ئارام بەرمەي كەلدى. چۈشۈمدە قاپقاراڭغۇ كېچىدە قەبرىستانلىقتا ئېزىپ قالغۇدەكمەن. بىر يامان ئەرۋاھ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، كەينىمدىن توختىماي قوغلىغۇدەك، ئۈچىسىغا قارا نىمچە كىيگەن بىر قېرى ئادەم غايەت زور كىرپىتى-نىڭ كەينىدىن چىقىپ، ئالدىمغا كېلىۋاتقۇدەك. مەن ئۇنىڭغا سوقۇلۇپ كېتەي دېگەندە، ئۇ مېنىڭ مۈرەمدىن چىڭ تۇتۇپ، كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ: «سىمېئوننى ئىزدە! سىمې-ئوننى تېپىپ، ئۇنىڭ تەلىمىنى ئال!» دەپ ۋارقىرىغۇدەك. ھەر قېتىم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ھەممىشە قورقىنىمدىن پۈتۈن بەدىنىم سوغۇق تەرگە چۆمۈلۈپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىمەن.

سۆزلىسەم غەلىتە، مېنىڭ توي مەرىكەمدىمۇ، باستېر بەختىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە پۈتۈنلەي ئىنجىلنىڭ «سىمېئون» توغرىسىدىكى سۈرە ـ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بەردى. مەن بۇنىڭغا ناھايىتى ھەيران قېلىپ، قەسەم سۆزۈمنى خاتا ئوقۇپ قويغىلى تاسلا قالدىم، بۇ ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئىش ـ تە!

1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سىرتتىكى بارلىق ئىشلاردا تولۇق غەلىبە قازاندىم. تۇرمۇشۇم ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولۇپ، قۇسۇر تاپقىلى بولمايتتى.

شۇ چاغلاردا مەن پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان بىر ئەينەك زاۋۇتىنىڭ باش دىرېكتورى ئىدىم. قول ئاستىمدا 500 دىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچى بولۇپ، زاۋۇتنىڭ يىللىق تىجارەت سوممىسى 100 مىليون دوللاردىن ئاشاتتى. مەن يەنە بۇ شىر-كەتنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ ياش باش دىرېكتورى ئىدىم. مەن پەقەت مۇشۇ ئىش بىلەنلا ھەر ۋاقىت ئۆزۈمدىن پەخىرلەنسەم بولاتتى! ئۇنىڭ ئۈستىگە شىركەت ماڭا تولۇق ھوقۇق بەرگەن بولغاچقا، ئارمانغا چۈشلۈق دەرمانىمۇ بار ئىدى. ئىش ھەققىم ناھايىتى يۇقىرى بولغاندىن سىرت، يەنە كۆپ پايدا ئالاتتىم. ئىشلىرىمنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى.

ئائىلەم توغرۇلۇق سۆزلىسەم، ئامراق ئايالىم مارى بىلەن توي قىلغىنىمغا 18 يىل بولغان بولۇپ، بىز ئىندىئانا شتاتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ۋاپارىس ئۇنىۋېرسىتېتىدا تونۇشقانىدۇق. مەن ئۇ مەكتەپتە سودا كەسپىدە ئوقۇپ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالدىم، مارى بولسا، پسىخولوگىيە كەسپىدىن ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالدى. تويدىن كېيىن مەن تېزرەك دادا بولۇشقا تەقەززا بولغان بولساممۇ، بالا يۈزى كۆرۈشكە نائىل بولالمىدىم. ئەينى چاغدا ئەر ـ ئايال ئىككىمىز ئۆزىمىز ئاڭلىغان ئوكۇل ـ دورىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ كۆردۇق، ھەتتا ھورمۇن دورىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك سىناق قىلىپ يەپ كۆردۇق، شەرقنىڭ يىڭنە سانجىش ۋە داغلاپ داۋالاش ئۇسۇللىرىنىمۇ سىناق قىلدۇق، ئەمما ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. گەرچە كۆپ قېتىملىق سىناقلىرىمىزنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، مارى پەرزەنتلىك بولۇش ئارزۇسىدىن ۋاز كەچمىدى. جىمجىت كېچىلەردە، مەن دائىم چۈشۈمدىن ئويغىنىپ، يېنىمدىكى مارىنىڭ پەرزەنت كۆرۈش توغرۇلۇق تەگرىگە قىلغان ئىلتىجاسىنى ئاڭلايتتىم.

بىز ئاتا ـ ئانا بولۇش ئارزۇيىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سان ـ ساناقسىز سىناقلارنى ۋە دەرد ـ ئەلەملەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى ئۇخۇشلۇق ھالدا بىر ئوغۇل بوۋاق بېقىۋالدۇق. بىز ئۇنىڭغا يوھان (مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئوخشاش) دەپ ئىسىم قويدۇق. ئۇ بىزنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان «روھىي بايلىق»ىمىز بولۇپ قالدى. كېيىن بىز يوھاننى بېقىۋېلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، مارى ھامىلىدار بولۇپ، بىزنىڭ ئىككىنچى «روھىي بايلىق»ىمىز — سارانى تۇغدى.

يىللار ئۇچقاندەك تېز ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر كىچىك يوھان 14 ياشقا كىرىپ، ئەمدىلا 9 ـ يىللىققا چىقتى. سارا بولسا 7 ـ يىللىقتا ئوقۇۋاتىدۇ. بىز كىچىك يوھاننى بېقىۋالغان

بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ، مارى ئۆزىنىڭ كېسەل كۆرۈش قې-
تىم سانىنى ھەر ھەپتىسىگە بىر كۈندىن قىلىپ ئۆزگەرتتى.
چۈنكى، بىز ئۈنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئائىلە ئايالى بولۇشىنى
بىردىنبىر ۋەزىپە قىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلغانىدۇق. بىر
ھەپتىدە بىر كۈن كېسەل كۆرگەندە، ئانىلىق بۇرچىنى ئۆتەش
مەجبۇرىيىتىدىن ۋاقتىنچە بوشىنىپ، ئازراق ئارام ئېلىۋالالايت-
تى. ئۈنىڭدىن باشقا، بۇ ئۈنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنىڭ ئارقىغا
چېكىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق ئىدى، گەرچە
مۇشۇنداق قىلغان بولساقمۇ، بىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىزدا
ھەر ھالدا ئانچە كۆپ قىيىنچىلىق يۈز بەرمىدى.

بىزنىڭ ئۆي ئايرۇي كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ،
دېتىرىيىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە 30 چاقىرىم كېلەتتى. ئۆيىمىز
ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى پىرىستاندا
30 فۇد ئۇزۇنلۇقتىكى، كەينىگە سۇ تېيىلىش تاختىسى ئورنى-
تىلغان بىر ساياھەت كېمىسى باغلاقلىق تۇرىدۇ. ماشىنا ئىسكى-
لاتىدا ئىككى يېڭى تىپتىكى ماشىنىمىز بار. ھەر يىلى ئاز
دېگەندىمۇ ئىككى قېتىم پۈتۈن ئائىلە بويىچە ساياھەتكە چىقى-
مىز. بىر جۈپ ئەزىز پەرزەنتىمىزنىڭ كەلگۈسىدىكى تەربىيىلى-
نىش ۋە ئەر - ئايال ئىككىمىزنىڭ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن-
كى خىراجىتى ئۈچۈن بانكىغا قەرەللىك ئامانەت قويغان پۇلى-
مىزمۇ بار.

دېمەك، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىدەك، سىرتتىكى
بارلىق ئىشلاردا تولۇق غەلىبە قازاندىم. تۇرمۇشۇم ناھايىتى
كۆڭۈللۈك بولۇپ، قۇسۇر تاپقىلى بولمايتتى.

ئەمما، ئىشلار ھەمىشە كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋەرمەيدۇ ئەل-
ۋەتتە، ئەمەلىيەتتە تۇرمۇشۇمدا كۆڭۈلسىز ئىشلار يۈز بېرىشكە
باشلىدى. ئالدىنقى ئايدا مارى ماڭا ئۆزىنىڭ خېلىدىن بېرى
تۇرمۇشتىن كۆڭلى سۇ ئىچمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، مېنىڭ



www.uyghurkitap.com

چوقۇم بىر ئامال قىلىپ، ئىككىمىزنىڭ ئەر ـ ئاياللىق تۇرمۇ-شىمىزنى ياخشىلىشىمنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. ئۇ يەنە تېخى ماڭا بىز توي قىلغاندىن بېرى، ئۆز «ئېھتىياج» ىنىڭ ھېچقانداق قاندۇرۇلۇپ باقمىغانلىقىنى ئېيتتى. قىسقىسى، ئاڭلىغانلىرىم-نىڭ ھېچقايسىسىغا ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. مەن ئىز-چىل تۇردە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشۇم، بارلىق ئاياللار بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك نەر-سىلەردىن ئۇمۇ مۇستەسنا ئەمەس دەپ قارايتتىم. ئەمما، ئۇنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، مەن تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى زادىلا قاندۇرۇپ باقماپتىمەن. ئۇ زادى مېنى نېمە قىل، دەيدىكىنە؟

بۇنىڭدىن باشقا مېنىڭ بالىلىرىم بىلەن بولغان مۇناسىۋە-تىممۇ دېگەندەك ياخشى بولۇپ كېتەلمىدى. يوھان دائىم ئۆيدە غوۋغا كۆتۈرىدىغان بولۇۋالدى. ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى ئۇ ئويلىمى-غان يەردىن مارىنى «جالاپ» دەپ تىللىدى! ئاچچىقىمغا پايلى-ماي ئۇنى ئۇرۇۋەتكىلى تاس قالدىم ھەم ئۇنى جازالاپ بىر ھەپتە سولاپ قويدۇم. كىچىك يوھاننىڭ نەزىرىدە چوڭلارنى ھۆرمەت-لەش ۋە ئۇلارغا ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلىش مەنىسىز بىر ئىش، ھەتتا ئۇ سول قۇلىقىنى تېشىۋالغانىدى. مارىنىڭ يۈزىنى قىل-مىغان بولسام، ئاللىقاچان ئۇنى ئۆيدىن تېپىپ چىقىرىۋەتكەن بولاتتىم! ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتىمىز ئىنتايىن ئوسال ئەھ-ۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەقەت، ئاندا ـ ساندا تىل ـ ئاھانەت قىلىش ۋە باش لىڭشىتىپ سالاملى-شىپ قويۇشتىن باشقا ئىش قالمىدى.

سارا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىممۇ بارغانچە يىرىكلىشىۋاتى-دۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ بالىلىق ھېسسىياتىمىز ئەزەلدىن قويۇق ئىدى. مەن تېخى ئۇنى سەبىي، رومانتىك، ئوماق قىز دەپ كۆيۈنەتتىم. ئەمما، ئۇمۇ مەندىن يىراقلاشقاندەك تۇرىدۇ. پات ـ پاتلا سەۋەبسىز باتنايدىغان بولۇۋالدى. مارىي دائىم ماڭا

سارا بىلەن ياخشىراق سۆھبەتلىشىم كېرەكلىكى توغرۇلۇق نەسىھەت قىلىدۇ. ئەمما، مەن ۋاقىت چىقىرالمايۋاتىمەن ياكى ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا، مەن روھىمنى ئۇرغۇتۇشقا ئامالسىز قالدىم.

ھەتتا، ئۆزۈم ئەڭ پەخىرلىنىدىغان ئىشلىرىمدىمۇ مەسىلە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. زاۋۇتتىكى ئىشچىلار ئۇيۇلمىغان يەردىن سايلام ئارقىلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللىمەكچى بولۇشتى. شۇ چاغدا كۆپچىلىكنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن كەسكىن بولدى. بەختكە يارىشا، كاپىتال تەرەپ بولغان بىز 50 ئاۋاز بىلەن تەسلىكتە غەلىبىگە ئېرىشىپ، بۇ ئىشنى ئوڭۇشلۇق ھالدا بېسىقتۇرۇۋالدۇق. گەرچە مەن بۇنىڭدىن (بۇ غەلىبىدىن) كۆرەڭلەپ كەتكەن بولساممۇ، خوجايىن بۇنىڭغا ئانچە رازى بولمىدى. ئۇنىڭچە بۇ قېتىمقى سايلام ھەرىكىتى ئەسلىدە يۈز بەرمەسلىكى كېرەك ئىكەن. بۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەب چوقۇم باشقۇرۇشتىكى مەسىلە بولۇپ، بۇ پۈتۈنلەي مېنىڭ سەۋەنلىكىمدىن بولغان ئىش ئىكەن. مەن ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلالمايتتىم. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، بۇ پەقەت بىر ئوچۇم تەييارغا ھەييار ئىشچىلارنى قوزغىتىپ، پەيدا قىلغان ئاۋارىچىلىكلەر بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق ئىدى! ۋەھالەنكى، شىركەتنىڭ ئادەم كۈچى ۋە مەبلەغكە مەسئۇل دىرېكتورى، ھەتتا مېنىڭ رەھبەرلىك ئۇسلۇبۇمدا مەسىلە بارلىقىنى كېسىپ ئېيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاچچىقىم كېلىپ قۇيقا چېچىم تىك تۇردى! بىزنىڭ بۇ دىرېكتورىمىز بولسا پەقەت ھەممىگە ياخشىچاق لىبېرالىست بولۇپ، ھەمىشە دېگەندەك تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ يۈرۈيدىغان غايىسى توغرىسىدىلا سۆزلەپ يۈرۈيدىغان بىر ئايال ئىدى. ئۇ مۇشۇ ھالى بىلەن چولۇ شىركەتنى باشقۇرۇشنى قانچىلىك بىلسۇن دەيسىز! ئۇ پەقەت قۇرۇق نەزەرىيە سۆزلەشنىلا بىلىدۇ. ئەمما،

مەن ئەمەلىيەتكە ئاساسەن ئىش قىلىمەن!
ھەتتا، مەن خالىسانە ترېنېرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستۈمگە ئالغان مەھەللە باللار كالتەك توپ كوماندىسىدىكىلەر مەن ترې- نېر بولۇپ ئالتە يىل ئۆتۈپ، ھالا بۇ كۈنگە كەلگەندە مېنىڭدىن نارازى بولۇپ يۈرۈپتۇ! بىزنىڭ بۇ توپ كوماندىمىز ئۆزلىرى قاتناشقان مۇسابىقىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك يېڭىپ، يەر- لىكتە ياخشى نام چىقارغانىدى. كۈتۈلمىگەندە نۇرغۇن ئائىلە باشلىقلىرى توپ كوماندىسىنىڭ مەسئۇلىغا ئۆز باللىرىنىڭ توپ ئۇرۇشقا ئازراقمۇ رايى يوقلۇقىنى بىلدۈردى! توغرا، ترې- نېرلىق قىلىشتا ئازراق قاتتىق قوللۇق قىلغانلىقىمنى بىلە- مەن، يېڭىش - يېڭىلىشكىمۇ ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارايمەن، ئەمما بۇنىڭ نېمىسى خاتا؟ كوماندىدىكى ئىككى بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى باللىرىنى باشقا كوماندىغا يۆتكەپ كەتمەكچى بولۇپتۇ- دەك! بۇ مېنىڭ قەدىر - قىممىتىمگە نىسبەتەن بېرىلگەن يەنە بىر قېتىملىق چوڭ زەربە ئەمەسمۇ؟
ئىش تېخى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى! مەن ئىلگىرى ئەر- كىن يۈرۈيدىغان، غەم - ئەندىشىسىز، ھېچنېمىنى ئويلىمايدى- غان بىر ئادەم ئىدىم. ئەمما، ھازىر تۇيۇق يولغا كىرىپ قال- دىم. گەرچە يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكتىن غەم قىلمىساممۇ، كۆڭلۈمدە تىت - تىتلىق ۋە ئازاب - ئوقۇبەت ھۆكۈم سۈرمەكتە. تۇرمۇشۇمدىكى بۇ ئىشلار مەندە پەقەت بىر قاتار زېرىكىشلىك كەيپىيات پەيدا قىلدى. مەن ئىنتايىن تېرىك- كەك، ئەمما قورقۇنچاق بولۇپ قالدىم. راستىنى ئېيتقاندا، مەن ھېچكىمنى ياراتمايدىغان، ئۆزۈمنىمۇ ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالدىم.
ئەسلى گەپكە كەلسەك، مەن ئىززىتىمنى ساقلىماي، كى- شىلەرگە ئۆز ھېسسىياتىمنى ئاشكارىلاپ قويغاچقا، پەقەت ئۆ- زۈمنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالداپ ئۆتكۈزىدىغان كۈنلىرىمنى داۋام-

لاشتۇردۇم. ئەمما، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مارىدىن يوشۇر-
غىلى بولمىدى.

مارى ئۆزىنىڭ كۆڭۈلسىزلىكلىرىنى ۋاقتىنچە قايرىپ قو-
يۇپ، مېنى رايونىمىزدىكى بىر باستېرنىڭ ئالدىغا باشلاپ بار-
دى. مەن ئامالسىز ماقۇل بولغان بولساممۇ، ئەمما بۇ ئىشنى
ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەكچى ئىدىم. مېنىڭ ئازراقمۇ
تەقۋادار ئەمەسلىكىمنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. مېنىڭچە، ئەلۋەتتە
چېركاۋنىڭ مۇھىم رولىغا كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ، ئەمما ئەمە-
لىيەتتە، دىنىي جەمئىيەتلەر ھەممىلا يەردە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇ-
شىغا ئارىلاشسا بولمايدۇ.

باستېر ماگا ئۆيدىن يالغۇز بىر نەچچە كۈن ئايرىلىپ،
بىرەر جاينى تېپىپ، كۆڭلۈمنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن،
ئىشنىڭ باش - ئاخىرىنى ئوبدانراق ئويلاپ چىقىشىمنى ئېيتتى.
باستېر ماگا كىشىلەر ئانچە بىلمەيدىغان، كۆلىمى كىچىك،
خىلۋەت بىر جاينى تونۇشتۇردى. بۇ جاي كاتولىك دىنىدا «ساي-
نىت يوھان» دەپ ئاتىلىدىغان بىر موناستىر ئىكەن. بۇ موناس-
تىر مىجىگان كۆلىنىڭ بويىدا بولۇپ، رىلان دېگەن كىچىك
بازارغا يېقىن ئىكەن. باستېر يەنە موناستىردىكى 30 - 40
موناخنىڭ ھەممىسى سايىنت بېنىدىكتىن تۈزگەن بەلگىلىمىلەرگە
رىئايە قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. سايىنت بېنىدىكتىن 6 -
ئەسىردە ئۆتكەن ئىتالىيىلىك بىر موناخ بولۇپ، ئۇ موناستىر-
لارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىشقا كۈچ چىقارغانىكەن.
شۇنىڭدىن كېيىنكى 14 ئەسىردىن بۇيان سايىنت بېنىدىكتىن
چېركاۋدىكى موناخلار ئاۋۋالقىدەكلا تەرتىپلىك تۇرمۇش كەچۈ-
رۈپ كەلگەنلىكتىن، ئاخىرى تىلاۋەت قىلىش، ئەمگەك قىلىش
ۋە ئىستىغپار ئوقۇشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قائىدە شەكىللەنگە-
نىكەن.

ئومۇمەن، مەن بۇ تەكلىپنى بەكمۇ غەلىتە ھېس قىلدىم.

ئۇنى قوبۇل قىلىشىم قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن! ئەمما، ئورنۇمدىن قوزغىلىپ خوشلىشىدىغان چاغدا، باستىر ئۇشتۇمتۇت ئۇ موناستىردىكى بىر ئالاھىدە موناخنى تىلغا ئالدى، ئۇنىڭ ئىسمى لىۋ. خوفمان بولۇپ، «بايلىق» ژۇرنىلىدا تىلغا ئېلىنىغان دۇنيا بويىچە 500 چوڭ كارخانىنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ لىدىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنىكەن. ئۆزۈندىن بېرى مەن لىۋ. خوفماننىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ دېرىكىنى قىلىپ بېقىش ئىستىكىدە بولۇۋاتاتتىم. بۇ خەۋەر دەرھال قىزىقىشىمنى قوزغىدى.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مارىغا باستىرنىڭ تەكلىپىنى ئېيتتىم، ئۇ كۈلۈپ كەتتى ۋە «جون، مەنمۇ سىزگە شۇ تەكلىپنى بەرمەكچى بولۇۋاتاتتىم!» دېدى. ئارقىدىنلا يەنە: «ئالدىنقى ھەپتە مەن تېلېۋىزور ئويېرا رىياسەتچىلىك قىلغان بىر پروگراممىنى كۆردۈم. ئۇ ھازىر نۇرغۇنلىغان سودا ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ ھەممىسى خىلۋەت جايلارنى تېپىپ تەربىيىلىنىپ، كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزغاندىن كېيىن تۇرمۇشتىكى جىددىيلىكنىڭ سەۋەبىنى يېڭىۋاشتىن تەپەككۇر قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇ پروگراممىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، سىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. بۇ سىز ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان نەرسە ئەمەسمۇ؟ قارىغاندا سىز بارمىسىڭىز بولمايدىغاندەك قىلىدۇ!» دېدى.

مارى دائىم مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ غەزىپىمنى قوزغايدۇ! نېمە ئۇ «قىلمىسىڭىز بولماسمىكىن» دېگەن؟ بۇ زادى قانداق ئاقىلانە پىكىر _ ھە!

ئومۇمەن، ئۆزۈن گەپنىڭ قىسقىسىنى ئېيتقاندا، مەن ئاخىرى 10 _ ئاينىڭ بېشىدا ساينىت چون موناستىرىغا بېرىشقا قوشۇلدۇم. چۈنكى، مەن مارىدىن قورقتۇم. ئەگەر مەن بەزى ھەرىكەتلەرنى قوللانمايدىغان بولسام، ئۇ ھەقىقەتەن مېنىڭدىن

ئايرىلىپ كېتىشى مۇمكىن. مارى مېنى ماشىنا بىلەن ئاپىرىپ قويدى. ئالتە سائەتلىك يولدا، مەن زادىلا زۇۋان سۈرمىدىم. غېرىبانە موناستىردا بىر ھەپتە تۇرۇشۇمنى ئويلىسالىلا كەيپىم ئۇچاتتى. مارىنى كۆزدە تۇتمىغان بولسام، ئۆزۈمنى ھەرگىز بۇنداق ئېچىنىشلىق تۇرمۇشنىڭ قۇربانى قىلماس ئىدىم. ئېنىقكى، مېنىڭ كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان كۆڭلۈمدىكى نارازىلىق ۋە ئەلەمنى ئىپادىلەشتىكى قورالىم ئىدى.

بىز قاش قارايغان ۋاقىتتا ساينىت جون موناستىرىغا يېتىپ كەلدۇق. ماشىنا كىچىك بىر چىغىر يولدا ئايلىنىپ، تۆپىلىككە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى ۋە ئاستا - ئاستا كۆل بويىدىن تەخمىنەن بىر قانچە يۈز مېتىر توپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كىچىك بىر مەيدانغا يېتىپ كەلدى. ماشىنا توختاش مەيدانىنىڭ يېنىدىكى موناستىرنىڭ دەرۋازىسىغا قويۇلغان تۇۋۈرۈككە «تىزىملىتىش ئورنى» دېگەن ۋىۋىسكا مىخلانغان تۇراتتى.

ئەتراپتا يەنە نۇرغۇن كىچىك ئۆيلەر تارقاق ئورۇنلاشقانىكەن. بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى نەچچە يۈز فۇت ئېگىزلىكتىكى تىك يارلارغا سېلىنغان بولۇپ، ئۇ ئۆيلەردە تۇرۇپ مىجىگان كۆلىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. بۇ جاينىڭ پۈتكۈل مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەل ئىكەن! ئەمما، بۇنى مارىغا ئېيتمىدىم. خۇدا بىلىدۇ، ئالدىمدا قانداق پالاكەتلەرگە يولۇقىمەن تېخى!

«خوتۇن، ئۆي ۋە باللارنى سىزگە تاپشۇردۇم، — دېدىم مەن ماشىنىنىڭ كەينىدىن يۈك - تاقلىرىمنى ئېلىۋېتىپ، — چارشەنبە كۈنى كەچتە سىزگە تېلېفون بېرىمەن. كىم بىلسۇن، دەرسنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا، پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، سىز ياقتۇرىدىغان يېڭىچە ياخشى ئەرگە ئايلىنىپ، بارلىق ئادەتلىرىمدىن ۋاز كېچىپ، يوپ بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەنمۇ تېخى.

ماريې: «ئوھوي، شۇنداق قىلىشقا چىدارسىزمۇ؟» دېدى

سۆزۈمگە جاۋابەن. ئۇ مېنى قۇچاقلاپ ۋە سۆيۈپ خوشلاشتى. ئارقىدىنلا ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ، بېشىنى ئەسلى كەلگەن يولغا توغرىلاپ گۇگۇمدا غايىب بولدى.

مەن يۈك - تاقلىرىمنى كۆتۈرۈپ تىزىمغا ئالدۇرۇش ئورنىغا قاراپ ماڭدىم. زالغا كىرىپلا، زالنىڭ ئىچىگە پەقەت ئاددىي ئۆي جاھازلىرىنىلا قويۇلغانلىقىنى، ئەتراپىنىڭ ئىنتايىن پاكىز ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئوتتۇرا ياشلىق بىر موناخ تېلېفوندا ئالدىراش سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇ ئۇچىسىغا كەڭ بىر قارا ىمچە كىيىۋالغان بولۇپ، ىمچىسى ئۇنىڭ بوينىدىن تارتىپ تاكى ئوشۇقىغىچە بەدىنىنىڭ ھەممە قىسمىنى يېپىپ تۇراتتى. بېلىنى قارا زۇننار بىلەن باغلىۋالغانىدى.

ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپلا، يېنىمغا كېلىپ مەن بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە:

— مەن پوپ پىيوتىر بولىمەن، بۇ يەردىكى مېھمانخانا ئۆيلەرگە مەن مەسئۇل. ئېھتىمال، سىز يوھان دالليې ئەپەندى بولسىڭىز كېرەك، — دېدى.

— توغرا، مەن يوھان دالليې بولىمەن. پىيوتىر سىز مېنىڭ كىملىكىمنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن. مەن تېخى كىشىلەرنى «پوپ» دەپ ئاتاشقا ئانچە ئادەتلەنمىگەنىدىم.

— مەن سىزنىڭ باستېرىڭىز ئەۋەتكەن ئىلتىماسنى كۆرگەنىدىم، شۇڭا مۇنداقچە دەپ باقتىم، — دېدى.

— بۇ يەرنىڭ مەسئۇلى كىم؟ — دەپ سورىدىم ئىختىيارسىز ھالدا، — مەن ئۇنىڭدىن. چۈنكى، پۈتۈن ئەس - خىيالىم ھېلىقى دىرېكتوردا ئىدى.

— باش موناخ جامىس. ئۇ بىزگە باشلىق بولغىلى 25 يىل بولدى.

— باش موناخ بولغان ئادەم قانداق ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ-

دۇ؟

— باش موناخ بىز كۆپچىلىك سايلاپ چىققان رەھبەر؛ ئۇنىڭ بىزنىڭ بۇ كىچىك كوللېكتىپىمىزدىكى چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە قارار چىقىرىش ھوقۇقى بار. پۇرسەت بولسا، سىز چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشۈپ قويۇڭ!

— پىيوتىر، ئەگەر قولايلىق بولسا، يالغۇز كىشىلىك ياتاقتىن بىر ئېغىزنى ئالاي دەپ ئويلىغانىدىم. چۈنكى، قولۇمدا قىلىدىغان يەنە بەزى ئىشلىرىم بار ئىدى. بەلكىم بوش ۋاقىتلار-دىن پايدىلىنىپ ئىشلىشىم مۇمكىن.

— كەچۈرسىز، يوھان. بىزنىڭ بىنادا پەقەت ئۈچ ئېغىز مېھمانخانا ئۆي بار. ئەمما، بۇ ھەپتىدە جەمئىي ئالتە مېھمان كەلدى. ئۇلارنىڭ ئۈچى ئەر، ئۈچى ئايال. ئۈچ نەپەر ئايال ئەڭ ئازادە 1 - نومۇرلۇق ئۆيدە تۇرىدۇ، بىر نەپەر ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئەپەندى 2 - نومۇرلۇق ئۆيدە ئۆزى يالغۇز تۇرۇشقا تىزىملىتىپ بولدى. شۇڭا، سىز پەقەت 3 - نومۇرلۇق ياتاقتا يەنە بىر نەپەر ئەر بىلەن بىللە تۇرۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. ياتاقداشىڭىزنىڭ ئىسمى لې. بوۋل، ئۇۋېسكونسىن شتاتىنىڭ پىۋاگې دېگەن يېرىدىن كەلگەن بىر باستېر. ئۇ سىزدىن بىر نەچچە سائەت بۇرۇن يېتىپ كېلىپ، ياتاقتا ئورۇنلاشقان بولسا كېرەك. سىزنىڭ يەنە سورايدىغان قانداق سوئالىڭىز بار؟

— كېيىنكى ھەپتىدە قايسى تەزىيە مۇراسىملىرىنى ئو-رۇنلاشتۇردۇڭلار؟ — دەپ سورىدىم. ئەلۋەتتە، سۆزلىرىمدە بىر ئاز مەسخىرىلىك مەنە بار ئىدى.

— ھەر كۈنى بەش ۋاخ ئىبادەت قىلىنىدۇ. بۇندىن باشقا ئەتە ئەتىگەندىن باشلاپ، شەنبە كۈنى ئەتىگەنگىچە، ئۇدا يەتتە كۈننىڭ ھەممىسىدە دەرس ئۆتۈلىدۇ. دەرس ئۆتۈلىدىغان ئورۇن مۇشۇ بىنادا، ۋاقىت چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدىن 11 گىچە، چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدىن تۆتكىچە، ئۇندىن

باشقا چاغلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سەيلە قىلىسىڭىزمۇ، كىتاب ئوقۇسىڭىزمۇ، ئۇستاز بىلەن مۇھاكىمە قىلىسىڭىزمۇ، ئۇخلىسىڭىزمۇ ياكى باشقا ھەرقانداق ئىشنى قىلىسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ. پەقەتلا موناخلارنىڭ ئىشخانىسى ۋە تۇرالغۇ ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىز قارشى ئېلىنمايدۇ، سىزنىڭ يەنە چۈشەنمىگەن مەسىلىلىرىڭىز بارمۇ؟

— مەن بىرنىشقا قىزىقىۋاتىمەن. «موناخ» بىلەن «پوپ» نىڭ زادى قانداق پەرقى بار؟

— «پوپ» مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان چىركاۋ خادىمى، «موناخ» بولسا، بۇنداق ۋەزىپىسى يوق، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىن كەلگەن پۇقرالاردۇر. بىراق، بىز ھەممىمىز ئەمگەك تەقسىم قىلىۋېلىپ، ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرىمىز. بۇ يەردە 33 موناخ بار بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بابباراۋەر ياشايدۇ. بىز قەسەم بېرىپ موناخ بولغاندا، باش موناخ بىزگە يېڭى ئىسىم قويىدۇ. مېنى ئالساق، مەن 40 يىل ئىلگىرى، يېتىم باللار مەكتىپىدىن بۇ يەرگە كېلىپ تەربىيەلەندىم ۋە قەسەم بېرىپ موناخ بولدۇم. شۇندىن كېيىن، مېنىڭ ئىسمىم پىيوتىر دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

كېيىن ئۆزۈمنى باسالماي سوراشقا ئەڭ ئىنتىلىدىغان سوئالىمنى سورىدىم: «خوفمان بىلەن كۆرۈشسەم بولامدۇ؟ ئۇنىڭدىن يۈز تۇرانە مەسلىھەت سوراشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. ئاڭلىشىمچە، ئۇ بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يەرگە كېلىپ، موناستىرىڭلارنىڭ ئەزاسى بولغانىكەن.»

— خوفمان؟ قايسى خوفمان؟ — پېتىرې تورۇسقا قارىغىنىچە غۇدۇراپ سۆزلىدى، ئۇنىڭ كاللىسى قاتتى، — ھە، ئويلاپ تاپتىم! سىزنىڭ كىمنى دېگەنلىكىڭىزنى بىلدىم. ھازىر ئۇنىڭ ئىسمى ئۆزگىرىپ كەتتى. مېنىڭچە، ئۇ سىز بىلەن سۆھبەتلىشىشكە چىن كۆڭلىدىن رازى بولىدۇ. مەن سىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ خەت ساندۇقىغا بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ قويۇشىڭىزغا ياردەم بېرىمەن. بىراق، گېپىمىزگە كەلسەك، ئۇ سىزنىڭ كەلگۈسى بىر ھەپتىلىك رەھبەرلىك قىلىش توغرىسىدىكى دې- سىڭىزنى بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى! ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغان كى- شىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ دەرستىن كۆپ نەپ ئالغانلى- قىنى ھېس قىلىشقان. مېنىڭچە، سىزمۇ چوقۇم شۇنداق تەسى- راتتا بولىسىز. خەيرلىك كەچ، جون، ياخشى ئۇخلاڭ، ئەتە ئەتىگەن سائەت بەش يېرىمدا موناستىردا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىنى- دۇ، ۋاقتىدا كېلىشىڭىز كېرەك.

ــــ ھە، توغرا، يوھان سىزدىن سوراپ باقاي، ــــ دېدى ئۇ ماڭا، مەن بىنانىڭ ئۈستىگە چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ــــ لىۋ. خوفمان ئون يىل ئىلگىرى بۇ يەرگە كەلگەن چاغدا، مۇدىر ئۇنىڭ ئىسمىنى سىمېئون دەپ ئۆزگەرتكەنىدى. پېتېرنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھەيرانۇ ھەس قالدىم. ئالدىراپ ـ تېنەپ پەلەمپەينىڭ دوقمۇشىدا توختاپ، ئىختىيارسىز ھالدا دېرىزىدىن بېشىمنى چىقىرىپ، ساپ ھاۋادىن چوڭقۇر نەپەس ئالدىم. سىرت قاپقاراڭغۇ ۋە تېپتىنچ بولۇپ، مىشگېن كۆلىدىكى سۇ دولقۇنلىرىنىڭ قىرغاققا ئۇرۇلغاندىكى شاۋقۇن ئاۋازلىرىمۇ ئې- نىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. غەرب تەرەپتىن كەلگەن ئۆتكۈچى بو- ران گۇرۇلدەيتتى، كۆل بويىدىكى مەزمۇت دەرەخلەرنىڭ كۆز- لۈك سارغايغان يوپۇرماقلىرى بوراندا چۈشۈپ شارت ـ شارت قىلىپ ئاۋاز چىقىراتتى. كىچىك چاغلىرىمدىن تارتىپ بۇنداق بوران ئاۋازىنى ياخشى كۆرەتتىم. مەن پايانسىز، خىرە كۆلنىڭ ئۈستىدە سوقۇلۇۋاتقان چاقماققا ۋە بوش گۈلدۈرماما ئاۋازىغا مەپتۇن بولدۇم.

كۆڭلۈمنى بىر پەس غەلىتە ھېسسىيات چىرمىۋالدى. ئۇنى تەشۋىش ياكى قورقۇش دېگىلى بولمايتتى. ئەكسىچە، بۇ ئىسمى- نى بىرئاز تونۇش ھېس قىلدىم. «سىمېئون موناخ» دەپ ئويلى-

دىم «بۇ ئاجايىپ بىر ئىشقۇ.»

مەن دېرىزىنى تاقىدىم ۋە پەلەمپەيدىن ئاستا كارىدورغا چىقىپ «3» نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاستاغىنا ئاچتىم.

خىرە چىراغ نۇرى ئۇدۇل چۈشۈۋاتقان بۇ ئىككى كىشىلىك ياتاق ئانچە چوڭ ئەمەس بولۇپ، ئىچىگە ئىككى كارىۋات، ئىككى ئۇستەل ۋە بىر كىچىك ساپا قويۇلغان. ئۇندىن باشقا، ئۆينىڭ ئىچىدە يېرىم قانىتى تاقىۋېتىلگەن قوش قاناتلىق ئىشىك ئورنىتىلغان مۇنچا بار ئىكەن. ياتاقدىشىم، دىنىي تەرغىبات جەمئىيىتىنىڭ باستېرى دېرىزە تۈۋىدىكى كارىۋاتتا ئاللىقاچان ئۇيقۇغا غەرق بولغان بولۇپ، بىلىنەر - بىلىنمەس خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مەن توساتتىن قاتتىق چارچىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم - دە، كىيىم - كېچەكلىرىمنى سېلىۋېتىپ، ئۇخلاش كىيىمنى ئالماشتۇردۇم ۋە سائەتنىڭ قوڭغۇرىقىنى توغرىلاپ قويۇپ، ئىسسىق يوتقاننىڭ ئىچىگە كىردىم. مەن بىر كۈن قىينىلىپ ھالىمدىن كەتكەچكە، ئەتە ئەتىگەن سائەت بەش يېرىمدىكى ئىبادەتكە ئۈلگۈرەلمەي قېلىشىمدىن ھەقىقەتەن ئەنسىرەپ قالدىم. بىراق، ھەر ئېھتىمالغا قارشى سائەتنىڭ قوڭغۇرىقىنى تەڭشەپ قويدۇم.

بېشىمنى ياستۇققا قويۇپ، ئۇخلاشقا تەييارلانغان بولسامۇ، ئەمما خىيالىم دېڭىز دولقۇنىدەك ئۆركەشلىمەكتە ئىدى. «سىمېئوننى تاپ! سىمېئوننى تاپ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئال!» سىمېئون موناخ؟ مەن ئۇنى تاپتىممۇ؟ بۇ ئىش نېمىشقا بۇنداق توغرا كېلىپ قالدۇ؟ مەن نېمىشقا بۇ ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالىمەن؟ سىز بارسىڭىز بولمايدۇ! بىر كۈندە بەش قېتىم ئىبادەت؟ مەن بۇرۇن موناستىرغا بىر ئايدا ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئىككى قېتىم باراتتىم! كېيىنكى بۇ ھەپتىنى قانداق ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك؟ ماڭا ئارام بەرمەيدىغان ھېلىقى قاباھەتلىك چۈش… سىمېئوننىڭ

www.uyghurkitap.com

چىراي - تۇرقى زادى قانداقتۇ؟ ئۇ بىزگە نېمىلەرنى ئېيتىپ بېرەر؟ مەن نېمىشقا بۇ يەرگە كەلدىم؟ «سىمپىئوننى تاپ! ئۇنىڭ تەلىمىنى ئال!»

ئارقىدىن تۇرمۇشتىكى ئىشلار كاللامدىن غايىب بولدى… ئۇندىن كېيىن سائىتىمنىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى.

# بىرىنچى كۈنى

نوپۇز - ئىناۋەت: قالايمىقانچىلىق

رەھبەر بىلەن ساھىبجامال پەرقلەنمەيدۇ، ئەگەر سىز دائىم ئۆزىڭىزنىڭ خاراكتېرىنى باشقىلارغا بىلدۈرمەكچى بولسىڭىز، دەل ئۇنىڭ ئەكس تەرىپىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىڭ!

— ماگرارىت. ساچېر (ئەنگلىيىنىڭ سابىق باش ۋەزىرى)

— ياخشى چۈش كۆرۈپسىزمۇ؟

سائەتنىڭ قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلاشتىن توختىتىپ بولغۇچە، ياتاقدىشىم كارىۋاتتا ياتقىنىچە ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ماڭا سالام قىلدى.

«مېنىڭ ئىسمىم لي، گارسىن شتاتىدىن كەلدىم. سىزنىڭ مۇبارەك ئىسمىڭىزنى نېمە دەپ چاقىرساق بولىدىكىن؟

— مېنىڭ ئىسمىم يوھان، داللېي، مۇشۇ شتاتتا تۇرىمەن، سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن خۇشالمەن، لي.

— ئىبادەتكە كېچىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن، بىز دەرھال ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىمىزنى يۇيۇشىمىز كېرەك.

— سىز مېڭىپ تۇرۇڭ. مەن يەنە بىردەم يېتىۋالاي، — دېدىم. مەن قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ.

— ئىختىيارىڭىز، بۇرادەر، — لي بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا يۇيۇنۇپ - تارىنىپ كىيىنىپ چىقىپ كەتتى.

مەن ئۆرۈلۈپ بېشىمنى ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقتىم، ئەمما، راست گەپ قىلىدىغان بولسام، بۇ چاغدا ئاللىقاچان ئويغىنىپ كەتكەن بولۇپ، كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن بىر خىل جىنايەت تۇيغۇسى تەبىئىي ئۇرغۇپ چىقىۋاتاتتى. ئاخىرى مەن

بۇ خىل تۈيغۇغا بويسۇنۇپ، دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم ــ دە، يۇيۇنۇپ بولۇپ كىيىملىرىمنى كىيىپ ئالدىراش ئۆيدىن چىقىپ، ئىبادەتكە يول ئالدىم. بۇ چاغدا ئەتراپ قاپقاراڭغۇ بولۇپ، يەر يۈزى ھۆل ئىدى. ئېھتىيال يېرىم كېچە قاتتىق يامغۇر ياغقان بولسا كېرەك.

ئەتىگەنلىك شەپەق نۇرىدا مەن كىچىك موناستىرغا قاراپ كېتىۋېتىپ ئۈچلۈق موناستىر مۇنارىنىڭ غۇۋا مەنزىرىسىنى كۆردۈم. موناستىرغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، سىرتىدىن قارىغاندا ناھايىتى كونا كۆرۈنىدىغان بۇ ئالتە بۇلۇڭلۇق ياغاچ ئىمارەتنىڭ ئىنتايىن ياخشى ئاسرالغانلىقىنى بايقىدىم. تامدا رەڭلىك ئەينەكلىك دېرىزە بار بولۇپ، ئەينەكتە ھەرخىل ۋەقەلەر نەپىس قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئالدى تەرەپتىكى تام يۇقىرىغا قاراپ ئېگىزلىتىلىپ، ئەڭ ئېگىز ئورنىدا تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئۈچلۈق مۇنار شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن، پەقەت سۈپەتلىك تۇرۇسلا چوڭ موناستىرلارنىڭ تۇرۇسىغا ئوخشايدۇ. مۇقەددەس روھ سۈپىسىغا نەچچە يۈز شام يېقىلغان بولۇپ، تام ۋە رەڭلىك ئەينەكلىك دېرىزىلەردە خۇددى كالېيدوسكوپتىكى نەقىشلەردەك، ئاجايىپ گۈزەل، كۆپ خىل ئۆزگىرىشچان شولىلار ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. دەل موناستىر دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئاددىي تەزىيە سۈپىسىغا پەقەت بىر كىچىك ياغاچ ئۈستەل قويۇلغان بولۇپ، ئۈستەل ئۈستىگە مىسا قىلىدىغان ۋاقىتتا ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل مۇقەددەس دىنىي جابدۇقلار قويۇپ تولدۇرۇۋېتىلگەنىدى. تەزىيە سۈپىسىنىڭ ئالدىغا يېرىم چەمبەر شەكىللەندۈرۈپ ئۈچ رەت ئورۇندۇق تىزىپ قويۇلغان، ھەر بىر رەتتە 11 ياغاچ ئورۇندۇق بولۇپ، قارىماققا موناستىردىكى 33 نەپەر موناخقا تەييارلانغاندەك قىلاتتى. پەقەت بىرلا ئورۇندۇقنىڭ تايانغۇچىسى بار بولۇپ، ئورۇندۇق ئۈستىگە ناھايىتى چوڭ بىر كرېست بەلگىسى ئويۇلغان، بۇ ئېھتىمال باش موناخنىڭ

ئورنى بولسا كېرەك. نەزىر سۇپىسىغا يېقىن بىر تامنىڭ ئالدىغا ئالتە دانە قاتلىما ئورۇندۇق تىزىپ قويۇلغان بولۇپ، بۇلار مۇشۇ قارارلىق ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تەييارلانغان بولۇشى مۇمكىن. پەقەت ئۈچ ئورۇندۇق بوش ئىكەن. مەن يەڭگىل، تېز قەدەملەر بىلەن بېرىپ، بىر ئورۇندۇقنى تاللاپ ئولتۇردۇم.

سائەت بەشتىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە، 39 ئورۇندۇقنىڭ يېرىمىگە كىشىلەر كېلىپ ئولتۇرۇپ بولدى. كۆپچىلىك ئۈنتىنسىز ھالدا موناستىرغا كىرىپ، ئورۇندۇق تېپىپ ئولتۇرۇشنى داۋاملاشتۇراتتى. پۈتۈن موناستىر ئىچىدە پەقەت كەينى تەرەپتىكى بۇلۇڭغا قويۇلغان چوڭ سائەتنىڭ تەرتىپلىك تاكىلدىغان ئاۋازىلا چىقاتتى. كۇرسانتلارغا كەلسەك، بىز ھەممىمىز ئازادە كىيىملەرنى كىيىۋالغانىدۇق. سائەت بەشتىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ھەممە ئورۇنلار تولۇپ كەتتى.

بىردىنلا كەينى تەرەپتىكى چوڭ سائەت ۋاقىت توشقانلىقىدىن سىگنال بەرگەندە، موناخلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇلار ئىنگلىزچە ئىبادەت قىلدى. ھەممىمىزدە بىر پارچىدىن يازما ماتېرىيال بولغاچقا، بىزنىڭ ئەگىشىپ ئوقۇشىمىزغا قۇلايلىق ئىدى. ئەمما، مەن بۇ گۈزەل تىلەككە يېتەلمىدىم. مەن بىردەمدىلا ئۇلارغا يېتىشەلمەي قالدىم. قايسى چاغدا ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇلىدىغانلىقىنى، قايسى چاغدا چېركاۋ خورى ئېيتىلىدىغانلىقىنى، قايسى چاغدا كوللېكتىپ ئوقۇلىدىغانلىقى ۋە قايسى چاغدا قوش كىشىلىك ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئىبادەت قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، بىراقلا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئوقۇغانلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاشقا مەجبۇر بولدۇم.

يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى، ئۆز رايونىمىزدىكى باستېر ماگا بۇ يەردىكى موناخلار يەنىلا نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىكى

كرىگورىيان ئەنئەنىۋى مۇراسىمىغا رىئايە قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى-
نى ئېيتقانلىقى ئېسىمدە. تەخمىنەن بىر يىل ئىلگىرى بولسا
كېرەك، مارى ئىسپانىيىلىك موناخلار ئېشىلىكەن ناھايىتى بازار-
رى ئىتتىك بىر مۇقەددەس مۇزىكا CD پلاستىنكىسىنى سېتىۋ-
ۋالغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا مەن بۇ پلاستىنكىنى تىڭشاشنى ناھا-
يىتى ياخشى كۆرەتتىم. بۇ يەردە ئوقۇلۇۋاتقانلار CD
پلاستىنكىسىدىكى بىلەن ناھايىتى ئوخشاش بولۇپ، ئوخشىمايدى-
غىنى پەقەتلا ئىنگلىزچە تاۋۇشتىن ئىبارەت.

بىر توپ ياشراق موناخ ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇشقا مەسئۇل
بولۇپ، قالغانلار ئۆز ئالدىغا ئىبادەت قىلدى. مۇراسىم ئىنتا-
يىن مۇرەككەپ بولۇپ، ھېچكىم ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولماي،
پەقەتلا ئەستە تۇتۇشتىكى ئەۋزەللىككە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلدى.
بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ.

مۇراسىم 20 مىنۇتتەك داۋاملىشىپلا باشلانغان چاغدىكى-
دەك ئۇشتۇمتۇت ئاخىرلاشتى. تالىپلار مۇدىرنىڭ كەينىگە بىر
رەت بولۇپ تىزىلىپ، موناستىرنىڭ كەينى تەرەپتىن بىر -
بىرلەپ ئايرىلدى. مەن چىقىپ كېتىۋاتقان قوشۇنغا تىكىلىپ
قاراپ، خوفماننى ئىزدەپ تېپىشقا ئۇرۇندۇم. ئۇ زادى قايسىسى؟

ئىبادەت ئاخىرلىشىشى بىلەنلا، مەن تاقەتسىزلىك بىلەن
موناستىرنىڭ يېنىدىكى كۇتۇپخانىغا بېرىپ ئىنتېرنېت تورى
ئارقىلىق خوفمان توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى ئىزدىمەكچى بول-
دۇم. بىر نەپەر ياشانغان موناخ ئىنتېرنېت تورىدىن قانداق
پايدىلىنىش توغرۇلۇق ماڭا كۆڭۈل قويۇپ يېتەكچىلىك قىلدى.

كۇتۇلمىگەندە خوفمان بىلەن ئالاقىدار تور ئادرېسلا مىڭ-
خىلدىن ئارتۇق بولۇپ چىقتى! مەن بىر سائەتتىن ئارتۇق ئىن-
چىكە كۆزىتىش ئارقىلىق ئاخىرى، ئون يىل ئىلگىرى «باي-
لىق» تا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە دوكلاتنى تېپىپ، خۇددى
گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ، دەرھال ئوقۇشقا باشلىدىم.

دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، لىۋ. خوفمان 1941 - يىلى لاكى شتاتلىق ئىنستىتۇتنىڭ سودا كەسپىنى پۈتتۈرگەن، ئۇزۇن ئۆتمەي پېيورىل خاربور ۋەقەسى پارتلاپ، خوفمان ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پىداكار باللار پارتىيىسىنى بەربات قىلغان. بۇ ئىشتىن ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان خوفمان قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ھەربىي سەپكە قاتنىشىدۇ. ئۇ دېڭىز ئارمىيىسىگە كىرىپ، ھەربىي ئەمەلدارلىق سالاھىيىتى بىلەن ناھايىتى تېز ئۆسۈپ، ئاخىرى تورپېدا ترالنىڭ كاپىتانلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىپ، فىلىپپىن دېڭىز ساھىلىدىكى چوڭ - كىچىك ئاراللارنى چارلاشقا مەسئۇل بولىدۇ. بىر قېتىم ئۇ ياپونىيە ئارمىيىسىدىن ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەرنى يالاپ ئېلىپ مېڭىشقا ئەۋەتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ نەپەر ئوفىتسېر بار بولۇپ، بۇ كىشىلەر ئۇ چارلاۋاتقان ئارالدا بىز تەرەپ بىلەن بولغان شىددەتلىك جەڭدە تەسلىم بولغانىكەن. خوفمان تاپشۇرۇۋالغان بۇيرۇقتا بۇ ياپون ئوفىتسېرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ كىيىملىرىنى تولۇق سالدۇرۇپ، بىرىنىمۇ قالدۇرماي رەتلىك تىزىپ، ئورمانلىقتىن ئۆتكۈزۈپ، قوللىرىغا كويزا سېلىپ، ئۇلارنى تورپېدا ترالى ئارقىلىق قىرغاقتىن بىرنەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى قوغلىغۇچى پاراخوتقا ئېلىپ بېرىپ قاماپ قويۇش تەلەپ قىلىنغان. ئەمما، ئۇ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ پېيورىل خاربور ئارىلى ۋەقەسىدە قۇربان بولغانلىقلىقىغا قارىماي، بۇ پۇرسەتنى غەنىيەت بىلىپ، ھۆكۈمەت ئىشىدىن پايدىلىنىپ، شەخسىي ئۆچ ئالمىغان. ئۇ بۇ ئەسىرلەرنىڭ كىيىملىرىنى شەرمەندىلەرچە تولۇق سالدۇرۇۋەتمەي، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ بىرنەپەر ئوفىتسېرىنىڭ ئات مىنىپ يول باشلىشىغا، قالغانلىرىنىڭ كىيىملىرىنى سالماي، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىززىتىنى ساقلىغان ھالەتتە ئورمانلىقتىن چىقىشقا رۇخسەت قىلغان.

بۇنداق شاپائەتلىك ھەرىكەت يۇقىرىنىڭ تاپشۇرۇقىغا خىلاپ

www.uyghurkitap.com

بولغاچقا، خوفمانغا بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىكلەرنى ئېلىپ كەل-
گەن. ھېلىمۇ ياخشى بۇ ۋەقە ئۇزۇنغا بارمايلا تىنچىپ قالغان.
سىرتقى دۇنيانىڭ گۇمانلىق سوراقلىرىغا نىسبەتەن خوفمان پار-
ۋاسىزلارچە «ئۆزۈڭ خالىمىغاننى خەققە تاڭما» دەيدۇ. شۇندىن
كېيىن ئۇ بىراقلا يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشىدۇ. ئۇرۇش ئاخىر-
لاشقاندىن كېيىن، ئەڭ يۇقىرى شەرەپ ئوردىنىغا ئېرىشىپ،
ھەربىي سەپتىن چېكىنىدۇ.

دوكلاتنىڭ داۋامىدا كۆرسىتىلىشىچە، ھەربىي سەپتىن چې-
كىنگەندىن كېيىن، ئۇ سودا ساھەسىگە كىرىدۇ. خوفمان داڭ-
لىق ھەم ھۆرمەتكە سازاۋەر كارخانىچىغا ئايلانغان. ئۇنىڭ ئۆز-
گىچە رەھبەرلىك قىلىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى سودا
ساھەسىدىكى زاتلار تا ھازىرغىچە زوقلىنىپ سۆزلەشمەكتە. ئۇ
يەنە مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ ماھىرى بولۇپ،
ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر نەچچە كارخانىنى
قۇتقۇزۇۋالغان. ئۇلارنىڭ زىيان تارتىش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەر-
تىپ، بىر سەكرەپلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۇلگىسىگە ئايلان-
غان! ئۇ يېخى بازىرى ئىتتىك كىتاب يازغۇچىسى بولۇپ، 100
بەتتەك كېلىدىغان «ئۇلۇغ ھەقىقەت: رەھبەرلىك ــ تۆھپىدىن
باشلىنىدۇ» دېگەن كىتابنى يازغان. بۇ كىتاب «نيۇ يورك
ۋاقىت گېزىتى» نىڭ بازىرى ئىتتىك كىتابلار تاختىسىنىڭ ئال-
دىنقى 50 كىتابنىڭ ئىچىدە ئۈچ يىلدىن ئۇزۇن تۇرغان. يېخى
«بۈگۈنكى ئامېرىكا» نىڭ سودا ساھەسىدىكى بازىرى ئىتتىك
كىتابلار تاختىسىدا ئالدىنقى ئون كىتابنىڭ ئىچىدىن ئۇدا بەش
يىل ئورۇن ئالغان!

خوفمان ئەينى ۋاقىتتا ھەممە يەردە خەۋپلىك ئەھۋالدا قې-
لىپ، گۇمران بولۇش ئالدىدا تۇرغان چوڭ كارخانا ــ ئامېرىكا
شەرقىي ـ جەنۇب ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدە تاغدەك نەتىجە يارات-
قان. ئەينى ۋاقىتتىكى شەرقىي ـ جەنۇب ئاۋىئاتسىيە شىركىتىد-

نىڭ يىللىق تىجارەت سوممىسى بەش مىليارد ئامېرىكا دوللىرى- غا يەتسىمۇ، ئەمما ئىشچىلارنىڭ مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى نا- چار، مۇلازىمەت سۈپىتى ۋە جەڭگىۋارلىق روھى تۆۋەن بولغاچ- قا، بالدۇرلا ئاۋىئاتسىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدى- غان كۆلكە ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. ئىقتىسادىي پەن مۇتەخەس- سىسلىرىنىڭ نەزىرىدە بۇنداق قالايمىقانچىلىقنى قەتئىي ئوڭشىغ- غىلى بولمايتتى. خوفمان باش ئىش بېجىرگۈچى ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئىلگىرى، شەرقىي - جەنۇب ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بەش يىل ئىچىدە تارتقان زىيىنى ئالاللىقا- چان بىر مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن.

ئانچە ئېنىق بولمىغان بىر باياناتتا ئېيتىلىشىچە، خوفمان ئۈچ يىل ئىچىدىلا شەرقىي - جەنۇب ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتكەن. مەيلى خېرىدارلارنى رازى قىلىش جە- ھەتتە بولسۇن، مەيلى نۆۋەتچى ئايروپىلاننىڭ مەنزىلىگە ۋاقتىدا يېتىپ بېرىش جەھەتتە بولسۇن، ھەممىسىدە ئىلگىرىلەش بو- لۇپ، شىركەتنىڭ مالىيىسى ئىزىغا سېلىنغان ۋە ھەرخىل كۆر- سەتكۈچلەر كەسىپداشلىرى ئارىسىدا كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان دەرىجىدە ئۆتكەن.

دوكلاتتا يەنە خوفماننىڭ قول ئاستىدىكىلىرى، سودا شې- رىكلىرى، ھەربىي سەپتىكى خىزمەتداشلىرى ۋە يېقىن دوستلى- رىدىن بولۇپ، بىرنەچچە كىشى زىيارەت قىلىنغان. بەزىلەر ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت ۋە چوقۇنۇش ھېسسىياتىنى قىلپە يو- شۇرمىغان؛ بەزىلەر ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن تەڭداشسىز ئەقىل - پاراسەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ئەمما بۇ دىنىي تۇس ئالمى- غان دەپ قارىغان، بەزىلەر ھەتتا ئۇنىڭ پەزىلىتى گۈزەللىكتە دۇنيادا تەڭدىشى يوق دەپ قارىغان! بارلىق زىيارەت قىلغۇچىلار- نىڭ ھەممىسى ئۇ بىر شادلىققا تولغان ئادەم ئىكەن دېگەن. «بايلىق» نىڭ مۇخبىرلىرىمۇ خوفمان «گۈزەل تۇرمۇشنىڭ سى-

رىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ يەتكەن» ، لېكىن ئەپسۇس-
لىنارلىقى، ئۇ بۇلارنى يەنىمۇ بىر قەدەر ئىلگىرىلىگەن ھالدا
يېزىشتا ئىپادىلىمىگەن دېگەن.

مەن ئىنتېرنېت توربېتىدىن تاپقان ئەڭ ئاخىرقى دوكلاتمۇ ئوخشاشلا 1989 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا «بايلىق» قا بېسىلغان. دوكلاتتا 60 ياشتىن ئاشقان خوفماننىڭ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى چەككە يەتكەنلىكى، ئەمما ئۇ ۋەزىپىدىن ئىستېپا بېرىپ، ئۇن ـ تىنسىز جىمىپ كەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ توي قىلغىلى 40 يىل بولغان ئايالى مېڭە ئۆسمىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئۇ ۋەزىپىدىن ئىستېپا بېرىشتىن بىر يىل ئىلگىرى پانىي دۇنيادىن ئايرىلغان. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىشنى خوفماننىڭ ھەممىدىن ۋاز كېچىشىدىكى سەۋەب دەپ پەرەز قىلىشىدىكەن. دوكلاتنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، خوفماننىڭ قەيەرگە بېرىپ، قەيەردە تۇرۇشى ۋە نېمە قىلىشى بىر تېپىشماققا ئايلانغان. ئەمما، ئۇنىڭ مەلۇم دىنىي مەزھەبكە قاتناشقانلىقى توغرۇلۇق يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر تارقالغان. خوفماننىڭ بەش بالىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى توي قىلغان ھەم پەرزەنتلىك بولغان. ئۇلار خوفماننىڭ تۇرار جايىنى قەتئىي ئاشكارىلىمايدىكەن. پەقەت ئۇنىڭ ناھايىتى سالامەت ئىكەنلىكى ۋە ئىنتايىن كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقى، ئەمما باشقىلارنىڭ ئاۋارە قىلىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتىدىكەن.

ئەتىگەن سائەت يەتتە يېرىمدىكى مىسادىن كېيىن، مەن تۇساتتىن ئۆزۈمنىڭ مۇزلاۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىپ، ئەتىگەننىڭ تاماقتىن ئىلگىرى، ياتاقتا بېرىپ پوپايكامنى كىيىۋالماقچى بولدۇم. ياتاقتا كىرىپلا، مۇنچىدىن چىقىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال: «لي، سىزما، نېمە بولدى؟» دەپ ۋاقىرىدىم.

— مەن لي ئەمەس، — مۇنچىدىكى ئادەم جاۋاب بەردى،

— مەن سۇ ئېقىپ قالغان تەرەت قاچىسىنى رېمونت قىلغىلى كەلگەن.

مەن مۇنچىغا بېشىمنى تىقىپ، ئۇچىسىغا قارا ئىمچا كىيە-ۋالغان بىر موناخىنىڭ يەردە يېتىۋېلىپ، تەرەت قاچىسىنىڭ سۇ تۇرۇبىسىنىڭ جۇمىكىنى كۇلۇچ بىلەن كۇچەپ چىڭىتىۋاتقانلى-قىنى كۆردۇم. ئۇ ئىشىنى تۈگىتىپ، ئورنىدىن ئاستا تۇردى. مەن بۇ چاغدا ئۇنىڭ مېنىڭدىن 3 ~ 4 ئىلىك ئېگىز ئىكەنلىك-نى بايقىدىم ئەمما، مەن ئالتە فوت كېلىمەن. ئۇ ياغلىق بىلەن قولىنى سۈرتۈۋېتىپ مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى:

— ياخشىمۇ سىز، مەن سىمپسون بولىمەن، سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن، يوھان.

مەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىمدىكى سىماسى بىلەن ئىنتېرنىت توردا كۆرگەن سۈرىتىنى سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. ئۇ خېلى ياشىنىپ قالغان بولۇپ، يۈزىدە ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ ئىزنالىرى قالغان، ياڭاق سۆڭىكى تومپىيىپ چىقىپ تۇرغان. ئېڭىكى ئۇزۇن ساڭگىلىغان، قاڭشىرى ئىنتايىن تۈز كەلگەن، چاچلى-رى ئاق ۋە تەكشى ئىدى. ئۇنىڭ بەدەن ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى، مەڭزى قىپقىزىل، تېنى ياداڭغۇ ۋە ساغلام ئىدى. ئەمما، مېنى ئەڭ جەلپ قىلغىنى يەنىلا ئۇنىڭ بىر جۈپ بۇلاق-تەك ئويناق كۆزلىرى بولدى، دېڭىز سۈيىدەك كۆك ۋە سۈزۈك كۆزلىرىدىن گوياكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى تولۇق چۈشىنەلەي-دىغاندەك، چەكسىز غەمخورلۇق ئۇرغۇپ تۇراتتى. بۇ مەن كۆر-گەن ئەڭ گۈزەل كۆز، ئىنتايىن ئەپسۇس، سىمپسون ھەم ياش، ھەم قېرى كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلار، بېشىدىكى ئاق كىرگەن چاچلار قېرىلىقتىن دېرەك بەرسە، ئەمما ئۇنىڭ پارقىراق كۆزلىرى، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان چېچەن-لىكى ۋە سالاپىتى بالىلارنى ئەسلىتەتتى.

ئۇنىڭ چوڭ ۋە كۈچلۈك بارماقلىرى ئارىسىدا مېنىڭ قو-

لۈمىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئورۇق ۋە كىچىكلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئوڭايسىزلىنىپ، يەردىن باشقا تەرەپكە قارىيالمىدىم. بارىكاللا! ئىلگىرى روناق تاپقاندا يىللىق كىرىمى سەككىز خانىلىق رەقەمدىن ئېشىپ كەتكەن رەھىمسىز بازاردىكى سودا پېشىۋاسىنىڭ كۆز ئالدىمدا پېقىردەك ئەرزىمەس بىر ئادەمنىڭ تەرەت قاچىسىنى رېمونت قىلدى!

— ياخشى… ياخشىمۇ سىز… مەن يوھان. داللىپي بولىمەن … مۇبارەك نامىڭىزنى ئۆزۈڭدىن بىرى ئاڭلاپ كېلىۋىدىم، — دېدىم مەن دۇدۇقلاپ.

— ۋۇي، سىز يوھان ئىكەنسىز - دە، پېيوتىر پوپ سىزنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتقانىدى …

— ھە… ئە، ئەگەر ۋاقتىڭىز بولسا، مېنىڭچە سىز چوقۇم ئالدىراش… ئۇ ماڭا قاراپ سەمىمىيلىك بىلەن سورىدى:

— ئۇنداقتا قايسى ۋاقىتتا كۆرۈشسەك، سىزگە قولايلىق بولىدۇ؟ ياكى سىز…

— مەن سىزگە ئاۋارىچىلىك كەلتۈرمەسلىكنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەمما، مەن بۇ يەردىكى ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ، ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك تاماق ياكى باشقا پائالىيەتلەردە بىللە بولۇشنەك ئۇسۇللار ئارقىلىق سىز بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇشنى چىن كۆڭلۈمدىن ئارزۇ قىلىمەن. سىزدىن يوشۇرمايمەن، يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى، تۇرمۇشۇم قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىدۇ، بىرەر كىشىنىڭ سەمىمىي مەسلىھەت بېرىشىگە موھتاج بولۇۋاتىمەن. مەن قاباھەتلىك، غەلىتە چۈش كۆرگەنىدىم، يەنە ئاجايىپ توغرا كېلىپ قالىدىغان ئىشلار بار. سىز بىلەن سۆھبەتلىشىپ بېقىشنى چىن كۆڭلۈمدىن ئارزۇ قىلىمەن.

ئويلىمىغان يەردىن، بۇ سۆزلەرنى بىراقلا ئېيتىۋەتتىم! ئەزەلدىن ئۆزۈمنى سالاپەتلىك ۋە تەمكىن تۇتىدىغان ئادەم باشقى-

لارغا دەردىمنى تۆكتۈم، يەنە سەممىي مەسلىھەت سورىدىم!
ئەجىبا، مەن ئەس - ھوشۇمنى يوقاتتىممۇ ياكى سىمېئون ھەقىدە.
قەتەن قالتىسمۇ؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئىدىيەمدىكى
مۇداپىئە سېپىم يېرىم مىنۇت ئىچىدىلا، تەلتۆكۈس بەربات بولـ.
دى.
— مەن ئامال قىلىپ باقاي يوھان. مېنىڭچە سىز موناخـ.
لارنىڭ ئۆز تۇرالغۇسىدا بىرلىكتە تاماق يېيىش كېرەكلىكىنى
بىلىسىز... مەن ئاۋۋال باش موناختىن بىز بىللە تاماق يېسەك
بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا يولىيورۇق سورىشىم
كېرەك. بىراق، بىزنىڭ باشلىقىمىز جامېس موناخ ئادەتتە
بۇنداق تەلەپلەرگە باشقىچە پىكرى يوق. مۇدىر قوشۇلۇشتىن
ئىلگىرى، بىز ئەتىگەن سائەت بەشتە موناستىردا كۆرۈشۈپ،
ئىبادەت باشلىنىشتىن ئىلگىرى سۆھبەتلەشسەك بولىدۇ...
— بۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن ياخشى بولدى! — دېدىم مەن
گەرچە، كۆڭلۈمدە بۇ ۋاقىت بەك ئەتىگەن دەپ ئارىسالدى بولـ.
سامىمۇ، ھاياجىنىمنى باسالماي، بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ گېپىنى
بۆلۈۋەتتىم.
— بىراق، مەن ھازىر دەرھال تەرەت قاچىسىنى رېمونت
قىلىشىم كېرەك، بولمىسا ئەتىگەنلىك تاماققا ئۇلگۇرەلمەي قاـ.
لىمەن. سائەت توققۇزدا سىنىپتا كۆرۈشەيلى.
— ئۇنداق بولسا، شۇ چاغدا كۆرۈشەيلى، سىمېئون، —
دېدىم - دە، سەنتۇرۇلۇپ ماڭغان پېتى مۇنچىدىن چىقىپ،
پوپايكامنى ئېلىپلا، ئالدىراپ - تېنەپ ئەتىگەنلىك تاماققا يۈرۈپ
كەتتىم. مەن خۇشاللىقىمدىن ئازراق ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم.
مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنكى بىرىنچى يەكشەنبە كۈنى
سەھەردە، مۇددەتتىن بەش مىنۇت بۇرۇن سىنىپقا كىردىم.
سىنىپ ئوتتۇراھال چوڭلۇقتا بولۇپ، ھەم زامانىۋى، ھەم ئازاـ.
دە كۆرۈنەتتى. سىنىپنىڭ ئىچىگە ئىككى تامنى بويلاپ، نەپىس

ئىشلەنگەن كىتاب جازىلىرى تىزىلغان بولۇپ، قارىماققا مەشھۇر قول ھۈنەرۋەنلەر ياسىغاندەك قىلاتتى، سىمپئون دەل ئىشتىگەن كۆلىگە قاراپ تۇراتتى. بىر تەرەپتىكى تامغا تاممەش ئورنىتىلغان بولۇپ، ئىچىدە كۆيۈۋاتقان ئوتتىن ئاق قېيىن دەرىخىنىڭ تەبىئىي خۇش پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. ھارارەتنى ساقلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، سىنىپنىڭ ئىچىدىكى پولغا سېلىنغان گىلەم قارىماققا ئەرزان مالدەك كۆرۈنسىمۇ ئەمما، ئۇ ناھايىتى ياخشى ئاسرالغان. سىنىپنىڭ ئىچىدە يەنە كونا، ئەمما ئازادە ئىككى ساپا، بىر يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق، چەمبەر شەكلىدە تىزىلغان بىرنەچچە ياغاچ ئورۇندۇق (ھېلىمۇ ياخشى ھەممە ئورۇندۇقلارنىڭ ئۈستىگە كۆرپىچەك سېلىپ قويۇلغان، بولمىسا ئولتۇرغاندا كاسا بەك ئاغرىپ كېتىدۇ) بار ئىكەن.

سىنىپقا كىرىپلا ئۇستاز سىمپئوننىڭ دېرىزە تەكچىسىگە تايىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ دېرىزىدىن كۆل يۈزىگە نەزەر سالغان ھالدا بىر ھازاغىچە چوڭقۇر خىيال سۈردى. باشقا بەش نەپەر ئوقۇغۇچىمۇ ئورۇن ئېلىپ بولۇشقا، مەنمۇ دەرھال ياتاقدىشىم لېنىڭ يېنىدىكى ساپاغا بېرىپ ئولتۇردۇم. كەينىدىنلا قولۇمدىكى سائەت تىت - تىت قىلىپ ئاۋاز چىقىرىشقا باشلىدى. بۇلۇڭدىكى چوڭ سائەتمۇ توققۇز قېتىم ياڭراق ئاۋازدا چېكىلدى. مەن ئالدىراش - تېنەش قول سائىتىمنىڭ قوڭغۇرىقىنى سىگنال بېرىشتىن توختىتىپ تۇرۇۋۇشۇمغا سىمپئون كەينىگە ئۆرۈلۈپ، قولىنى سۇنۇپلا بىر ياغاچ ئورۇندۇقنى ئالدىغا تارتىپ كۆپچىلىككە قاراپ ئولتۇردى.

— خەيرلىك سەھەر، كۆپچىلىك! مەن سىمپئون موناخ بولىمەن. كەلگۈسى بىر ھەپتە ئىچىدە ھەرقايسىڭلار بىلەن مېنىڭ ھاياتىمنى ئۆزگەرتكەن بەزى رەھبەرلىك تەلىماتلىرى توغرىسىدا ئورتاقلىشىش پۇرسىتىگە نائىل بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن. بۇ دەرستە كۆپچىلىكنىڭ بىر-

لىكتە مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق كوللېكتىپنىڭ ئەقىل ـ پارا-ستىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. مەنمۇ سىلەردىن بەزى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالسام دېگەن ئۈمىدتىمەن، بىلمىدىم، سىلەر مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ھەرقايسىڭلارنىڭ رەھبەرلىك ئىستاژىڭلارنى قوشقاندا جەمئىي قانچە يىل بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭلارمىكىن؟ مېنىڭچە، بىر ـ ئىككى يۈز يىل بولار! ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، رەھبەرلىك بىر خىل چەكسىز ئىلىم، مېنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ كېتىشىم ناتايىن، شۇڭا بىز ئۆزئارا ئۆگىنىشىمىز كېرەك. «كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ بىز بۇ بىر ھەپتىلىك ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، بىرلىكتە ئۆگىنەيلى!

كۆپچىلىك ئېھتىرام بىلەن باشلىرىنى لىڭشىتىشتى، ئەمما مەن كۆڭلۈمدە: «بارىكاللا، خوفمان مېنىڭدىن قانداق ئۆگىنەر ـ ھە!» دېگەن ئويغا چۆمدۇم.

ئارقىدىن سىمپسون موناخ ئالدى بىلەن بىزدىن ئۆزىمىزنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشنى ھەمدە بۇ قېتىمقى دەرسكە قاتنىشىشىمىزدىكى سەۋەبنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

ئاۋۋال ياتاقدىشىم لې، ئاندىن پائول سۆزلىدى، پائول قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدە سېرژانت بولۇپ، قارىماققا ناھايىتى ياش ۋە تەكەببۇر كۆرۈنەتتى. ئارقىدىن سۆزلىگىنى مەزكۇر شتاتتىن كەلگەن لىزا بولۇپ، ئۇ مەخسۇس ئىسپانىيىنىڭ چەت جايلىرىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغان ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى بىر مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئىكەن. ئاندىن كېيىن ناھايىتى سېمىز ساھىبجامال نېگىر قىز كلىس سۆزلىدى، ئۇ مىشىگېن ئۇنىۋېرسىتېتى قىزلار ۋاسكېتبول ئەترىتىنىڭ ترېنېرى ئىكەن. مېنىڭدىن ئىلگىرى كىن سۆزلىدى. ئەمما، مەن نۆۋەت ماڭا كەلگەندە نېمىلەرنى سۆزلەش كېرەكلىكىنى ئويلاش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلالمىدىم.

كىنگنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، سىيئون موناخ ماڭا قاراپ:

— جون، ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرۇشتىن ئىلگىرى، بىزگە كىنگنىڭ دەرسكە قاتنىشىشىدىكى سەۋەبنى ئېيتىپ بېرەلەسىز؟ — دەپ سورىدى.

مەن هاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. قېنىم بويىنۇمدىن تارتىپ تەتۈر ئېقىپ، يۈزۈمدىن ئۆتۈپ پېشانەمگە ئۇرۇلۇۋاتقاندەك بىر خىل سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالدى. ھەقىقەتەن ناھايىتى شەرمەندە بولدۇم! مەن كىنگنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى زادىلا ئاڭلىيالماپتىمەن!

— مەن… بايا دىققەت قىلىپ تىڭشىمىغانلىقىم ئۈچۈن ئىنتايىن خىجىلمەن، — مەن بېشىمنى ساڭگىلىتىپ، كېكەچلەپ جاۋاب بەردىم، كىنگ، كەچۈرۈڭ.

— جون، سىز ئىنتايىن سەمىمىي ئىكەنسىز، — دېدى سىيئون موناخ، — كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش رەھبەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. بىردەمدىن كېيىن مەن كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىپ بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىمەن.

— مەن دىققەت قىلاي.

مەن ئۆزۈمنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ بولۇشۇمغىلا، سىيئون موناخ:

— ئالدىمىزدىكى بىر ھەپتىدە، ھەرقايسىڭلاردىن پەقەت بىرلا بەلگىلىمىگە رىئايە قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن. كۆڭلۈڭلەردە نېمىنى ئويلىغان بولساڭلار، كېكىرتىكىڭلارغا بېلىق قىلتىرىقى تۇرۇپ، قالغاندەك بىئارام بولماي، ئەركىن ئېيتىۋېرىڭلار، — دېدى.

— قانداق ئەھۋاللار ‹كېكىرتەككە بېلىق قىلتىرىقى تۇرۇپ قالغاندەك بىئارام بولۇش› ھېسابلىنىدۇ؟ — پائولنىڭ تەلەپپۇزىدىن تەشۋىشلىك ھېسسىيات ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— ۋاقتى كەلگەندە چۈشىنىۋالىسىز، پائول سىزدىكى تاقەتسىزلىك ۋە بىئاراملىق كەيپىيات يۈرىكىڭىزنىڭ سوقۇش رىتىمىنى تېزلىتىپ، ئالىقانلىرىڭىزنى تەرلىتىدۇ. شۇ چاغدا قىممەتلىك پىكىرلىرىڭىزنى بايان قىلمىسىڭىز بولمايدىغاندەك ھېس قىلىسىز! باشقىلارنىڭ سۆزىڭىزنى ئاڭلىماي قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىسىز، ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن. بۇ بىر ھەپتىدە، ھەرگىز بۇرۇقتۇرۇم بولماي، دادىل پىكىر بايان قىلىڭ. بىئارام ھېس قىلسىڭىز، پۇخادىن چىققۇچە سۆزلىۋېلىڭ، ئەلۋەتتە ئەسلى گېپىمىزگە كەلسەك، ئەگەر بۇنداق ھېسسىياتتا بولمىسىڭىز، باشقىلارغا سۆزلەش پۇرسىتى بېرىپ، ياخشى ئاڭلىغۇچىلاردىن بولۇڭ. ھەرقايسىڭلار ماڭا ئىشەنسەڭلار بولىدۇ. مېنى كېيىن ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ قالىسىلەر. شۇنداق پۈتۈشەمدۇق؟

سىمېئون موناخ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھەممىڭلار رەھبەرلىك قىلىش تەجرىبىسىگە ئىگە ئەكەنسىلەر. بۇ ھەپتىدە، مەن سىلەرگە ئۆزلۈكسىز جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۆزۈڭلارنىڭ رەھبەر بولۇش سالاھىيىتىڭلار بىلەن ئۈستۈڭلارغا ئالىدىغان مۇقەددەس بۇرچ توغرۇلۇق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالىشىڭلارغا تۈرتكە بولۇشۇم مۇمكىن. مەيلى سىلەر باشقىلارنىڭ ئاتىسى، ئانىسى، يولدىشى، ئايالى، خوجايىنى، ترېنېرى، ئوقۇتقۇچى ياكى باشقا نېمىسى بولۇڭلار، ھەممىڭلار ۋەزىپەڭلارنى ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن ئۈستۈڭلارغا ئالغان. سىلەرنى ھېچكىم بۇ مۇھىم مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستۈڭلارغا ئېلىشقا مەجبۇرلىمىغان؛ ئەلۋەتتە، سىلەرمۇ خالىغان چاغدا ۋەزىپەڭلاردىن ۋاز كېچەلەيسىلەر. مەسىلەن، ئەگەر سىز خوجايىن بولسىڭىز، ئۇنداقتا قول ئاستىڭىزدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى بىر كۈندە تەخمىنەن خىزمەت ۋە يېتىپ ـ قوپۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەگەك ۋاقىتنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى

سىزنىڭ ئىش مەيدانىڭىزدا ئۆتكۈزىدۇ. ئەينى يىلى سودا ساھەسىگە ئەمدىلا كىرىشكەن ۋاقتىمدا، ئىنتايىن كۆپ رەھبەرلىك ئۆزى ئۈستىگە ئالغان مۇھىم مەسئۇلىيەتنى قىلچە بايقىمىغانلىقىمنى، ھەتتا يېنىكلىك بىلەن ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ، ئىنتايىن چۆچۈپ كەتكەنىدىم. ئۇلار ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەقدىرى ئۆز قولىدا ئىكەنلىكىنى، رەھبەرنىڭ بۇرچى ئىنتايىن ئالىيجاناب ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

مەن سىمېئون موناخىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قورۇنۇپ قالدىم. بۇندىن ئىلگىرى ئۆزۈم ئوينىغان رولۇم ۋە قول ئاستىمدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھاياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىم توغرۇلۇق ھېچقانداق ئويلىنىپ باقمىغانىدىم. «ئالىيجاناب پەزىلەت»؟ بۇ قانداق نەرسىدۇ!

— راستىنى ئېيتقاندا، مەن ھەرقايسىڭلار بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولغان رەھبەرلىك تەلىماتىدا ئازراقمۇ يېڭىلىق يوق، يەنە مەن ئىجاد قىلغان نەرسىمۇ ئەمەس. ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار «ئىنجىل»غا ئوخشاش كونا ھەم سۇبھەدەك يېڭى. سىز مەيلى قانداق رول ئالماڭ، قانداق كىشىلەرگە رەھبەرلىك قىلماڭ، بۇ قائىدىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەتبىقلىغىلى بولىدۇ. ئەمما، سىلەر ھەممىڭلار تېخى بۇ قائىدىلەرنى ئۆگەنمىگەن بولساڭلار كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىشىڭلارنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايتتى. سىلەر بۇ يەرگە مەقسەتلىك كەلگەن. مەن ھەممىڭلارنىڭ بۇ بىر ھەپتىدە ئۆز مەقسىتىڭلارغا يېتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇ سۆزلەۋاتقاندا، مېنىڭ خىيال كەپتىرىم ئىختىيارسىز «سىمېئون دېگەن ئىسمىنىڭ دەل توغرا كېلىپ قېلىشى» ماننىڭ سۆزلىرى ۋە بۇ يەرگە كېلىشىمگە سەۋەب بولغان بىر قاتار ئىشلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى.

— سىلەرگە دەيدىغان بىر خۇش خەۋەر ۋە بىر شۇم خەۋەر

بار، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، سىمېئون موناخ، — خۇش خەۋەر شۇكى، كەلگۇسى بىر ھەپتىدە، مەن كۆپچىلىكنى رەھ-بەرلىك ھەقىقەتلىرى ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشقا يېتەكلەيمەن. سىلەر ھەممىڭلار رەھبەر بولغاچقا، مېنىڭچە بۇ خۇش خەۋەر بولسا كېرەك. ئېسىڭلاردا بارمىكىن، ئىككىدىن كۆپ ئادەم توپلاشقان كوللېكتىپتا ئورتاق نىشان بار بولسا، ئۇنداقتا رەھ-بەر سايلاش زۆرۈرىيىتى بولىدۇ. شۇم خەۋەرگە كەلسەك، بۇ قائىدىلەرنى ئۆز تۇرمۇشۇڭلاردا ئىشلىتىش - ئىشلەتمەسلىك، سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلاردا، ھەرقانداق ئادەم پەقەت، زېھىن ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە سەرپ قىلسىلا باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ ۋە رەھبەرلىك قىلالايدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئادەتتىكى رەھبەرلەر ئادەتتە ھېچقانداق ئەجىر قىلمايدۇ.

لى قولىنى كۆتۈردى، سىمېئون موناخ بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى:

— سىز بابا، ‹باشقۇرۇش› ياكى ‹باشقۇرغۇچى خادىم› دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلەتمەي، ئۇدا ‹رەھبەرلىك قىلىش› ۋە ‹رەھبەر› دېگەن سۆزلەرنى ئىپتىقاندەك قىلدىڭىز، بۇنىڭدا بىرەر مەقسەت بارمۇ؟

— لى، سىز ئىنتايىن ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنسىز، ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئادەم ‹باشقۇرۇش› ئىقتىدارىمىز يوق. بىز پەقەت، مال، پۇل چېكى ۋە بايلىق قاتارلىقلارنى ھەم ئۆزىمىزنى ‹باشقۇرۇش› قا قادىر، ئەمما باش-قىلارنى ‹باشقۇرۇش› بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. بىز پە-قەت ‹نەرسە› لەرنىلا باشقۇرالايمىز. ئادەمگە بولسا، پەقەت رەھ-بەرلىكلا قىلالايمىز.

سىمېئون موناخ ئورنىدىن قوزغىلىپ، دوسكا ئالدىغا كەل-دى. ئاۋۋال دوسكىغا «رەھبەرلىك» دېگەن سۆزنى يېزىپ، ئاندىن كۆپچىلىكنى بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بېقىشقا تەك-

لىپ قىلدى. بىز 20 مىنۇت مۇنازىرە قىلغاندىن كېيىن تۆۋەن-دىكى خۇلاسىگە كەلدۇق:

## رەھبەرلىك قىلىش: باشقىلارغا تەسىر كۆر-ستىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئورتاق نىشان ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەيدىغان بىر خىل ئىقتىدار

سىمئون موناخ ئۆزىنىڭ ئورنىغا قايتىپ بېرىپ ئولتۇرۇ-ۋالغاندىن كېيىن: «دوسكىغا يېزىلغان تەبىر ئىچىدىكى بىرىنچى ئاچقۇچلۇق سۆز ‹تەسىر كۆرسىتىش›. رەھبەرلىك قىلىش دېمەك، باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىش دېمەكتۇر. ئەمما، باشقى-لارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىش كېرەك؟ قانداق قىلغاندا باشقى-لارنى ئۆز ئىرادىمىز بويىچە ئىش قىلدىدىغان قىلغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلىپ ئۇلارنى ئومۇمىي مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈ-چۈن ئۆزلىرىنىڭ زېھنى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى، قابىلىيىتىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرىدىغان قىلغىلى بولىدۇ؟ ئىك-كىنچى ئاچقۇچلۇق سۆز بولسا، ‹ئىقتىدار› دۇر. ‹ئىقتىدار› بىر خىل قابىلىيەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېرىش-كىلى بولىدۇ. مەن ئەزەلدىن مۇنداق بىر ئىدىيىنى تەشەببۇس قىلىپ كەلمەكتىمەن. رەھبەرلىك قىلىش، يەنى باشقىلارغا تە-سىر كۆرسىتىشنى پەقەت ئۆگىنىش ئارزۇسى بار بولغان ھەمدە ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغان ھەرقانداق كىشى ئۆگىنەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدۇ، — دېدى.

— باشقىچە ئېيتقاندا، — دەپ مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈ-ۋەتتىم، بىزنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىمىزغا ئېھتىياجلىق بولغىنى باشقىلارنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ سىرتقى قىسمىدىكى ئەزالىرى

بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ «چوڭ مېڭە» سىدۇر. سۆزۈم توغرىمۇ، سىمېئون؟

— دېگىنىڭىز توغرا، يوهان. باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشتىن ئىلگىرى هوقۇق ۋە نوپۇزنىڭ پەرقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. سىلەرنىڭ هەممىڭلار ئازدۇر - كۆپتۇر چوڭ هوقۇقلارنى ئۆز قولۇڭلاردا تۇتىسىلەر. بىراق، مېنىڭچە ئاراڭلاردا قول ئاستىڭلاردىكىلەردىن سىلەرگە هەقىقەتەن قايىل بولىدىغانلىرى ساناقلىققۇ دەيمەن؟

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمىدىم:

— سىمېئون هوقۇق ۋە نوپۇزنىڭ زادى قانداق پەرقى بار؟ ئېنىقراق سۆزلەپ بەرسىڭىز بولامدۇ!

— سۆزۈمگە قۇلاق سالغايسىز، يوهان، — دېدى سىمېئون موناخ، — بۇيۇك جەمئىيەتشۇناس ماركس. ۋېيبېر يازغان «جەمئىيەت ۋە ئىقتىسادىي تەشكىلات نەزەرىيىسى» دېگەن كىتابتا هوقۇق ۋە نوپۇزنىڭ پەرقى مۇنداق دەپ ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭ بۇ هەقتە بەرگەن چۈشەنچىسى تا هازىرغىچە كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا نائىل بولۇپ كەلمەكتە. مەن سىلەرگە ۋېيبېرنىڭ سۆزىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزۈمنىڭ ئۇسۇلى بويىچە چۈشەندۈرىمەن.

سىمېئون موناخ دوسكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۆۋەندىكىلەرنى يازدى:

**هوقۇق: ئورنىدىكى ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ باشقىلارنىڭ ئارزۇسىغا قارىماي، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىدىغان بىر خىل قابىلىيەت**

— سىلەر هەممىڭلار هوقۇقنىڭ نېمىلىكىنى بىلىسىلەرغۇ

دەيمەن، چۈنكى سىلەر ھوقۇقۇڭلارنى ھەممىلا يەردە ئىشلىتى-سىلەر. «ئەگەر شۇنداق قىلمىسىڭىز، سىزنى ئىشتىن بوشىتى-ۋېتىمەن!»، «ئەگەر شۇنداق قىلمىسىڭىز، كۆرگۈلۈكىڭىزنى كۆرسىتىمەن!»، ئەگەر شۇنداق قىلمىسىڭىز، تايىقىڭىزنى يەي-سىز!»، «ئەگەر، شۇنداق قىلمىسىڭىز، سىزنى ئىككى ھەپتە قاماپ قويىمەن!»... ئىشقىلىپ باشقىلاردىن ئۆزۈڭلەرنىڭ ئىرا-دىسى بويىچە ئىشلەشنى تەرسالىق بىلەن تەلەپ قىلىسىلەر، چۈشەندىڭلارمۇ؟

بىز ھەممىمىز باش لىڭشىتىپ ئۇنىڭ سۆزىنى مۇئەييەن-لەشتۇردۇق.

سىمېئون موناخ يەنە بۇرۇلۇپ دوسكىغا تۆۋەندىكىلەرنى ياز-دى:

## نوپۇز: تەسىر كۈچى ئارقىلىق باشقىلارنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىشلەشنى خالايدىغان قىلىدىغان بىر خىل ئىقتىدار

— بۇ ئىككى ئاتالغۇدا بەزى ئوخشىماسلىقلار بار! نوپۇز بولسا، سىز تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ ئۆزلىرى خالاپ سىزنىڭ ئىرادىڭىز بويىچە ئىشلىشىنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى «بىل تەلەپ قىلسىلا، مەن نېمىلا ئىش بولسا ئىشلەۋېرىد-مەن»، («مەن بىل ئۈچۈن ئۆلسەممۇ رازى!»)، «ئاپام تاپىلىد-غانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىشنى قىلىمەن!»، دېگەنگە ئوخشاش. ئالا-ھىدە دىققەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىكى شۇكى، ھوقۇق بىر خىل قابىلىيەت، ئەمما نوپۇز بولسا، بىر خىل ئىقتىدار. ھوقۇقنى ئىشلىتىشكە ئەقىل ـ پاراسەت ياكى جاسارەتنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئۈچ ياشلىق باللارمۇ ھوقۇقنى بىمالال يۈرگۈزەلەيدۇ. ئۇلار ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۆزى ئامراق ھايۋاننى قانداق ئىشقا

سىلىشنى ئوبدان بىلىدۇ. تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمدارلارنىڭ كۆ-
پىنچىسى ئۆز بېشىمچى زالىم پادىشاھلاردۇر. ئەمما، ئامما
ئالدىدا نوپۇز تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئالاھىدە بىر يۇرۇش ئىقتىدار
بولۇشى زۆرۈر.

— ئۇنداق بولسا سىزنىڭچە، بەزى كىشىلەرنىڭ ھوقۇقى
بولسىمۇ نوپۇزىنىڭ بولۇشى ناتايىن، ئەكسىچە بەزى كىشىلەر-
نىڭ نوپۇزى بولسىمۇ ھوقۇقىنىڭ بولۇشى ناتايىن ئىكەن- دە،
ئەجەبا نوپۇز بىلەن ھوقۇققا تەڭ ئېتىبار بەرگىلى بولمامدۇ،
— سورىدى كلىس.

— بۇ سوئالنى ناھايىتى ياخشى سورىدىڭىز! كلىس، ئەمە-
لىيەتتە ھوقۇق بىلەن نوپۇز يەنە بەزى جەھەتلەردە ئوخشىمايدۇ.
ھوقۇقنى سېتىۋالغىلى ھەم سېتىۋەتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئې-
رىشىش ھەم ئۇنى قولدىن بېرىپ قويۇشمۇ مۇمكىن. بەزى
كىشىلەر قۇدا - باجىلىق، ئاكا - ئۇكىلىق مۇناسىۋەت ئارقىلىق
ياكى ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق ھوقۇققا ئېرىشىشى مۇمكىن.
ئەمما، نوپۇز ھوقۇققا ئوخشىمايدۇ، ئۇنى سېتىۋالغىلى ۋە سې-
تىۋەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ئېرىشىشمۇ ھەم ئۇنى يوقىتىپ
قويۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس. نوپۇز ئۆزىڭىز بىلەن، سىزنىڭ
مىجەزىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، باشقىلارغا تەبىئىي
تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارىڭىزنى كۆرسىتىدۇ.

— ئېھتىمال! سىزنىڭ بۇ سۆزلىرىڭىز پەقەت ئائىلىدە
ياكى چېركاۋدىلا ئاقىدۇ، رېئال جەمئىيەتتە بولسا، ئازراقمۇ
رول ئوينىيالمايدۇ! — دېدى پائۇل ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلماي.

— شۇنداقمۇ؟ پائۇل. مەسىلەن، سىز ئايالىڭىز ياكى
بالىڭىزغا نىسبەتەن ھوقۇق يۈرگۈزەمسىز ياكى نوپۇزىڭىز ئار-
قىلىق تەسىر كۆرسىتەمسىز؟

— ئەلۋەتتە، نوپۇزى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ - دە،
بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ؟ — جاۋاب بەردى سارا.

www.uyghurkitap.com

سىمپئون موناخ دەرھال ئىنكاس قايتۇردى:

— سارا، سىز نىمە ئۈچۈن بۇنداق كېسىپ ئېيتىسىز؟ ھوقۇقتىن پايدىلانغاندىلا، ئىشنى ياخشى قىلغىلى بولىدىغۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ «ھەي ئوغلۇم، دەرھال ئەخلەتنى تۆكۈۋەت، بولمىسا تاياق يەيسەن!» دېگەنلىكىڭىز ئۈچۈن ئەخلەت تۆكۈلىدىغۇ؟

ئۆزىنى تونۇشتۇرغان ۋاقىتتا مەن سۆزىنى دىققەت قىلىپ ئاڭلىمىغان ھېلىقى كىنگ ئىسىملىك ئايال (مەن كېيىن ئۇنىڭ مەركىزى شتاتتىكى بىر دوختۇرخانا ئاياللار بۆلۈمىنىڭ باش سېستراسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم) قوشۇمچە قىلدى:

— ئېيتقىنىڭىز ناھايىتى توغرا! ئۇرۇش ھەيۋە قىلىش بىر مەزگىل بولىدۇ، بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن چوڭلارغا يېنىشى مۇمكىن.

— پۈتۈنلەي توغرا! كىنگ، ھوقۇق يۈرگۈزۈش ئارقىلىق بەلكىم، بىر مەزگىل تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، ھەتتا مەقسەتكە يەتكىلى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنىڭ مۇناسىۋەتكە بولغان بۇزغۇنچىلىقى چوڭىيىدۇ. ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە سادىر قىلغان ئاسىي قىلمىشلىرى ئائىلىدە يېگەن «دەشنام»لىرىگە نىسبەتەن، بىر خىل ئاچچىقنى چىقىرىش بولماي نىمە؟ بۇنداق ئەھۋاللار سودا سارايلىرىدىمۇ يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراكەندىچىلىككىلىرىمۇ بىر خىل ئاسىيلىق، ئاچچىقنى چىقىرىش ئەمەسمۇ؟

مەن بىردىنلا ئۆيگەم ئۆرۈلگەندەك بولۇپ، ئوغلۇمنىڭ بەتقىلىقلىرى ۋە زاۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بىر قاتار ئېتىراز بىلدۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئەسلىدىم.

— بىراق، — سىمپئون موناخ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭچە نۇرغۇن كاللىسى سەگەك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى

ئائىلىدە ئەڭ ياخشى، نوپۇز ئارقىلىق ئائىلە ئەزالىرىغا رەھبەر-لىك قىلىش كېرەك دەپ قارايدۇ. ئەمما، ئۆز ئىختىيارى بىلەن خىزمەت قىلىدىغان ئورگانلاردىچۇ؟ لي، سىز چوقۇم باستېر بولۇش سالاھىيىتىڭىز بىلەن باستېر بولۇشنى خالايدىغان نۇر-غۇن كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغانسىز؟

— شۇنداق، — جاۋاب بەردى لي.

— ئۇنداقتا سىز سۆزلەپ بېقىڭ، سىزچە، باستېر بولۇشنى ئىختىيار قىلغۇچىلار قوبۇل قىلالايدىغىنى ھوقۇقمۇ ياكى نوپۇزمۇ؟

لي كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ئەگەر، ئۇلار ھوقۇقنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىسا، قانداقمۇ موناستىردا تۇرۇپ قالسۇن! — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئۇلار ھەقىقەتەن موناستىردا تۇرۇپ قالماسلىقى مۇم-كىن، — دېدى.

سىمېئون موناخ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — پىدائىيلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان تەشكىلات ئۇ-چۇنلا تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ. سودا سارايلىرىغا كەلسەك، ئۇ يەردە پىدائىيلار بارمۇ؟

مەن بىر مىنۇت ئويلانغاندىن كېيىن كاللامغا ئەڭ دەس-لەپ، «ئىشچى - خىزمەتچىلەر پىدائىي ئەمەس» دېگەن ئوي كەلدى. بىراق، سىمېئون موناخنىڭ كېيىنكى گېپى مېنى باش-قىدىن ئويلاندۇرۇپ قويدى.

— بىز ھەقىقەتەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پۇت - قولى، گەۋدىسى ۋە چوڭ مېڭىسىنى ئىجارىگە ئالالىدۇق ھەمدە پۈتۈن ئادەم كۆچى بازارلىرىمۇ بىزنى مۇۋاپىق باھا بىلەن تەمىن ئەتتى دەيلى، ئۇلار راستتىنلا پىدائىيدۇ؟ ئۇلار خالىغان ۋاقىتتا خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرەلەيدۇ؛ ئۇلار ھازىرقى ئىش ھەققىدى-كى ئەرزىمەس بەش مو پەرق ئۈچۈن، باشقا شىركەتلەرگە ئالمى-

شىپ كېتىدۇ، ئۇلار يەنە ئاساسىي ئىش باشقۇرغۇچى بىلەن كېلىشەلمەي قالسا، يېڭى ئىش ھەققى بۇرۇنقى ئىش ھەققىدىن بەش مو تۆۋەن بولسىمۇ، باشقا شىركەتلەرگە يۆتكىلىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئەلۋەتتە پىدائىيلار! ئۇلارنىڭ كۆڭۈل خاھىشى، ئوي - پىكرى، ئەقىل - پاراستى ۋە ئىجادىي ئىقتىدارى دېگەنلەرنى سۆزلىمەيلا قويايلى. بۇ نەرسىلەرنى ئۇلار ئۆزلىرى خالاپ جارى قىلدۇرمىسا، مەجبۇرىي جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىش، ھەممىنى بېسىپ چۈشۈش، مۇكەممەل تەشەببۇس بولۇش...... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە زورمۇ زور ئېرىشكىلى بولمايدۇ!

كلىس ناھايىتى پەرۋاسىزلا، — سىمپئون، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، سىز راستىنىلا ئىشنىڭ ئېپىنى بىلمەيدىكەنسىز. ئەگەر ھوقۇقىمىزنى بىر ئاز ئىشلەتمىسەك، باشقىلارنىڭ ئايىغىدا دەسسىلىپ قالمايمىزمۇ، — دېدى.

— بەلكىم شۇنداقتۇ، كلىس. بىراق، مەن سىز دېگەندەك خەلقنىڭ دەرد - ئەلىمىنى بىلمەيدىغان ئۇنداق گومۇش ئادەملەردىن ئەمەس. مەن بەزىدە ھوقۇقنى ئىشلەتمىسەكمۇ بولمايدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن. مەيلى ئائىلىدە بالا تەربىيىلەشتە بولسۇن، مەيلى ئۆز بېشىمچى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىشتىن بوشىتىشتا بولسۇن، ھەممىشە قاتتىق قوللۇق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ھوقۇقىڭلارنى يۈرگۈزگەن چاغدا، ئۆزۈڭلارنىمۇ تەكشۈرۈپ بېقىشىڭلار كېرەك. نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن كىشىلەرگە ھوقۇق ئارقىلىق بېسىم ئىشلەتمىسەك بولمايدۇ؟ بىلىشىڭلار كېرەككى، پەقەت نوپۇز يوقالغاندىلا، ھوقۇق ئىشلىتىلىدۇ. بەلكىم تېخىمۇ يامىنى، باشتىلا نوپۇزدىن ئېغىز ئېچىشىمىز ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

— ئەمما، ھوقۇقلا كىشىلەرنى بۇيرۇققا بويسۇندۇرالايدۇ -

دۇ! ــ پائۇل ئۆز پىكرىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇردى.
ــ ئۆتمۇشتە شۇنداق بولۇشى مۇمكىن پائۇل، ــ دېدى، سىمپئون موناخ، ــ ئەمما، ھازىر ئەھۋال ئۆزگەردى. ئۆتمۇشتىكى بۇ 30 يىلنى ئەسلەپ باقايلى، بىز ھەممىمىز 60- يىللارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھوقۇق ۋە تۈزۈلمىگە جەڭ ئېلان قىلدۇق. بىز ھەممىمىز يورۇق بىنا ۋەقەسى، ئىران قورال - ياراغ سودىسى ۋەقەسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلەتكەن ۋەقەلىرىنى كۆردۇق. ھەممىلا يەردە ئابرۇيلۇق دىنىي داھىيلارنىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرى ۋە پىتنە - پاساتلارنى جاھانغا پۇر كەتتۇرۇشلىرىنىمۇ كۆردۇق. ھەربىي جەھەتتىكى ئىشلارنى تىلغا ئالمايلا قويايلى، ۋېتنام ئۇرۇشىدىكى چوڭ قىرغىنچىلىق، پارس قولتۇقى ئۇرۇشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت بىر خىل كۆز بويامچىلىقتۇر. ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرى ۋە ھولليۇود كىنولىرى دائىم كارخانا رەھبەرلىرىنى پۇلنى كۆرگەندە كۆزى قىزىرىدىغان قاتىل ۋە ئەسكى ئىش قىلىپ ھارمايدىغان خۇمپەرلەر دەپ قارىلايدۇ! مېنىڭچە ئۆتمۇش بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھازىرقى كىشىلەر بارغانچە ھوقۇققا نەپرەتلىنىدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.
ــ مەن ئالدىنقى ھەپتە «بۈگۈنكى ئامېرىكا» دا 30 يىل بۇرۇن تۆتتىن ئۈچ قىسىم پۇقرانىڭ ھۆكۈمەتكە ئىشىنىدىغانلىقى، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە پەقەت، تۆتتىن بىر قىسىم كىشىلا ھۆكۈمەتكە ئىشىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتنى كۆرگەنىدىم. مېنىڭچە بۇ دوكلات ناھايىتى توغرا! ــ دېدى لي.
ــ نەزەرىيە جەھەتتە مۇشۇنداق ئېيتىشقا بولار، ــ دېدى، كلىس يەنە رەددىيە بېرىپ، ــ ئەگەر ھەقىقەتەن سىز دېگەندەك، پەقەت نوپۇز ۋە تەسىر كۈچىگىلا تايانغاندا، ئىشنى ياخشى قىلغىلى بولسا، ھەر خىل مەزھەبلەر مەۋجۇت بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۈگۈنكىدەك جەمئىيەتتە بىز يەنە قانداق قىلىپ نوپۇز تىكلەيـمىز؟

— ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ كىلىس، بەك جىددىيلىشىپ كەتمەڭ، — دېدى سىمېئون موناخ كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىز بىردەمدىن كېيىن بۇ مەسىلە توغرىسىدا سۆزلىشىمىز.

پائۇل چوڭ سائەتكە لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، — سىمېـئون، هازىر كۆڭلۈم پاراكەندە بولۇۋاتقاندا بولسىمۇ، سىزنىڭ قائىدىلىرىڭىزگە تولۇق رىئايە قىلىمەن. دەرستىن چۈشسەك بولامدۇ؟ مەن هاجەتكە چىقماقچى.

موناستىردا هەركۈنى قەرەللىك ئۈچ ۋاخ تاماق بېرىلىدۇ. ئەتىگەنلىك تاماق سەهەردىكى مىسادىن كېيىن، ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە؛ چۈشلۈك تاماق چۈشتىكى ئىبادەتتىن كېيىن، سائەت 12 يېرىمدا؛ كەچلىك تاماق كەچلىك دۇئا - تىلاۋەتتىن كېيىن، كەچ سائەت ئالتىدە بېرىلىدۇ. يېمەكلىكلەر ئىنتايىن پاكىز ۋە مەززىلىك، باشقۇرۇشمۇ ناهايىـتى ئاددىي بولۇپ، تاماقنى ئاندرېۋ موناخ تەييارلايدۇ. ئۇ ناهايىـتى چىقىشقاق ۋە قىزغىن ئادەم.

ئۆزىگە ئىشىنىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان، مەندەك بىر جاهىل ئادەمنىڭ هەر كۈنى ياۋاشلىق بىلەن ئىبادەت قىلىشى هەقىقەتەن مۆجىزە بولدى! ئەتىگەن سائەت بەش يېرىمدا بىرىنـچى قېتىملىق ئىبادەت، ئاندىن كېيىن سائەت يەتتە يېرىمدا مىسا، چۈشلۈك ئىبادەت، كەچ سائەت بەش يېرىمدا كەچلىك دۇئا- تىلاۋەت، كەچ سائەت سەككىز يېرىمدا كېچىلىك دۇئا - تىلاۋەت قىلىمىز. هەر قېتىمقى ئىبادەت 20 مىنۇتتىن 30 مىنۇتقىچە داۋاملىشىدۇ. مۇراسىم پرىنسىپ جەهەتتە ئاساسەن ئوخشاش. مەن دەسلەپتە مىسانى ئىنتايىن زېرىكىشلىك هېس قىلدىم. ئەمما، بىر قانچە قېتىملىق مىسادىن كېيىن، مىسا ۋاقتىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدىغان بولدۇم. كۆڭلۈم بارا -

بارا ئارامىغا چۈشۈپ، تۇرمۇشۇم تەرتىپلىك ئۆتىدىغان بولدى، بىر قانچە يىلدىن بېرى قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغان ئىش، تىنچ شارائىتتا ئۆزۈمنى ياخشىراق تەكشۈرۈپ چىقىشقىمۇ ناھايىتى كۆپ ۋاقىت ئاجرىتالىدىم.

مەن لى بىلەن ئىنتايىن چىقىشىپ كەتتىم. ئۇنىڭ مىجەزى ئوچۇق ۋە سەممىي بولۇپ، مەن بۇرۇن تونۇشقان روھانىيلار بىلەن ئانچە ئوخشاشمايدۇ. گەرچە، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدىغان ۋاقىت ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇخلاشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ بىر كۈنلۈك ئۆگىنىش تەسىراتلىرىمىزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرىمىز. بىراق، بىز ھەركۈنى سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرغاندىن باشلاپ كۈن بويى پائالىيەت بىلەن بولغاچقا، باشنى ياستۇققا قويغان ھامانلا ئۇخلاپ قالغۇدەك دەرىجىدە چارچاپ كېتىمىز. شۇنداق بولسىمۇ، لى مېنىڭدە ياخشى تەسىرات قالدۇردى.

بۇ قېتىمقى دەرسكە قاتناشقانلار جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىن كەلگەن بولۇپ، بىزنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىمىز شۇكى، بىز ھەممىمىز ئۆزىمىز تەۋە تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىرى. بىز ھەممىمىز بىر تۈركۈم كىشىلەرگە رەھبەرلىك قىلىمىز ۋە ئۇلارغا مەسئۇل بولىمىز.

ھەر كۈنلۈك پائالىيەت ــــ بەش قېتىملىق ئىبادەت، ئۈچ ۋاخ تاماق ۋە تۆت سائەتلىك دەرس (ئەلۋەتتە چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى كىرگۈزۈلگەن.) تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇندىن باشقا ۋاقىتلاردا، بىز ئادەتتە كىتاب ئوقۇش، سۆھبەتلىشىش ۋە سەيلە قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولىمىز ياكى 243 پەشتاقلىق پەلەمپەيدىن توختىماي چۈشۈپ مىجىگان كۆلى بويىغا بېرىپ، گۈزەل مەنزىرىلەرنى قانغۇچە تاماشا قىلىمىز.

چۈشتىن كېيىنكى دەرس ۋاقتىدا، سىمېئون موناخ بىزدىن

ھەر ئىككى ئادەم بىر جۈپ بولۇپ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈشنى تەلەپ قىلدى. كىنگ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. مەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭغا قوشۇلدۇم ۋە بۇ قېتىم ئۇنىڭ پىكرىنى دىققەت بىلەن تىڭشاش قارارىغا كەلدىم.

— بىز يەنە نوپۇز ياكى تەسىر كۈچى توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلايلى. ئەتىگەنكى مۇنازىرىگە ئاساسەن ئەسلەپ بېقىڭلار، سىلەر ھاياتىڭلاردا ئۇچراتقان كىشىلەر ئىچىدە مەيلى ئۇلار ھايات ياكى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسۇن،كىمنىڭ نوپۇزى بار؟ ئۇ سىزنىڭ ئوقۇتقۇچىڭىز، ترېنېرىڭىز، ئاتا ـ ئانىڭىز ياكى خوجايىنىڭىز بولۇشى مۇمكىن. سىز ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بېرىشنى ۋە داۋاملىق خىزمەت قىلىشنى خالامسىز؟

مەن دەرھال ئالەمدىن ئۆتكىلى ئون نەچچە يىل بولغان، مەن ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك ئانامنى ئېسىمگە ئالدىم.

— بولدى، ھازىر ھەمراھىڭلار بىلەن بىرلىكتە، — دېدى سىمېئون موناخ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — كۆڭلۈڭلەردە تاللاپ چىققان ئادەمنىڭلارنىڭ مىجەزىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى بىر-بىرلەپ يېزىپ چىقىڭلار. ئاندىن جاۋابىڭلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۆزۈڭلار تاللىغان ئادەمنىڭ 3 ~ 5 كىچە بولغان ئالاھىدىلىكىنى تېپىپ چىقىڭلار. دىققەت قىلىڭلاركى، بۇ ئالاھىدىلىكلەر چوقۇم شۇ كىشىنىڭ نوپۇزىغا مۇناسىۋەتلىك بولسۇن.

بۇ ناھايىتى ئاددىي بىر ئىشقۇ! ئانامنىڭ ماڭا بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپلا قالماي، ھەرقانداق قۇربان بېرىشكىمۇ تەييار تۇرىمەن. مەن دەرھال قەغەزگە «سەۋرچان، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىر دەك، مېھرىبان، كۆيۈمچان، ئىشەنچلىك» قاتارلىق سۈپەتلەرنى يازدىم ۋە كىنگ بىلەن پىكىر ئالماشتۇردۇم.

ئويلىمىغان يەردىن، كىنگنىڭ جاۋابىمۇ مېنىڭكى بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ چىقتى! ئۇنىڭ تاللىغىنى تولۇق

ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، بۇ ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ-غا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىكەن.

سىمپسون موناخ دوسكا ئالدىغا كېلىپ، ھەرقايسى گۇرۇپ-پىلارنى ئۆزلىرىنىڭ جاۋابلىرىنى سۆزلەپ بېقىشقا تەكلىپ قىل-دى.

مەن باشقا گۇرۇپپىلارنىڭ جاۋابلىرىمۇ كىنىگ بىلەن ئىك-كىمىزنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ناھايىتى ھەيران بولدۇم. ئەڭ ئاخىرى بىز ئەڭ مۇھىم ئون تۈرلۈك ئالاھىدىلىك-نى يىغىنچاقلاپ چىقتۇق:

سەمىمىيەت

ئۆزى ئۈلگە بولۇش

باشقىلارغا كۆيۈنۈش

سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇش

باشقىلارنىڭ سۆزىگە سەۋرچانلىق بىلەن قۇلاق سېلىش

مەسئۇلىيەتچان بولۇش

باشقىلارنى ھۆرمەتلەش

ئىلھام بېرىشكە ماھىر بولۇش

ئۈمىدۋار، قىزغىن بولۇش

مىننەتدار بولۇش

— ناھايىتى ياخشى يىغىنچاقلىدىڭلار! بىز ھازىر سىلەر-نىڭ جاۋابىڭلارنى مۇھاكىمە قىلمايمىز. جاۋابىڭلار بىلەن دوس-كىدا يىغىنچاقلانغان ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ سېلىشتۇرمايمىز. بۇ مەسىلىلەرنى بىر ئازدىن كېيىن سۆزلىشەيلى. بىراق، سىلەر يېزىپ چىققان جاۋابلارغا نىسبەتەن، مېنىڭ سىلەردىن سورايدى-غان ئىككى سوئالىم بار. بىرىنچى، سىلەر يېزىپ چىققان كىشىلىك پەزىلەت ئالاھىدىلىكلىرى ئىچىدە قايسىلىرى تۇغما مەۋجۇت بولىدۇ؟ — دېدى. سىمپسون موناخ ئورنىغا قايتىپ كې-لىۋېتىپ.

www.uyghurkitap.com

كۆپچىلىك مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا دوستىغا قارىغىنىچە خىيال دەرياسىغا غەرق بولدى. كىنىگ بىر ئازدىن كېيىن تۇساتتىنلا، ھەم ئاددىي، ھەم كۈچلۈك قىلىپ: «ھېچقايسىسى مەۋجۇت ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئەمما، پائۇل ئېتىراز بىلدۈردى:

— بۇنداق بولۇشى ناتايىن، ئاكتىپ، قىزغىن ۋە مىننەتدار بولۇشتەك كىشىلىك تۇرمۇش پوزىتسىيىسى ئەسلىدە ئىرسىيەتتىن كېلىدۇ دەيمەن. مەسىلەن، ئەگەر مەن تۇغۇلغاندىلا ھازىرقىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولمىغان بولسام، ئۇنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ھازىرقىدەك ئادەم بولالماس ئىدىم!

— ۋۇي، لېكىن بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. ئەگەر مەن سىزگە سىز پەقەت ئۈمىدۋار ۋە مىننەتدار بولۇپ ئۆزگەرسىڭىزلا، مەن سىزگە 25 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بېرىمەن دېسەم، مېنىڭچە سىز جان - جەھلىڭىز بىلەن ئۆزگىرىسىز!

— ھەي، باستېر جانابلىرى، بۇ سىزنىڭ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ سورىدى پائۇل ۋارقىراپ تۇرۇپ.

— ئەگەر سىز كەلگۈسى يېرىم يىل ئىچىدە ئاكتىپ، قىزغىن ۋە مىننەتدار پوزىتسىيىنى ساقلىسىڭىز، مەن سىزگە 25 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى بېرىشنى خالايمەن دېسەم، سىز تەۋەككۈلچىلىكىڭىزدىكىلەر بىلەن ياخشى ئۆتىسىز. راستىنى ئېيتسام، پائۇل پۇلنى كۆزلىگەندە، سىزنىڭ قول ئاستىڭىزدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز چوقۇم ياخشىلىنىدۇ. توغرىمۇ؟

— مەن بۇنىڭغا قوشۇلىمەن، — پائۇل لېىنىڭ بۇ سۆزىنى باش لىڭشىتىپ تەستىقلىدى.

سىمپسون موناخ دەل ۋاقتىدا پائۇلنى مۈشكۈل ئەھۋالدىن قۇتقۇزدى! — سىلەر يىغىنچاقلاپ چىققان ئۇن تۈرلۈك ئالاھىدىلىكنىڭ ھەممىسى ھەرىكەت. ئەمما، ھەرىكەتنى ئۆزىمىز

قارار قىلىمىز. شۇڭا، مېنىڭ ئىككىنچى سوئالىم شۇكى، سىلەر يېقىندا بۇ ئون تۈرلۈك ئالاھىدىلىكتىن قانچىسىنى ئۆز ئەمەلىيىتىڭلاردا كۆرسىتەلىدىڭلار؟

— مەن ھەممىسىنى ئورۇنلىدىم، — دېدى لىزا، — بىز ئازدۇر - كۆپتۇر ھەممىسىنى ئورۇنلىدۇقمۇ دېمەن. پەرق پەقەت شۇ يەردىكى، بەزىلەر ياخشى ئورۇنلىغان، بەزىلەر ياخشى ئورۇنلىيالمىغان. مەن گەرچە دۇنيا بويىچە ئەڭ ناچار ئاڭلىغۇچى بولسامۇ، ئەمما مەن بەزىدە ئۆزۈمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاشقا زورلايمەن.

ئوخشاشلا بەلكىم مېنى ئانچە سەمىمىي دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما مەن ئائىلەمدىكىلەرگە نىسبەتەن ئىنتايىن سەمىمىي.

— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز لىزا، — سىمېئون كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى، — «ئالاھىدىلىك ئادەتتە بالىلىق چاغلىرىدىلا شەكىللىنىپ ئاستا - ئاستا ئادەتكە ئايلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرى تۇراقلىق ھەرىكەتكە ئۆزگىرىدۇ. يەنە بەزى ئادەت ۋە كىشىلىك پەزىلەت ئالاھىدىلىكلىرى ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىپ ۋە پىشىپ يېتىلىپ، بارغانچە ياخشىلىنىدۇ. ئەمما، بەزى ئادەت ۋە ئالاھىدىلىكلەر ياشلىق دەۋردىن كېيىن تۇراقلىشىپ قالىدۇ. رەھبەرنىڭ ۋەزىپىسى ئۆزىنىڭ مىجەزىدىكى ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئاندىن لې ئېيتقان 25 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، مىجەزىنى ياخشىلاش. بىز ئۆز - ئۆزىمىزگە جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۆزىمىزدىكى نۇقسانلىرىمىزنى، مىجەزلىرىمىزنى ۋە تەبىئىيتىمىزنى ياخشىلاش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئاتلىنىشقا بەل باغلىشىمىز كېرەك.

— قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ، دېگەن گەپ بار - دە! — دەپ پائۇل ئېتىراز بىلدۈردى.

— ئالدىرىماڭ، پائۇل گەپنىڭ ئېسىلى تېخى ئاخىرىدا،

www.uyghurkitap.com

— جاۋاب بەردى سىمپئون موناخ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى.

تەنەپپۇستىن كېيىن بىز دەرسىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا مۇنازىرە قىلدۇق.

سىمپئون موناخ بېشىنى كۆتۈرۈپ سۆز قىلدى، — ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، رەھبەرلىك قىلىش باشقىلار ئارقىلىق ۋەزىپىنى تاماملاشنى كۆرسىتىدۇ. باشقىلار ئارقىلىق ۋەزىپىنى تاماملاشنى تىلغا ئالغان ۋاقتىمىزدا، ئىشلار كۆپىنچە ياخشى بىجىرىلمەيدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بىز پەقەت ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشنىلا تەلەپ قىلىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئېتىبار بەرمىسەك ئاقىۋەت قانداق بولىدۇ؟

— ناھايىتى ئاددىي، — جاۋاب بەردى كىنگ، — مەن ئىشلەيدىغان دوختۇرخانىدىلا ئۇنىڭ نەق مىسالى بار. بۇنداق كىشىلەرنىڭ قول ئاستىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يۆتكىلىپ كېتىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى، ھېچكىم ئۇلار بىلەن خىزمەتداش بولۇشنى خالىمايدۇ.

— بۇ توغرا بولدى، كىنگ، — پەقەت خىزمەتكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە سەل قارىغاندا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تۇتۇپ قالغىلى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولمايدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىنتىزامغا رىئايە قىلمايدۇ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدۇ ۋە گېپىدە تۇرمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ.

— توغرا، بۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەن كۆڭلۈم يورۇپ كەتتى! — دېدىم مەن.

— مەن يېقىندا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللىمەكچى بولغان پاراكەندىچىلىكىكە يولۇق-

تۇم. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ بىزنىڭ پەقەت خىزمەتكىلا ئېتە-
بار بەرگەنلىكىمىزنىڭ ئاقىۋىتى ئوخشايدۇ. مەن پەقەت خىز-
مەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىلا تەلەپ قىلىپ، كىشىلىك مۇناسى-
ۋەتكە سەل قاراپتىمەن.

— ئەمما، خىزمەت ئىنتايىن مۇھىم، — دەپ لوقما سال-
دى پائۇل، — ئەگەر خىزمەتنى ياخشى ئىشلىيەلمىسەڭ، تاماق
قاچىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدىدە بولمىساق بولىدۇ.

— پائۇل، دېگىنىڭىز ئىنتايىن توغرا، — دەپ ئۇنىڭ
سۆزىنى سىمېئون موناخ قۇۋۋەتلىدى. سىمېئون موناخ، — پە-
قەت كىشىلىك مۇناسىۋەتكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەت كۆر-
سىتىدىغان رەھبەرنى تۇتمىغاندا، رەھبەرنىڭ بالا باققۇچىدىن
پەرقى بولماي قالىدۇ. ھەقىقىي رەھبەر خىزمەتلەرنى ئورۇنلاش
بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش
لازىم.

مەن كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدۇم:

— ئەمما، ھېس قىلىشىمچە، ئەھۋال بۇنداق ئەمەس.
بۈگۈنكى كۈندە كۆپ سانلىق كىشىلەر بولمىسىمۇ، ناھايىتى
نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي ئىقتىدارى ۋە خىزمەت
ئىقتىدارى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاساسلىق باشقۇرغۇچى قىلىپ
ئۆستۈرۈلۈۋاتىدۇ. ئەمما، مېنىڭ شەخسىي تەجرىبەمدىن قارى-
غاندا، بۇنى ئىنتايىن خەتەرلىك ئىش دېيىشكە بولىدۇ. مەسى-
لەن، بىز بىر نەپەر ئىنتايىن ياخشى كران شوپۇرىنى گۇرۇپپا
باشلىقلىقىغا ئۆستۈرگەندىن كېيىن، ئىككى قىيىن مەسىلە كې-
لىپ چىقىدۇ. بىر نەپەر چىركىن گۇرۇپپا باشلىقى كۆپىيىپ،
بىر نەپەر ياخشى شوپۇر ئازىيىدۇ. دېمەك، رەھبەرلىك قاتلىمى-
مىزدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كەسپىي ئىقتىدار ياكى خىز-
مەت ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەردۇر.

— ھەقىقەتەن شۇنداق، يوھان، — جاۋاب بەردى سىمې-

ئون موناخ، — بىز بۇرۇن ھوقۇقنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتكە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە قىلغانىدۇق. مەن ھازىر سىلەر-دىن سوراپ باقاي، كىشىلىك مۇناسىۋەت ھوقۇققا نىسبەتەن مۇھىممۇ؟ مەن ئۆمۈر بويى توپلىغان تەجرىبەمدىن ھېس قىلدىمكى، كىشىلىك ھايات مەيلى ئۆزى بىلەن ياكى باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسۇن، ئۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىن تۈزۈل-گەن. كارخانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بىر يىمىرىلمەس قانۇ-نىيەت. ئادەم بولمىسا كارخانىمۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەت بولغاندىلا، ئاندىن بەختلىك ئائىلە، ئىناق كوللېكتىپ، جۇشقۇن كارخانا، ھەتتا گۈزەل ھايات بولى-دۇ. ھەقىقىي ئۇلۇغ رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى چوقۇم ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولى-دۇ.

— سىمپئون، ئېخىمۇ ئېنىقراق سۆزلەپ بەرسىڭىز بو-لامدۇ؟ — قايتۇرۇپ سورىدى كىلىس، — مەن ئەزەلدىن كارخانا پەقەت خىش، سېمونت ۋە ماشىنىلاردىنلا تەركىب تاپقان دەپ قاراپتىتىم. بۇنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

— ئەگەر، بىز بىر كارخانىنى بارغانچە روناق تاپقۇزىمىز دەپ ئويلىساق، ئۇنداقتا چوقۇم تەشكىلات ئىچىدىكى C، E، O ۋە S لار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمىز زۆرۈر. C باش ئىش بېجىرگۈچى ئەمەلدارنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى خېرىدارلارنى كۆرسىتىدۇ. E ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى، O خوجايىن ياكى پايچىلارنى، S بولسا، مال تەمىنلەيدىغان سودىگەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر خېرىدارلارنىڭ بىزدىن رايى كېتىپ، ئۆزلىرىنى رەقىبىمىزنىڭ قوينىغا ئاتسا، بۇ بىزنىڭ خېرىدارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزدە مەسىلە بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بىز چوقۇم خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى

بايقىيالمىساق، ئۇلارنى رازى قىلىشتىن ئىبارەت ئىچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. سودىدا رىئايە قىلىدىغان بىرىنچى قائىدە: ئەگەر بىز خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىساق، ئۇنداقتا باشقىلار بىزنىڭ ئورنىمىزنى ئىگىلەيدۇ.

بۇ گەپ دەرھال ماڭا ياراپ كەتتى ـ دە:

— توغرا، بۇرۇنقىدەك زىياپەتكە تايىنىپ زاكاس مال قوبۇل قىلىدىغان ئۇنداق ۋاستىلەر ئاللىقاچان كارغا كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر خېرىدارلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىدىغىنى سۈپەت، مۇلازىمەت ۋە باھا! — دېدىم.

سىمېئون موناخ بېشىنى لىڭشىتىپ:

— يوھان، بۇ گېپىڭىز ناھايىتى ياخشى بولدى. بىز چوقۇم خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئوخشاشلا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ غەلىيان كۆتۈرۈشى، يۆتكىلىپ كېتىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، ئىش تاشلاش، جەڭگىۋارلىق روھىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى، مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە لەۋزىدە تۇرماسلىقتەك ناچار ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى كاپىتالىستلار بىلەن ئىشچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولماسلىقىدىن، كاپىتالىستلارنىڭ ئىشچىلارغا ياخشى غەمخورلۇق قىلماسلىقىدىن كېلىپ چىققان، — دېدى.

مەن دەرھال زاۋۇتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ غوۋغا چىقىرىشى توغرىسىدا خوجايىنىمنىڭ ماڭا مەسىلە باشقۇرۇشتا، دەپ ئېيتقانلىقىنى، ئەمما مېنىڭ قۇلاق سالمىغانلىقىمنى ئەسلىدىم.

— تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئەگەر خوجايىن بىلەن پايچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىساق، پۈتۈن كارخانىدىن چوڭ چاتاق چىقىدۇ. پايچىلار مەبلەغ سېلىشتىن كېلىدىغان يۇقىرى پايدىدىن باشقا نەرسىنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئەگەر بىز

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمايدىغان بولساق، پايچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز يامانلىشىدۇ، ئەلۋەتتە!

لي شۇئان ئىنكاس قايتۇردى:

— دەل شۇنداق، سىمېئون موناخ، ئەگەر پايچىلار قانائەت ھاسىل قىلمىسا، تەشكىلىمىز ئۇزۇنغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بۇ توغرۇلۇق مەن مۇنداق بىر ئاچچىق ساۋاقتا ئىگە. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، مەن ئارىزونا شتاتىدىكى بىر ئارامگاھنىڭ باش دىرېكتورى ئىدىم. ئەينى ۋاقىتتا كۆپچىلىك ئىناق بولۇپ، خۇشال - خۇرام خىزمەت قىلاتتۇق. ئەمما، نەتىجە قازىنىشقا سەل قاراپتىمىز. ئەڭ ئاخىرى، مەن بۇ يەردىن ئاستا ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، گېئولوگىيە ئوقۇشقا ئىنستىتۇتقا كىردىم.

— كەسىپ ئەھلىلىرى ۋە مال تەمىنلەيدىغان سودىگەرلەر بىزنى دېتال، مۇلازىمەت ياكى ئايلانما مەبلەغ بىلەن تەمىنلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئوخشاشلا بۇ قائىدىنى ئۇلارغىمۇ تەتبىقلاشقا بولىدۇ. مەڭگۈ تىجارەت قىلىشنى ئويلىغاندا، خېرىدارلار ۋە مال تەمىنلەيدىغان سودىگەر بىلەن مەڭگۈ ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاش كېرەك. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، تىجارەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كارخانىلارنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى شۇكى، ئۇلار خېرىدارلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، خوجايىن ۋە مال تەمىنلەيدىغان سودىگەرلەردىن ئىبارەت C، E، O، S قاتارلىق تەرەپلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. مېنىڭچە، بارلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئاددىي قائىدىنى ياخشى بىلىدۇ، — دېدى سىمېئون موناخ ئارقىدىنلا.

— سىمېئون، كېسىپ ئېيتقاندا، سىز قول ئاستىڭىزدىكىلەرنى ياكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى نېمە ئارقىلىق خۇش قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئۇ بولسىمۇ پۇل. باشقىسىنى سۆزلىمەيلى، ماڭا پۇل بېرىڭ! — دەپ سورىدى پائۇل

يەنىلا قايىل بولماي.

— ئەلۋەتتە پۇل ئىنتايىن مۇھىم، پائۇل، ئەگەر قايسى بىر كۈنى پۇلىڭىز بولمىسا، پۇلنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى بىلىپ قالىسىز. ئەمما، گېپىمىزگە كەلسەك، دۆلەت ئىچىدىكى ئۇن نەچچە يىللىق تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئىشچى-خىزمەتچىلەر تەشكىل تەرپىدىن ئېرىشىشنى ئەڭ زور ئۈمىد قىلىدىغان نەرسىلەر ئىچىدە پۇل پەقەت تۆتىنچى ياكى بەشىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئەكسىچە، ئىززەت - ھۆرمەتكە ۋە ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشىش، تەشكىلگە تۆھپە قوشۇش ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغان بولۇش قاتارلىق ئامىللار پۇلنىڭ ئالدىدا تۇرىدىكەن. بىراق، ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مۇتلەق كۆپ سانلىق رەھبەرلەر بۇنداق تەكشۈرۈشلەرگە دىمىغىدا كۈلۈپلا قويىدۇ.

لىنىڭ روھىي ھالىتىدىن بىئاراملىق ۋە سۆز قىلىشقا ئىند-تىلىش ئالامەتلىرى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، ئاخىرى ئۇ:

— مەملىكىتىمىزدىكى نىكاھ ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى! نىكاھ بىر خىل شېرىكلىك مۇناسىۋىتىنى ئەمەس ياكى ئۇنى تەشكىل دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئەمما، ھازىر نىكاھلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئەڭ ئاخىرى مەغلۇپ بولىدۇ! سىلەر نىكاھنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان سەۋەبنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ بولسىمۇ پۇل ۋە ئائىلە ئىقتىسادىدا كۆرۈل-گەن مەسىلە! سىلەر بۇنداق چۈشەندۈرۈشكە ئىشىنەمسىلەر؟ بۇنداقچە بولغاندا، نامرات كىشىلەر نىكاھتا چوقۇم ۋەيران بو-لامدۇ؟ ھەقىقەتەن كۈلكىلىك! ئۆزۈمنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان چېركاۋغا قاراشلىق رايوندا كېلىشەلمەيدىغان ئەر - ئاياللارغا كونسۇلتاتسىيە قىلىپ بېرىش تەجرىبەمدىن قارىغاندا، نىكاھىدا مەسىلە كۆرۈلگەن ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسى تىغ ئۇچىنى ناھايىتى تەبىئىي ھالدا پۇلغا قارىتىدۇ. چۈنكى، بۇ بىر ناھايىتى روشەن سەۋەب بولغاندىن سىرت، بىز يەنە ئۇنى ناھايىتى ئاسانلا

ئۆزىمىزگە قالقان قىلىپ پايدىلىنالايمىز. ئەمما، نىكاھنىڭ بۇزۇلۇشىدىكى ھەقىقىي سەۋەب ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىغانلىقىدا بولسا كېرەك! — دېدى

— ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك سۆز قىلدىڭىز! — دېدىم مەن سۆز قىستۇرۇپ، مەن باشقۇرغان زاۋۇتىمۇ شۇنداق بولغان. يېقىندا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشنى مەسلىھەتلەشتى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ماڭا بۇ ئىشنىڭ پۇلغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھەمدە مېنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەم بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما، مەن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلغان مەسلىھەتچى بۇ ئىشنىڭ پۇل بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىنى ئېيتتى. بۇ كاپىتالىستلار بىلەن ئىشچىلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە مەسىلە بار دېگەن پىكىردە قەتئىي چىڭ تۇردى. ئەمما، مەن ئەينى ۋاقىتتا بۇ كۆز قاراشقا قوشۇلمىغانىدىم. ھازىر ئويلىسام ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى گېپى توغرا ئىكەن!

— سىمپئون، توغرا، تەشكىل ياكى كىشىلىك ھاياتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىنتايىن مۇھىم. مەن سىزنىڭ پىكرىڭىزگە تولۇق قوشۇلىمەن… بىراق، سىزچە كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان شەرت نېمە؟ — دەپ سورىدى لىزا ئارقىدىنلا.

— بۇ سوئالنى سورىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن، لىزا، — سىمپئون موناخ دەرھال جاۋاب بەردى، — جاۋابى ناھايىتى ئاددىي، ئۇ بولسىمۇ ئىشەنچ دېگەن بىر سۆزدىنلا ئىبارەت. ئەگەر ئىشەنچ كەم بولسا، كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ. ئىشەنچ خۇددى يېلىمغا ئوخشاش، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تۇتۇپ تۇرىدىغان نەرسە. ئىشەنمىسەڭلار، مۇنداق بىر مەسىلىنى ئويلاپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بېقىڭلار: سىز ئۆزىڭىز ئىشەنمەيدىغان ئادەم بىلەن چىقىشالامسىز؟ ئۇنى ھەپتە ئاخىرىدىكى كەچلىك زىياپەتكە بىللە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلامسىز؟ ئىشەنچ ئاساسى بولمىسا نىكاھ بۇزۇلىدۇ؛ ئائىلە ئەزالىرى يىراقلىشىدۇ؛ تەشكىل ۋەيران بولىدۇ؛ دۆلەت يىمىرىلىدۇ. ئەمما، ئىشەنچلىك بولۇش ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. بۇ نۇقتىنى بىر دەمدىن كېيىن تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىمىز.

مەن بۇ يەرگە كەلگەن بىرىنچى كۈنى بىز نۇرغۇن مەسىلىلەرنى مۇنازىرە قىلدۇق. ئەمما، مەن پەقەت يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرىنىلا ئېسىمدە تۇتالىدىم.

ھېسسىياتىم ئۆركەشلەپ، پىكرىم قالايمىقانلىشىپ زادىلا ئارام تاپالمىدىم. كەچكىچە قاتتىق چارچىغانلىقىمدىن دىققىتىمنى يىغالماي قالدىم. مەن «ئىمزا» قويغان مەسئۇلىيەتلەر — ئاتا، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى، ئائىلە باشلىقى ۋە تربىيىرغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتلەر مېنىڭ ھوقۇقۇقا تايىنىپ يېتەكچىلىك قىلىشىم سەۋەبىدىن بەربات بولۇپ، روھىم چۈشكۈنلىشىپ قەددىمنى رۇسلىيالماي قالغانلىقىمدەك ئىشلار كاللامدىن زادىلا نېرى كەتمىدى. شۇ كۈنى كەچتە، ھېرىپ ھالىمدىن كەتكەنلىكىمدىن، خۇددى يىقىلىپ چۈشكەندەك، ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ، خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئۇيقۇغا غەرق بولدۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىككىنچى كۈنى

كونا كۆز قاراشلارغا ئىسلىئۇپلىش ۋە كونا قېلىپنى بۇزۇپ تاشلاش...

— ئىلھام كەلگەندە...

ئىككىنچى كۈنى سەھەر سائەت تۆتتىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، مەن ئويغىنىپ كەتتىم. كارىۋات ئۇستىدە بىر ئاز يېتىۋېلىشنى ئويلىدىمىيۇ، بىراق سىمېئون موناخنىڭ موناستىردا مېنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېسىمگە ئېلىپ، ئىسسىق ئورنۇمدىن دەرھال تۇرۇپ كەتتىم، يۈزۈمنى ھاپىلا ـ شاپىلا يۇيدۇم ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئىشىكتىن چىقتىم.

مەن موناستىرغا يېتىپ بارغاندا، سىمېئون موناخ ئۆزىنىڭ ھەر قېتىملىق ئىبادەت ۋاقتىدا ئولتۇرىدىغان ئورنىدا ئولتۇراتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا ئۆز يېنىدا ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. مەن ھۆرمەتتىن ئۆتەرەك بۇيرۇققا ئىتائەت قىلغان قىياپەتتە ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم ۋە:

— كەچۈرۈڭ، مەن سىزنى تولىمۇ سەھەر تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىپ قويدۇم، — دېدىم. ئۇنىڭغا خىجالەت بولۇپ.

— ھېچ ۋەقەسى يوق. يوھان مەن ئورنۇمدىن تۇرغىلى خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى. سىز بىلەن پاراڭلىشىش پۇرسىتى چىقىپ تولىمۇ ياخشى بولدى. تۈنۈگۈن سىز ئەتىگەنلىك تاماقنى بىللە يېيىشنى ئېيتقانىدىڭىز، مەن بۇنى مۇدىرغا دېدىم. لېكىن، ئۇ قوشۇلمىدى. ئۇ پەقەت ئىككىمىزنىڭ ئەتىگەن سائەت بەش يېرىمدىكى ئىبادەتتىن ئىلگىرىلا ئۇچرىشىشىمىزغا رۇخسەت قىلدى.

— مۇدىر ھەقىقەتەن «ئۇلۇغ» ئىكەن ـ ھە! — دېدىم

مەن.

— يوھان، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرغا قەدەر نىمىلەرنى ئۆگىنىۋالغانلىقىڭىزنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— ھوقۇق ۋە نوپۇز دېگەنلەرگە ئوخشاش نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم، — دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن، — بۇلار ماڭا نىسبەتەن ھەقىقەتەن يېڭى نەرسىلەر ئىكەن. ھە، راست، سىمپئون، سىز مېنىڭ كىنگنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالمىغانلىقىمنى قانداق بىلدىڭىز؟

— بۇ ناھايىتى ئوڭايغۇ يوھان، مەن سىزنىڭ باشقىلارنىڭ گېپىنى ئانچە دىققەت قىلىپ ئاڭلىمايدىغانلىقىڭىزنى بايقىغانمەن.

— بۇنداق ئەمەستۇ، مەن ئۆزۈمنى ئىزچىل تۇردە ئەڭ ياخشى تىڭشىغۇچى دەپ قاراپ كېلىۋاتىمەن، — دېدىم دەرھال ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ.

— شۇنداقمۇ؟ تۇنۇگۈن ئەتىگەن بىز سىزنىڭ ياتىقىڭىزدا ئۇچراشقان چاغدا، سىز مېنىڭ گېپىمنى ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم بۆلۈۋەتتىڭىز. يوھان بۇ مەن ئۇچۇن بەرىبىر، ئەگەر سىز قول ئاستىڭىزدىكىلەرنىڭ گېپىنى دائىم شۇنداق بۆلۈۋەتسىڭىز، ئۇلارنىڭ نىمە دەپ ئويلاپ قالىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئەجىبا، ئىلگىرى ھېچكىم سىزگە سىزنىڭ مۇشۇنداق كەمچىلىكىڭىز بارلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتمىگەنمۇ؟

— ياق ئەسكەرتمىگەن، — دېدىم مەن يالغان سۆزلەپ، ئەمەلىيەتتە مارى ئىلگىرى ماڭا كۆپ قېتىم قاقشاپ، مېنىڭ ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاخىرغىچە ئاڭلىمايدىغانلىقىم، ھەمىشە باشقىلارنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىشقا تەييار تۇرىدىغانلىقىم، بۇنداق قىلىشنىڭ باللارغا ئېلىپ كېلىدىغان زەربىسىنىڭ قانچىلىك چوڭ بولىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدى. مارى يەنە ماڭا مېنىڭ خىزمەتتىمۇ مۇشۇنداق كەمچىلىك-

نەردىن پەقەتلا خالىي بولالمايدىغانلىقىم، لېكىن بۇنى مېنىڭ ئالدىمدا تىلغا ئېلىشقا ھېچكىمنىڭ جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقى قاتارلىقلارنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنىمۇ دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، ئىلگىرى مەلۇم بىر ئادەم خىزمەت ئۈستىدە ماڭا مۇشۇنداق گەپلەرنى دېگەنىدى. ئۇ بولسىمۇ مەلۇم بىر مەھسۇلات دىرېكتورى بولۇپ، ئۇ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، رىقابەتچىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشتىن ئىلگىرى مېنى تەنقىد قىلىپ، مېنىڭ ئۇ ئۇچراتقان كىشىلەر ئىچىدىكى باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا ئەڭ دىققەت قىلمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئېيتقانىدى. لېكىن، ئۆز ۋاقتىدا مەن ئۇنىڭ گېپىگە قىلچە ئېرەن قىلمىغانىدىم. چۈنكى، مېنىڭ نەزىرىمدە خائىنىنىڭ گېپى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاشقا پەقەتلا ئەرزىمەيتتى.

— جون، سىزگە ئوخشاش ھەممىشە باشقىلارنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىش كىشىلەردە ناھايىتى يامان تەسىر قالدۇرىدۇ. بىرىنچىدىن، بۇنداق قىلىش سىزنىڭ مېنىڭ گېپىمگە قىلچە قۇلاق سالماي، ئەكسىچە ئۆز كاللىڭىزدا توختاۋسىز ھالدا مېنىڭ گېپىمگە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئويلىنىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇنداق قىلىش سىزنىڭ قارشى تەرەپكە ياكى مېنىڭ كۆز قارىشىمغا قىلچە پەرۋا قىلمايۋاتقانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، سىز مېنىڭ سۆزۈمنى تۈگىتىۋېلىشىمغا يول قويمىدىڭىز. ئۈچىنچىدىن، بۇنداق قىلىش يەنە سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ گېپى مېنىڭ گېپىمدىن ئۈستۈن ۋە ئاقىلانە ھېسابلايدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدۇ. جون، سىزنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىڭىزدە سىزنىڭ باشقىلارنى تولىمۇ ھۆرمەت قىلمايدىغانلىقىڭىز چىقىپلا تۇرىدۇ. ئەگەر سىز رەھبەر بولسىڭىز، بۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

— لېكىن، سىمېئون، مەندە قىلچە ئۇنداق ئوي يوق. مەن سىزنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى

ئىنكار قىلىپ، ـــ يوھان ھۆرمەت قىلىشنى پەقەت كۆڭلىدىلا ئويلاپ قويسا بولمايدۇ، بۇنى يەنە ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلەش كېرەك.

ـــ بولىدۇ، مېنىڭچە مەن ئۆزۈمنى بۇ تەرەپتە يەنە ئۆز-گەرتسەم بولغۇدەك، ـــ گەپنىڭ تېمىسىنى بۇراش مەقسىتىدە ئالدىراپلا جاۋاب بەردىم مەن.

ـــ ئۆزىڭىز توغرىسىدا سۆزلەپ بېقىڭا يوھان، ـــ سىمې-ئون موناخ مېنىڭ سۆز تېمىسىنى بۇراش ئويۇمنى بىلىۋالغان بولسا كېرەك. ماڭا ماسلاشقاندەكلا مەندىن بۇ سوئالنى سورى-دى.

مەن بەش مىنۇتچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تونۇشتۇردۇم. ئاندىن يەنە ئوخشاش ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۇ-نىڭغا «ئۇنىڭ بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغانلىقىم»نى ۋە ئېسىمدىن چىقمايدىغان قورقۇنچلۇق چۈشۈمنى قىسقىچە بايان قىلىپ بەردىم. سىمېئون موناخ خۇددى بۇ دۇنيادا مېنىڭ سۆ-زۈمدىنمۇ مۇھىم نەرسە يوقتەك، پۈتۈن دىققىتى بىلەن گېپىمگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى. لېكىن، ئۇ كۆزۈمگە قاراپ ئولتۇ-رۇپ، ئاندا ـ ساندا بېشىنى لىڭشىتىپ سۆزۈمنى چۈشىنىۋاتقان-لىقىنى ئىپادىلەپ قويغاندىن باشقا، باشتىن ـ ئاخىر بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى… سۆزۈم ئاخىرلاشقانغا قەدەر سەۋرچانلىق بىلەن تىڭشاپ ئولتۇردى.

بىر ـ ئىككى مىنۇتلۇق سۈكۈتتىن كېيىن سىمېئون موناخ ئېغىز ئېچىپ، ـــ يوھان ماڭا بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەنلى-كىڭىزگە رەھمەت. بۇ ناھايىتى قىزىقارلىق ھېكايە ئىكەن! مەن ئەزەلدىن كىشىلىك ھاياتقا دائىر كىچىك ھېكايىلەرنى ئاڭلاشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، ـــ دېدى.

ـــ شۇنداقمۇ؟ بىراق، مېنىڭ ھېكايەم ھېچقانچە ئۆزگىچە ئەمەسقۇ؟ سىز مېنىڭ ئۆزىڭىز بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ

قېلىشىمغا قانداق قارايسىز؟ بۇ زادى قانداق ئىش؟ — دەپ سورىدىم مەن، ئارىسالدى بولغان قىياپەتتە.

— مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن··· يوھان، — دېدى ئۇ ئېڭىكىنى سىلىغاچ، — مەن سىزنىڭ ئايالىڭىزنىڭ گېپىنى بىر قەدەر قوللايمەن، مېنىڭچە ئۇنىڭ ئىچىدە چوقۇم مەلۇم سىر بار. نېمىدېگەن بىلەن بىز يوشۇرۇن ئالىڭ ۋە چۈشكە تەبىر بېرىشتە تېخى دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتىمىز. بەلكىم چوڭقۇر ۋە مول مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن، پەقەت بىز بۇلارنى بىلمەيمىز، خالاس.

— ھەئە، مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن.

— بۇندىن باشقا، يوھان بۇ ھەپتىدە مەن سىز ئۈچۈن قىلىپ بېرەلىگۇدەك قانداق ئىشلار بار؟

— سىمپئون، مەن سىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىڭىزدىن ئازراق ئوغرىلىۋالالىسامكەن دەيمەن. مەن بۇ ۋاقىتلارنى تولىمۇ جاپا ۋە خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم. توققۇزى تەل ئادەم ئەسلىدە كۆڭلى توق ۋە خاتىرجەم ئۆتسە بولاتتى. لېكىن، مەن ھەرگىز بۇنداق ئەمەسمەن!

— يوھان، مەن كۆپ يىللىق ۋاقىتىمنى سەرپ قىلىش ئارقىلىقلا، يېتەرلىك ماددىي تۇرمۇشنىڭ چوقۇم بەختنىڭ كاپالىتى بولالىشىنىڭ ناتايىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، — سىمپئون موناخ خۇددى ئۇلۇغۋار بىر ھەقىقەتنى سۆزلەۋاتقاندەك سۆزلەيتتى، — «ئەگەر ئەتراپىڭىزدىكى شەيئىلەرنى كۆرىدىغان بولسىڭىز، ھەقىقىي بەختنىڭ چوقۇم ھەقسىز ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.»

— بۇ گەپ راستمۇ؟ سىمپئون.

— يوھان، پىكرىڭىزنى ئەركىن قويۇۋېتىپ، ياخشىراق ئويلاپ بېقىڭ. مۇھەببەت، نىكاھ، دوست، پەرزەنت، نەۋرە··· كۈن چىقىش، كۈن پېتىش، ئايدىڭ كېچە، جىمىر - جىمىر

يۇلتۇزلار··· يېڭىلا تۇغۇلغان بوۋاق··· گۈل ـ گىياھلار، كۆل-لەر، بۇلۇتلار··· تۇغما سېزىم، تەم سېزىمى، پۇراق سېزىمى، ئاڭلاش سېزىمى، كۆرۈش سېزىمى··· جىنسىي مۇھەببەت··· خوجايىنلىق قىلىش ھوقۇقى··· ھەتتا ھاياتنىڭ ئۆزى··· قاتارلىق خۇشاللىقلارنىڭ قايسى بىرى ھەقسىز ئەمەس؟

موناخلار موناستىرغا كىرىشكە باشلىدى. ئىبادەت قىلىش ۋاقتى توشتى. شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ خوشلىشىشقا مەجبۇر بول-دۇق.

— سىمېئون، مەن بۇ ھەپتىدە سىزدىن كۆپرەك نەرسە ئۆگىنىۋېلىشنى بەك ئۈمىد قىلىمەن. گەرچە مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۆگىنىۋالالايدىغانلىقىمنى جەزم قىلالمىساممۇ، لېكىن مەن پۇتۇن كۈچۈم بىلەن تىرىشىمەن. ماڭا شۇنىسى ئايانكى، مەن تاماق قاچام، ھەتتا ئائىلەم ۋەيۋان بولۇپ كېتىشتىن ئىلگىرى، تىرىشىپ ئۆز خاراكتېرىمنى ياخشىلاپ، تۇرمۇشۇمنى نورمال ھالەتكە قايتۇرۇپ كېلىشىم كېرەك. بىراق، راستىنى ئېيت-سام، مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ ئازابلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. سىز بىلەن قانچە مۇلاھىزە قىلغانسېرى، ئۆزۈمە-نىڭ ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمنى شۇنچە چۈشىنىپ يەتتىم. مەن ئۆزۈمگە نىسبەتەن ئەزەلدىن ھازىرقىدەك ئۈمىد-سىزلىنىپ باقمىغانىدىم.

— يوھان، لېكىن بۇ بىر ياخشى باشلىنىش، — دېدى سىمېئون موناخ كۈلۈمسىرىگىنىچە.

دۈشەنبە ئەتىگەن، چوڭ سائەت توققۇز قېتىم جاراڭلىدى، دەرسخانا ئىچى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا لىق تولدى.

سىمېئون موناخ كۆپچىلىككە قاراپ مۇلايىم كۈلۈپ قويغان-دىن كېيىن، — بىز تۈنۈگۈن مۇنازىرە قىلغان مەسىلىگە نىس-بەتەن، چوقۇم ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشتىكى كىشىلەر بار، شۇنداقمۇ؟ — دېدى تەكەللۇپ بىلەن.

www.uyghurkitap.com

— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز! بىز تونۇغۇن ئۆگەنگەن بالىلار ھېكايىلىرىگە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتا قىلچە پايدىسى يوق، — دەپ ئالدىراپ جاۋاب بەردى. پائۇل خۇددى پۈتۈن سىنىپتىكىلەرگە ۋاكالىتەن سۆز قىلىۋاتقاندەك تەرزدە سۆزلەپ تۇرۇپ.

لې بېشىنى چايقاپ:

— جانابىي ئەسكەر! ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەڭ، ئۆزىڭىز ئەمرۇ - مەرۇپلارغا چىڭ ئېسىلىۋالىدىكەنسىز، كاللىڭىزنى يېڭىلىسىڭىز بولغۇدەك، — دېدى.

— «ئەمرۇ - مەرۇپ» دەپ نېمىنى دېمەكچىسىز باستېر ئەپەندى؟ بۇ دەل سىلەرنىڭ «ئىنجىل» ىڭلاردىكى ھېلىقى گەپلەر ئەمەسمۇ؟ — دېدى، پائۇل ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ.

— «ئەمرۇ - مەرۇپ» دەپ ناھايىتى ياخشى ئېيتتىڭىز، — دېدى سېمېئون موناخ ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا. بىزنىڭ كىشىلىك ھاياتىمىزغا يۈنىلىش بەلگىلەشتە قوللىنىلىدىغان، ئەگەر ئۇلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىدىغان بولساق، تېپىك ئۇلگىنىڭ رولى ناھايىتى زور بولىدۇ، ھەتتا ئۇ ئارقىلىق ھاياتنى قوغداپ قالغىلى بولىدۇ. لېكىن، يېڭى ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىشقا نىسبەتەن يامان رول ئويناپ قېلىشى مۇمكىن.

— شۇنداقمۇ، مەن چۈشەندىم. مەن راستتىنلا ئەمرۇ - مەرۇپلارغا ئېسىلىۋاپتىمەن! مەن پوپلارنى قارا نىيەت رەزىل كىشىلەر، شۇڭا ئۇلارغا ھەرگىز يېقىن يولىماسلىق كېرەك دەپ ئويلاپ كەپتىكەنمەن... مەن كوماندىرىمدىن خۇش بولسام بولغۇدەك، ئەمىسە مۇبادا، ئۇ مېنى بۇ يەرگە بارسەن، دەپ تۇرۇۋالمىغان بولسا، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ بۇ كونا كۆز قاراشلىرىمدىن مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدىلا پۈتۈنلەي ئادا - جۇدا بولالمىغان بولاتتىم، — دېدى پائۇل كۈلۈپ تۇرۇپ.

— رەھمەت، چۈشەنچە بەرگەنلىكىڭىزگە پائۇل، — دېدى

سىمپئون موناخمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ كونا كۆز قاراشلار تۆپەي-
لىدىن شەكىللىنىدىغان خەۋپ ھەققىدە مەن مۇنداق بىر مىسال
ئېلىپ ئۆتەي، ئويلاپ بېقىڭلار، مۇبادا مەلۇم بىر قىز كىچىكى-
دىن تارتىپلا دادىسىنىڭ خورلىشىغا ئۇچراپ كەلگەن بولسا،
ئۇنىڭدا شەكىللىنىدىغان دۇنيا قاراش قانداق بولار؟ ئۇ چوقۇم
ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئەسكى، ھەممىسى ئىشەنچسىز
دەپ ئويلايدۇ. ئۆز دادىسىنىمۇ ئۆلگۈدەك ئۆچ كۆرىدۇ. ئۇ چوڭ
بولغاندىن كېيىن بولسا، ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە
پۈتۈنلەي ئامالسىز قالىدۇ.

ــ مەن چۈشەندىم، ــ دېدى كىنگ، ــ كىچىك قىز-
چاقتا كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا شەكىللەنگەن كونا كۆز قاراش
ئۇنىڭ ھەممە ئەرلەر ناھايىتى ئەسكى دەپ قارىشىغا سەۋەبچى
بولىدۇ. لېكىن، گەپنىڭ توغرىسى بولسا، پەقەت بىر قىسىم
ئەرلەرلا ناھايىتى ئەسكى. بۇنى مۇنداقچە ئېيتقاندا، كىچىك
قىزچاقنىڭ كىچىك ۋاقتىدا ئەسكى دادىسى بىلەن بىرگە تۇرۇش
جەريانىدا شەكىللەندۇرگەن تەجرىبىسى، ئۇ چوڭ بولغاندىن كې-
يىن خاتا ھالدا يېتىلىپ، كونا كۆز قاراشقا ئايلىنىپ قالغان.

ــ گېپىڭىز ناھايىتى توغرا، كىنگ، ــ دېدى سىمپئون
موناخ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆزى-
مىزدە بالىلىق چاغلىرىمىزدىن تارتىپ شەكىللەنگەن كۆز قاراش-
لار ئۈستىدە مەيلى ئۇ ئۆزىمىز بىلەن ياكى ئەتراپىمىزدىكى دۇنيا
بىلەن، ياكى تەشكىلاتلار بىلەن ۋە ياكى باشقىلار بىلەن مۇناسى-
ۋەتلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دائىم قايتا ئويلىنىپ بېقىشى-
مىز كېرەك. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، (ئادەملەر تاشقى دۇنيانى
چۈشىنىشتە ئۆزىدە شەكىللەنگەن تىپىك چۈشەنچىلەرگە تايىنى-
دۇ. لېكىن، بۇ تىپىك چۈشەنچىلەر ھەرگىزمۇ مۇقەددەس دەس-
تۇرلاردا سۆزلىنىدىغان مۇتلەق ھەقىقەت ئەمەس.

ــ ئىلگىرى كىتابلاردا، مەن بەزىلەرنىڭ ئادەملەر دۇنيا-

نىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار دۇنيانى پەقەت ئۆز چۈشەنچىسى بويىچىلا چۈشىنىدۇ، دەپ يازغانلىقىنى ئوقۇغان، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا، — چۈنكى، ئادەملەرنىڭ چۈشەنچىلىرى ھەر خىل بولغاچقا ئۇلارنىڭ تاشقى دۇنيا ھەققىدىكى چۈشەنچىسىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. شۇڭا، ئادەملەرنىڭ باي - كەمبەغەللىك پەرقى، ئىرقىي پەرقى، ياش - قېرىلىق پەرقى ۋە سالامەتلىك پەرقى قاتارلىق جەھەتلەرگە ئاساسەن ھەر خىل بولىدۇ. باشقىلارنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۆزۈم بىلەن ئايالىمنى ئېيتسام، جەزم قىلالايمەنكى، ئىككىمىزنىڭ دۇنيا قارىشىمىزمۇ چوقۇملا ئوخشاش ئەمەس.

— مارك. تۋېن: «تەجرىبە - ساۋاقلارغا ئالاھىدە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ھەرگىزمۇ بىر قېتىم قايناقسۇ ئىچىپ ئاغزى كۆيۈپ قالسا، سوغۇق سۇنىمۇ پۈۋلەپ ئىچىدىغان بولۇپ قالماسلىق كېرەك» دەپ ئېيتقانىدى، — دەپ گەپ قىستۇردى لىزامۇ بوش كەلمەي.

— پاھ، سۆزۈڭلار قالتىس پاساھەتلىك بولدىغۇ، — دېدى سىمېئون موناخ ئادىتى بويىچە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — بىز مونۇلارنى ياخشى ئويلاپ باقساق بولىدۇ: ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن قالغان بىلەت تاشلاش ھوقۇقى نېگىرلارنى تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋان دەپ قاراش پادىشاھ خەلقنى ئىدارە قىلىدۇ دېگەن قاراش؛ پۇتبول مەيدانىدا ئاق رەڭلىك مىخلىق ئاياغ كىيىشكە بولمايدۇ دېگەن قاراش: ئايالللار پەقەت ئۇزۇن چاچ قويۇپ، سىرغا ئاسسىلا بولىدۇ دېگەن قاراش ۋەھاكازالار. بۇ قاراشلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە ناھايىتى تونۇشقۇ دەيمەن. يېقىنچە تەبىر بېرىش ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ناھايىتى جەڭگىۋارلىقىقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھەمىشە ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك، كىشىنى ئازدۇرىدىغان گەپلەر دەپ قارىلىدۇ. ھەتتا بەزىدە ئەكسىيەتچى دەپ گۇناھ ئارتىلىدۇ. كونا كۆز قاراشلارغا جەڭ



www.uyghurkitap.com

ئېلان قىلىش ھەقىقەتەن جاپالىق. لېكىن، بۇنداق قىلىش ئىلـ-
گىرىلەشنىڭ مۇھىم ئاچقۇچى. دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى بارغانسېـ-
ـرى تېزلەشمەكتە. ئەگەر بىز ئۆز قىبلىنامىمىز ۋە كۆز قاراشـ-
لىرىمىز توغرىسىدا ئۆز ۋاقتىدا قايتا ئويلىنىشنى بىلمەيدىغان
بولساق، ئۇ چاغدا بىز دەۋر تەدبىرىدىن شاللاپ تاشلىنىمىز!

— ئۆزلۈكسىز ياخشىلاش سادالىرى شۇنىڭ ئۈچۈن بارغانـ-
ـسېرى كۈچىيىپ كېتىپتىكەن - دە، ئەگەر كارخانىلار ئۆزلىرىـ-
ـنىڭ كۆز قاراش ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى تەڭشىمىسە، ئۇ
چاغدا چوقۇم ئۆزىنىڭ رىقابەتچىلىرى ۋە پۈتۈن دۇنيا تەرىپىدىن
شاللاپ تاشلىنىدۇ. لېكىن، ئۆزگىرىش تولىمۇ قىيىن ئىش.
سىز نېمىشقا ئۆزگىرىشنى بۇنچىۋالا تەكىتلەيسىز سېمېئون؟
— دېدى كلىس.

— ئۆزگىرىش بىزنى ئەسلىدىكى خاتىرجەم مۇھىتتىن
تارتىپ چىقىپ، بىزنى يېڭىچە ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا مەجبۇر
قىلىدۇ. بۇ دەل ئۆزگىرىشنىڭ قىيىن ھېسابلىنىدىغان يېرىـ-
ـدۇر. ئۆزىمىزدە ئىلگىرى شەكىللەنگەن ئوي - پىكىرلەرگە
جەڭ ئېلان قىلىش بىزدىن ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز
ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش
ئەلۋەتتە ئاسان ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىـ-
ـنىڭ كىچىك دۇنياسىدا خاتىرجەم كۈن كەچۈرۈشنى خالايدۇ.
كى، مەسىلىنى ھەل قىلىپ ئازاب ۋە قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن
غالىب كېلىشنى خالىمايدۇ، — دېدى ئىتتىكلا سىمېئون موناخ.
— چۈنكى ھەممە ئادەم راھەت - پاراغەتكە ئىنتىلىدۇ -
دە! — دېدى رىزا مېيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ.

كلىس سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ھاياتلىقتا مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە يوق. شۇنىڭ
ئۈچۈن، مەيلى شەخس ياكى تەشكىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،
ھەممىسى ئۆز ئەھۋالىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا ياخشىلاپ ۋە تەڭشەپ

تۇرغاندىلا، ئاندىن ئۆزگىرىشكە ماسلىشالايدۇ. تەبىئىي تاللاش قانۇنىيىتى بىزگە شۇنى ئېنىق ئۇقتۇرىدۇكى، ئەگەر ئۆزلۈكسىز تەڭشەپ ۋە ياخشىلاپ تۇرمىغاندا، زاۋاللىققا يۈز تۇتماقتىن باشقا ئامال يوق!

— ئادەتتىكى كىشىلەر پەقەت ئۆزلۈكسىز ياخشىلاپ تۇرۇش لازىملىقىنى چۈشىنىدۇ، — دېدى سىمپسون ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ، — ھەقىقىي ئۆزگىرىش ھاسىل قىلمىغاندا، ئۇنى ھەرگىزمۇ ياخشىلىنىش بولدى دېگىلى بولمايدۇ. پەقەت كونا قائىدە - پرىنسىپلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭىچە ۋەزىيەت يارىتىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان كىشىلەرگە رەھبەرلىك قىلىشتەك ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدۇ!

— بېرنارد شاۋ مۇنداق دېگەنىدى، — دېدى رىزا، — سەگەك ئادەم ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق مۇھىتقا ماسلىشىدۇ. ھالبۇكى، گالۋاڭ ئادەملەرلا مۇھىتنى ئۆزىگە ماسلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. دېمەك، سىزچە بولغاندا تەرەققىياتنىڭ ھەممىسى گالۋاڭ ئادەملەر تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەنىكەن - دە!

— مەن ھەمىشە كوماندا ئەزالىرىغا مۇنداق دەيمەن، — دېدى كلىس، — ئىت چانىسىدا باشلامچى ئىت ھەمىشەم مۇنداق ئۈچ خىل پايدىغا ئېرىشەلەيدۇ. بىرىنچىدىن، ھەممىدىن ئاۋۋال ئەڭ ساپ قارغا ئېغىز تەگكۈزەلەيدۇ. ئىككىنچىدىن، ھەممىدىن ئاۋۋال يېڭى مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلىنالايدۇ. ئۈچىنچىدىن، ھەمىشە باشقا ئىتلارنىڭ كۆتىنى پۇراپ مېڭىشقا مەجبۇر بولمايدۇ.

— رەھمەت سىزگە كلىس، مەن بۇنداق گەپنى تېخى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم، — دېدى سىمپسون موناخ كۈلۈپ تۇرۇپ.

سىمپسون موناخ دوسكا ئالدىغا بارغاندىن كېيىن كۆپچىلىك-

تىن ھەممىمىزدىن بىرلىكتە باش قاتۇرۇپ، كونىچە كۆز قاراش-
لار بىلەن يېڭىچە كۆز قاراشلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ چىقىد-
شىمىزنى تەلەپ قىلدى. ئاندىن كۆپچىلىك ئوتتۇرىغا قويغانلار-
نى دوسكىغا يازدى (1 ـ 2 ـ رەسىمگە قاراڭ).

| كونا كۆز قاراش | يېڭىچە كۆز قاراش |
|---|---|
| ئامېرىكىچە مەنمەنلىك | يەر شارىلاشقان ئەركىن رىقابەت |
| مۇستەبىتلەرچە باشقۇرۇش | ھوقۇقنى قويۇۋېتىپ باشقۇرۇش |
| ياپونىيە = ئەخلەت مەھسۇلاتلار | ياپونىيە = يۇقىرى سۈپەتلىك مەھسۇلاتلار |
| باشقۇرۇش | رەھبەرلىك قىلىش |
| سۇبيېكتىپ جەھەتتىن بېكىتىش | ئوبيېكتىپ سەۋەب ـ نەتىجە |
| بۇزۇلغاندا ئاندىن بىر گەپ بولار | ئۆزلۈكسىز ياخشىلاش |
| قىسقا مەزگىللىك پايدا ئېلىش | قىسقا مەزگىللىك پايدا بىلەن ئۇ-زۇن مەزگىللىك پايدا ئېلىشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش |
| ئىشچى | شېرىك |
| ئۆزگىرىشنى رەت قىلىش ۋە ئۆزگىرىشتىن قورقۇش | ئۆزگىرىشنى ئادەتتىكى ئەھۋال دەپ قاراش |
| لاياقەتلىك بولمىسىلا كۇپايە | سۈپەتسىز مەھسۇلات ئىشلەپچىد-قارماسلىق |

سىېئون موناخ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ئەلۋەتتە 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان چېغىمىزدا كار-
خانا باشقۇرۇش جەھەتتىكى بىر قىسىم كونا كۆز قاراشلار ئۆس-

تىمدە قايتا ئويلانماي بولمايدۇ. خۇددى بىز بايا تىلغا ئىلىپ ئۆتكەن ھېلىقى كىچىك قىزچاقىقا ئوخشاش. بىز بىلگىنىم ئەمەلى-يەتكە ئويغۇن كەلمەيدىغان بىر قىسىم كونا بوپا ۋە كونا كۆز قاراشلارنى ئىلىپ ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان يېڭى ئە-سىرگە قەدەم قويۇۋاتقاندىمىز. كۆپچىلىك قىنى ئويلاپ بېقىڭ-لارچۇ، تەشكىلىي باشقۇرۇش جەھەتتە ئاللىبۇرۇنلا بۇزۇپ تاش-لاشقا تېگىشلىك يەنە قانداق كونا كۆز قاراشلار بار؟

پائۇل يەنە بىرىنچى بولۇپ قولىنى كۆتۈردى:

— پرامىدا شەكىللىك باشقۇرۇش. يۇقىرىدىن - تۆۋەنگە بۇيرۇق چۈشۈرۈلىدىغان بىر خىل باشقۇرۇش شەكلى. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى كىشىلەرنىڭ پەقەت بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلىشىغىلا بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ باشقىچە پىكىردە بولۇشىغا يول قويۇلماي-دۇ. دېمەك، بۇ كۆز قاراش بويىچە بولغاندا، «پۇل دېمەك ھوقۇق دېمەكتۇر» دېگەن قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىنىدۇ.

— پائۇل ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈردىڭىز، — دېدى رىزا ئارقىدىنلا، — بۇ خىل باشقۇرۇش شەكلى باشتىن - ئاخىر قىلچە ئۆزگەرگىنى يوق. بىز ئىلگىرى گۆدەكلىك دەۋرىمىزدە ئارزۇ قىلغان × دەۋردىكى رەھبەرلەرنىڭ ئىلگىرىكى رەھبەر-لەردىن قىلچىمۇ پەرقى يوق.

سىمېئون موناخ يەنە بىر قېتىم دوسكا ئالدىغا كەلدى - دە:

— بىز ئالدى بىلەن پرامىدا شەكىللىك باشقۇرۇش ئۇسۇ-لىنى كۆرۈپ باقايلى، ئاندىن بۇ خىل باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ نىمە ئۈچۈن بۇنچىلىك ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغانلىقىنى تەت-قىق قىلىپ كۆرەيلى، — دېدى.

سىمېئون موناخ دوسكىغا ناھايىتى چوڭ ئۈچبۇلۇڭلۇق شە-كىلدىن بىرنى سىزىپ چىققاندىن كېيىن ئۇنى يەنە بەش بۆلەككە بۆلدى ۋە:

— بۇ خىل يۇقىرىدىن - تۆۋەنگە قاراپ چوڭىيىپ بارىدۇ.

غان پرامىدا شەكىللىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئاللىبۇرۇن بىرقانـ
چە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى. بۇ ئۇرۇش ۋە پادىشاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. بۇنىڭغا ئارمىيىنى مىسال ئېلىپ ئۆتسەك، ئارمىيىنىڭ ئەڭ ئۇستۇنكى قاتلىمىدا گېنېراللار تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكى قاتلامدا پول-كوۋنىكلار ياكى پودپولكوۋنىكلار ۋە ياكى مايورلار تۇرىدۇ؛ ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكى قاتلامدا كاپىتان ياكى لېتنانىتلار تۇرىدۇ؛ ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكى قاتلامدا بولسا سېرژانت پائۇللار تۇرىدۇ. كۆپچىلىك پەرەز قىلىپ بېقىڭلارچۇ، ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى كىملەر؟ — سويما ئەسكەرلەر! — دېدى پائۇل، — فرونتتىكى بۇرادەرلەر بۇ نامنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرى-نىڭ مۇشۇنداق چاقىرىلىشىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ تېخى.

پرامىدا 2.2 رەسىم شەكىللىك سخېما

باشلىق

گېنېرال

مۇئاۋىن لىدىر

پولكوۋنىك

ئوتتۇرا قاتلامدىكى دىرېكتور

كاپىتان

گۇرۇپپا باشلىقى

سېرژانت پائۇل

ئىشچى (چۆپقەت)

سويما (جەڭچى)

— بۇ سۆزلەرگە تەبىر بەرگەنلىكىڭىزگە رەھمەت، پائۇل. ئۇنداقتا بۇ رەسىمدە دۈشمەن بىلەن ئەمەلىي قوپاللاشماي جىك قىلىدىغان ئادەم كىم؟ — دېدى سىمېئون موناخ ئارقىدىنلا، — ئەڭ ئۇستۇنكى قاتلامدىكى گېنېراللمۇ ياكى پائۇل ئېيتقان ھېلىقى سويما ئەسكەرلەرمۇ؟

سىمېئون موناخ قولىغا بورنى ئېلىپ ئۈچبۇلۇڭلۇق شەكىل ئىچىدىكى ھەربىي ۋەزىپە نامىنىڭ ئۇستۇنكى قىسمىغا كۆپ ئۇچرايدىغان تەشكىلىي ۋەزىپە ناملىرىنى يېزىپ چىقتى. ئاندىن كۆپچىلىككە قاراپ:

— ھازىر بىز بۇ ھەربىي ۋەزىپە مودېلى بىلەن بۈگۈنكى كۈندە قوللىنىلىۋاتقان تەشكىلىي ۋەزىپە مودېلىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ باقايلى، باشلىق گېنېرالغا تەڭ؛ مۇئاۋىن لىدىر پولكوۋنىكقا تەڭ؛ ئوتتۇر قاتلامدىكى دىرېكتور كاپىتانغا تەڭ؛ گۇرۇپپا باشلىقى سېرژانتقا تەڭ. لېكىن، ئادەتتىكى تەشكىلىي قۇرۇلمىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرىدىغىنى كىمكىنە؟ — دېدى.

— ئىشچى! — دەپ تەڭلا جاۋاب بېرىشتى. ئولتۇرغانلارنىڭ يېرىمى خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا.

— ئەمما ھازىر ئۇلارنى ئۇنداق دەپ ئاتىماي، باشقىچە ئاتاشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى لى كۆپچىلىككە قاراپ، — يەنى بىز ھازىر ئۇلارنى «ئىشچى» دەپ ئاتىماي، «چۆپقەت» دەپ ئاتىشىمىز كېرەك.

— ناھايىتى توغرا دېدىڭىز لى، — دېدى سىمېئون موناخ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنداقتا خېرىدارلارنى بۇ رەسىمنىڭ قايسى قىسمىغا قويۇش كېرەك؟ كارخانىلاردا خېرىدارلارغا كىم ئەڭ يېقىن؟ باشلىقمۇ ياكى قېتىرقىنىپ ئىشلەپ مەھسۇلاتنى قىممەتكە ئايلاندۇرغان كىشىمۇ؟ مېنىڭچە بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئېنىق بولسا كېرەك! ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا مۇنداق دېدى:



www.uyghurkitap.com

— مېنىڭ كارخانا باشقۇرۇش مەسلىھەتچىم ھەمىشە ماڭا بىزنىڭ زاۋۇتتا خېرىدارلارغا ئەڭ يېقىن ئادەمنىڭ دەل ئەينەك-لەرنى ئوراپ - قاچىلاشقا مەسئۇل ئىشچىلار ئىكەنلىكىنى ئەس-كەرتىپ تۇرىدۇ. مەن بولسام گەرچە خېرىدارلارنى چۈشەنسەم-مۇ، ھەتتا ئۇلارنى مېھمان قىلىپ تۇرساممۇ، لېكىن خېرىدارلا-ر يەنىلا يەشكنى ئاچقاندىن كېيىنكى ئەينەكنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى ياكى ناچار ئىكەنلىكىگە ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. ھالبۇكى، ئەينەككە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قول تېگىدىغىنى بول-سا، دەل ئوراش - قاچىلاش ئىشچىلىرىدۇر. شۇڭا، خېرىدارلا-رغا ئەڭ يېقىن ئادەم ئاشۇلاردۇر.

— توغرا، مەن ھەمىشە باشلىقنىڭ تازا تۇتامى يوق، قۇلاققا ياقمايدىغان گەپلەرنى قىلىپ، ۋالاقلاپلا يۈرگىنىنى كۆ-رىمەن. نېمىشقا دېسەڭلار، باشقىلارنىڭ سالاملاشقۇدەكمۇ چولى-سى يوق چاغدا، ئۇلار ئەتىدىن - كەچكىچە بىكار يۈرىدۇ، گەپنىڭ ئېنىقىنى قىلدى لىزا.

— مۇشۇنداق تەشكىلىي قۇرۇلما مودېلى بۈگۈنكى كۈندى-كى تەشكىلىي باشقۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلەمدۇ، — دەپ سورىدى سىمئۇن موناخ.

— قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ دېگەن ئەڭ كېرەك-كە كېلىدىغان مودېل! — دېدى پائۇل سۆزىدىن ئۇنىڭ سەل نارازى بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — بىز دەل مۇشۇ مودېلغا تايىنىش ئارقىلىق دۈشمەننى تارمار كەلتۈرگەن ئەمەسمۇ؟ بۇ خىل مودېل ئىنتايىن كارغا كېلىدۇ!

— شۇنداقمۇ··· دېدى لي، — بۇ خىل مودېلنىڭ ئومۇم-يۈزلۈك مودا بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئېلىمىز 20 - ئە-سىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بىر قانچە قېتىملىق چوڭ ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك ئۇنى ھەقىقەت دەپ بىلگەنلىكىدە. ئۇلار يۇقىرىدىن - تۆۋەنگە قارىتىلغان،

ئىتائەت قىلىش بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان موقۇق، نوپۇز شەكىلىدىكى بۇ خىل ئىش بېجىرىش ئۇسۇلىنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئۇنۇملۇك يولى دەپ قاراپ كەلدى. بىر قىسىم كىشىلەر، ھەتتا بۇنداق باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۇلۇغ قانۇنىيەت سۈپىتىدە كارخانا، ئائىلە، توپ كوماندىسى، چېركاۋ قاتارلىق غەيرىي ھەربىي تەشكىلاتلارغىمۇ تەتبىقلاشنى تەرغىب قىلىشتى.

— توغرا، بۇ خىل ھەربىي باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا تايىنىپ جەڭلەردە غەلىبە قىلىشقا بولىدۇ، — دېدى سىمئون موناخ بېشىنى لىڭشىتىپ، — شۇنداق بولغاچقا بىز جەڭلەردە غەلىبە قىلدۇق، ئەركىنلىكىمىزنى چىقتۇق. مەنمۇ ھەم ھازىرقىدەك دەرس مۇنبىرىدە تۇرالايدىغان بولدۇم. بىراق، ئەسلىي گېپىمىزگە كەلسەك، مەن ئىلگىرى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن خورلۇققا ئۇچرىغان ھېلىقى كىچىك قىزچاق ھېلىمۇ ئېسىڭلاردىمۇ؟ بىزمۇ ئوخشاش خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قالدۇقمۇ قانداق؟ بىزمۇ ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەپ، دۆلەت زېمىنى ۋە پۇقرالارنى ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك قوغداپ قالالايدىغان باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى، ئوخشاشلا پۈتۈن ئالەمنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرەلەيدۇ دەپ خاتا ئويلاپ قالدۇقمۇ قانداق؟ ئۇ راستىنىلا ئەڭ ياخشى باشقۇرۇش ئۇسۇلىمۇ؟ بەلكى بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىمۇ باردۇر؟

— راست گەپنى ئېيتسام، — دېدى لى، — مەن سىز دوسكىغا سىزغان باشقۇرۇش مودېلىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن، سىزنىڭ خېرىدار بىلەن دۈشمەننى ئوخشاش بىر ئورۇنغا تىزىپ قويغانلىقىڭىزنى بايقىدىم! سىز راستىنىلا كارخانىلارنىڭ ھەممىسى خېرىدارلارنى دۈشمەن سۈپىتىدە كۆرىدۇ دەپ ئويلىمايدىغانسىز؟

بۇنداق ئەمەستۇ... ھېچ بولمىغاندا كارخانىلار قەستەن بۇنداق قارىمايدۇ، — دېدى كىلىك ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — لې-

كىن، مېنىڭ تولىمۇ ئەنسىرەيدىغىنىم، كارخانىلار مۇبادا يۇقىرىدىن - تۆۋەنگە قارىتىلغان بۇنداق باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى راستىتىنلا ئەتبىقلاپ قالىدىغان بولسا، قانداق ئىشلار يۈز بېرەر؟

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟ — سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— چۈنكى، تەشكىل ئىچىدىكى ئادەملەر پەقەت يۇقىرىنىڭ پىكرىنىلا چوڭ بىلىپ، بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلىدۇ. پەقەت خوجايىنىنىلا ھۆرمەتلەپ، خېرىدارنى بولسا، ئوسۇرۇققا تەڭ دەپ ھېسابلايدۇ، — دېدى كىنگمۇ ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا.

— كىنگ، سىز ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزىتىپسىز! — دېدى، سىمېئون موناخ ئۇنى ماختاپ، — توغرا، يۇقىرىدىن - تۆۋەنگە قارىتىلغان بۇنداق باشقۇرۇش ئۇسۇلىدا بۇ خىل ھادىسىلەر ھەقىقەتەن يۈز بېرىدۇ. ئەگەر مەن سىلەرنىڭ خىزمەت ئورنۇڭلارغا بېرىپ، قول ئاستىڭلاردىكى بىرەر ئادەمدىن ياكى چۆپقەتلەردىن ۋە خىزمەتچىدىن، ياكى… سىلەر نېمە دەپ ئاتىغان بولساڭلار شۇنىڭدىن «سىلەر كىملەردە ياخشى تەسىرات قالدۇرساقكەن دەپ ئويلايسىلەر؟» دەپ سوراپ قالساڭلار، ئۇلار قانداق جاۋاب بېرەر؟

مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئۇنىڭ گېپىگە لوقما سالدىم:

— مەن جاۋابنىڭ ‹خېرىدار› بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىراق، مېنىڭچە ئۇلار ‹خوجايىن› دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. ئۇلار يەنە ‹مەن خوجايىنىنلا كۈتۈپ، ئۇنى خۇشال قىلىشىم كېرەك! چۈنكى، خوجايىن خۇشال بولغاندىلا، كۆپچىلىكنىڭ كۈنىمۇ خۇشال ئۆتىدۇ - دە›، دېيىشلىرى مۇمكىن. بۇ راستىنلا بىر چۈشكۈنلۈك، لېكىن بۇ ھەقىقىي ئەھۋال.

— جون، سىز ناھايىتى راست گەپ قىلدىڭىز، — دېدى سىمېئون موناخ، — مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن. بۈگۈنكى كۈندىكى تەشكىل خۇددى، ئوزۇقلۇق زەنجىرىگە ئوخشايدۇ. ھەممە ئادەم پەقەت ئۆزىدىن يۇقىرى ئادەملەرگە ياخشىچاق بولۇشنىلا ئويلاي-

دۇ. لېكىن، ھەممە ئادەم پەقەت ئۆز ئۈستىدىكى ئادەملەرنى كۆتۈش ۋە ئۇلارغا ياخشىچاق بولۇشنىلا ئويلىسا، ئۇنداقتا خېرىدارلارنىڭ ھالىدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟

لىزا بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن ئاستا گەپ قىلىشقا باشلىدى:

— راستىنلا تولىمۇ كۆلكىلىك ھەم تولىمۇ ئېچىنارلىق ئىكەن. توغرا، بىز بۇ پرامىدا شەكلىنى تەتۈرىسىگە ئۆرۈپ، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئۇنىڭ ئەڭ ئۈستىگە قويساق، ئاندىن توغرا بولامدۇ ـ قانداق؟

— ھەئە، بەك توغرا بولىدۇ، لىزا، — دېدى لي، — ئەگەر خېرىدارلارغا كۆيۈپ ـ پىشىپ مۇئامىلە قىلمىساق، ئۇلار ئازراقلا خاپا بولۇپ قالسا، كۆدە ـ كۆرپىمىزنى يىغىشتۇرۇپ كېتىشىمىزگە توغرا كەلسە، ئۇ چاغدا بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ دەرس ئاڭلاش پۇرسىتىمىز قانداق كېلەتتى دەيسىز.

سىمپئون موناخ دوسكا ئالدىغا كېلىپ سۆزلەۋېتىپ قولىغا بورنى ئالدى:

— لىزانىڭ دېگەنلىرىگە ئاساسلانساق، بىز بۇ يۇقىرىدىن ـ تۆۋەنگە قارىتىلغان باشقۇرۇش ئۇسۇلى مودېلىنى تەتۈرىسىگە ئۆرۈسەك، ئاندىن توغرا بولغان بولىدۇ. بۇرۇن كېرەككە كەلگەن ئۇسۇللارنىڭ ھازىرمۇ چوقۇم كېرەككە كېلىشى ناتايىن. بىز لىزانىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بۇ ئۈچبۇلۇڭلۇق شەكىلنى تەتۈرىسىگە ئۆرۈپ، خېرىدارنى ئۇنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا قويايلى. بىز بايىلا مۇنازىرە قىلىپ ئۆتكەندەك، خېرىدارلارغا ئەڭ يېقىن بولسا، ئىشچى ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتساق چۆپقەت ئاندىن قالسا گورۇپپا باشلىقى، ئاندىن قالسا يەنە تەرتىپ بويىچە باشقىلار. بولدى يېڭى مودېل قارىماققا دەل مۇشۇنداقتەك قىلىدۇ.

سىمپئون موناخ دوسكىغا يېڭى بىر رەسىمنى سىزىپ چىقتى.

خېرىدار
ئىشچى (چۆپقەت)
گۇرۇپپا باشلىقى
ئوتتۇرا قاتلامدىكى دىرېكتور
مۇئاۋىن لىدىر
باشلىق

— سىمپئون، بۇ پۈتۈنلەي خام خىيال! سىز هازىر ئويۇن ئويناۋاتىسىز! — دېدى پائۇل، — خېرىدار ھەممىدىن ئۈستۈن ... ۋاي توۋا! بۇ تاتلىق گەپلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت نەزەرىيىلا خالاس، بۇلارنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلايدىغان بولسا...

— بىر ئاز تەخىر قىلىپ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭ، پا - ئۇل، — دېدى سىمپئون موناخ، — ئەگەر، مەلۇم بىر كارخانا بار بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەن خېرىدارلارنى چوڭ بىلسە، ئۇ ئەمەلى- يەتتىمۇ پۈتۈن كۈچى، پۈتۈن نىيىتى بىلەن ئۇلارنى كۈتىدۇ؛ ئەگەر بۇ كارخانىنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلى تەتۈر پرامىدا شەكىل- لىك باشقۇرۇش بولسا، ئۇ ھالدا بىرىنچى سەپتىكى ئىشچىلار- نىڭ ھەممىسى پۈتۈن نىيىتى بىلەن خېرىدارلارغا كۆڭۈل بۆ- لۈپ، ئۇلارنىڭ تەلەپ، ئۆلچەملىرىگە يېتىشكە تىرىشىدۇ؛ يەنە بىر دەرىجە تۆۋەندىكى گۇرۇپپا باشلىقىمۇ بىرىنچى سەپتىكى ئىشچىلارنى خېرىدارلار سۈپىتىدە كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆلچەم - تەلەپلىرىگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ، دەرى- جىمۇ دەرىجە داۋاملىشىدۇ... ھەربىر قاتلامدىكى باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ئۆز روھىي دۇنياسىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭىچە ئۆلچەم تۇرغۇزۇشقا ھەم رەھبەرلىك قىلىشنىڭ ھەرگىزمۇ ئېگىزگە

چىقىۋېلىپ تۆۋەندىكىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قوماندانلىق قىلىش بولماستىن، بەلكى مۇلازىمەت قىلىش، كۈتۈش ۋە ئۆزىنى باشقىلارنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئاڭلىماققا بۇ ناھايىتى زىددىيەتلىك گەپتەك تۇيۇلىدۇ. بىز راستتىنلا رەھبەرلىكنى تەتۈر قىلالامدۇق؟ تەتۈر قىلالمىساق مۇلازىمەت خاراكتېرلىك رەھبەرلىك قىلىشنى يولغا قويساقمۇ ئۈنۈمى ئوخشاشلا ناھايىتى ياخشى بولىدىغۇ!

— مەن ئۆز بۆلۈمۈمدىكى رەھبەرلەرگە ئىزچىل ھالدا ئۇلارنىڭ خىزمىتىنىڭ بىز ئۈچۈن ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە ئاۋارىچىلىكلەرنى تۈگىتىپ، بىزنىڭ كېسەللەرنى كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشىمىزگە شارائىت يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەكلىكىنى دەپ كېلىۋاتىمەن. مەن ئۇلارغا يەنە يول ياساش ماشىنىسىغا ئوخشاش، بىز ئۈچۈن بارلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىشى كېرەكلىكىنى دېدىم. سىمپسون، سىزنىڭ ئۇسۇلىڭىزغا ئاساسەن چۈشەندۈرگەندە، قول ئاستىدىكىلەر ئۈچۈن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ بەرگەندە، ئاندىن مۇلازىمەت خاراكتېرلىك رەھبەرلىك قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدىغۇ دەيمەن،

— دېدى، كىنگ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي.

— ئېيتقىنىڭىز ناھايىتى توغرا، — دېدى لي، — ئەپسۇس، ئەمەلىيەت بۇنداق ئەمەس. مۇتلەق كۆپ قىسىم باشقۇرغۇچىلار مەسىلە ھەل قىلىشقا ياردەم بەرمەكتە يوق، ئەكسىچە ئەتىدىن - كەچكىچە ئاۋارىچىلىك تېرىش بىلەنلا ئالدىراش يۈرۈيدۇ. بىز ئىلگىرى ھەمىشە پەقەت ئاۋارىچىلىك تېرىشنىلا بىلىدىغان باشقۇرغۇچىنى ‹دېڭىز چايكىسى تىپىدىكى باشقۇرغۇچى› دەپ ئاتايتتۇق. ئۇلار خۇددى دېڭىز چايكىسىغا ئوخشاش، ھەر ئۈچ - تۆت مىنۇتتا بىر قېتىم كېلىپ قالايمىقانچىلىق قىلىدۇ. يېنىڭىزدا جانىنى ئالغۇدەك چىرقىراپ، چۈشلۈك تامىقىڭىزنى ئوغرىلاپ يەيدۇ. ئاندىن ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماستىن

ئۆچۈپ كېتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ يەردىكى ھەممىڭلار ئاشۇنداق باشقۇرغۇچىلارغا يولۇققانغۇ دەيمەن.

— مېنىڭ باشقۇرغۇچۇم بۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ! — دېدى كىنىگ يەنە سۆزلەپ، — ئۇنىڭ دېيىشىچە، باشقۇرغۇچى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىگە تەستە ئېرىشكەچكە، ئۆزىنى ئۇستۇن تۇ-تۇپ يۈرۈش، ئايروپىلاندا قەھۋە قۇيىدىغان، دوختۇرخانىدا كې-سەللەرگە ياردەملىشىپ تەرەت قاچىسىنى يۇيىدىغان، مەكتەپ-لەردە كىچىك بالىلارنى ئوقۇتىدىغان ياكى يول ئۇستىدە يۈك ماشىنىلىرىنى ھەيدەيدىغان ئىشلارغا ئوخشاش مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەتكە قىممەت قوشىدىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرمەسلىكى، بەلكى بۇنداق قاراشلارنى باشقىلار قىلىشى كېرەك ئىكەن.

— «ئېگىزگە چىقىۋېلىش» ۋە «دېڭىز چايكىسى» بۇ ئاڭلىماققىمۇ ناھايىتى ناچار ئەھۋال، — دەپ سىمېئون موناخ كۆلۈمسىرىگىنىچە ساۋاقداشلارنىڭ مۇنازىرىسىگە قاتناشتى، — نۇرغۇن رەھبەرلەر پەقەت ئۆزلىرى بەھر ئېلىشقا تېگىشلىك ھوقۇقنىلا ئويلاپ، ئۆز ئۇستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلى-يەتكە سەل قارايدۇ. بۇنداق كىشىلەر رەھبەر بولۇشقا ھەقىقەتەن مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

— ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىزامىنى كېڭىشىش ئىشىنى ئېلىپ ئېيتايلى، — دېدىم مەن ئاستا گەپ باشلاپ، — شىر-كەت ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەمىشە ئىزام ئىچىدىكى ‹باشقۇ-رۇش ھوقۇقى چېكى›، توغرىسىدىلا بىر مۇنچە ئايىغى چىقماس تالاش ـ تارتىشلارنى قىلىشىدۇ. ئاڭلىشىمچە بىزنىڭ كارخانىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قېتىملىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىزامىنى كېڭىشىش يىغىنىدا، مەلۇم بىر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىلى نارازى بولغان ھالدا: «ھوي، سىلەر بىزنى يەپ بولايلا دەپ قالدىڭلارغۇ! سىلەر نېمانچە ھەممە نەرسىگە مەھكەم ئېسىلىۋې-لىسىپ» بىر ئازمۇ قويۇپ بېرەي دېمەيسىلەر! دەپتۇ دەك!

www.uyghurkitap.com

— چۈشلۈك ئىبادەت ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دېدى سىپىئون موناخ كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ چۈشتىن بۇرۇن ئېلىپ بارغان مۇنازىرىلىرىمىزنى مۇنداق خۇلاسىلەشكە بولىدۇ. رەھبەر بولغۇچى چوقۇم قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجىنى تېپىپ چىقىشى ۋە ئۇنى قاندۇرۇشى، ئۇلار ئۈچۈن بارلىق خىزمەت توسالغۇلىرىنى تازىلاپ بېرىشى، ئۇلارنىڭ خېرىدارلارغا كۆڭۈل قويۇپ مۇلازىمەت قىلىشى ئۈچۈن شارائىت هازىرلاپ بېرىشى كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، رەھبەرلىك قىلىش مۇلازىمەت قىلىشتىن باشلىنىشى كېرەك.

— ھەقىقەتەن خام خىيال! سىپىئون، ئەمەلىيەرەك بولسىڭىزچۇ! — دېدى پائۇل غودۇڭشىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ دەرسخانىدىن چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىپ.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن مەن چۈشتىن كېيىنلىك دەرسكە كىرىشنىڭ ئالدىدىكى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، كۆل بويىغا بېرىپ ئايلىنىپ كەلمەكچى بولدۇم. بۇ چاغدا پائۇل مەن بىلەن بىللە كۆل بويىغا بارماقچى بولدى. مەن خالاپ كەتمىسەممۇ، لېكىن ئۇنى ئاياپ ماقۇل بولدۇم. سېرژانت پائۇل دۇنيادا مەن بىللە ئايلىنىشنى ئەڭ خالىمايدىغان بىر ئادەم ئىدى.

باشتا ھەر ئىككىمىز گەپ قىلىشمىدۇق، ئاخىر ئارىمىزدىكى جىمجىتلىقنى پائۇل بۇزدى.

— سىز سىپىئوننىڭ ھوقۇق ۋە نوپۇز، قول ئاستىدىكىلەرگە مۇلازىمەت قىلىش دېگەنلىرىگە قانداق قارايسىز؟

— مەن ھازىر تېخى بىر نېمە دېيەلمەيمەن. لېكىن، مەن ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى داۋاملىق ئاڭلاپ باقماقچىمەن!

— مېنىڭچە، ئۇ ئېيتقان ھېلىقى چوڭ قائىدىلەرنىڭ رېئال دۇنيادا ھەقىقەتەن كارغا كېلىشىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. بۇلار پەقەت خام خىيالدىن ئىبارەت خالاس!

— پائۇل، مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ

گېپىنى قۇۋۋەتلەپ. مەن قاراپ تۇرۇپ يەنە ئۆز ئىرادەمگە خىلاپ گەپ قىلدىم. ئەمەلىيەتتە مەن سىمېئون موناخنىڭ گېپىـ-نى ھەرگىز خام خىيال دەپ قارىمايتتىم، بەلكى مەن ئۇنىڭ گېپىنى بىر ئاڭلاپلا چۈشىنىۋالغانىدىم.

قوڭغۇراق ئىككى قېتىم قاتتىق جاراڭلىدى. چۈشتىن كېـ-يىنلىك دەرسكە كىرىش ۋاقتى توشتى. كۇرسانتلارنىڭ ھەممىـ-سى دەرسخانىغا يىغىلىپ جىمجىت ئولتۇرۇشتى.

سىمېئون موناخ تېخى سۆزىنى باشلىماي تۇراتتى. ئاڭغىچە پائۇل مۇنداق دېدى:

— سىمېئون، مەن سىزنىڭ ئىلگىرى بىر نامى چىققان رەھبەر ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن ھەم بۇ تەرىپىڭىزگە ھۆرمەت قىلىمەن. لېكىن، مېنىڭ سىزنىڭ ئاشۇ نەتىجىلىرىڭىزنىڭ راستتىنلا سىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئاشۇ نەرسىلەرگە تايىـ-نىش ئارقىلىق قولغا كەلگەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. سىز راستتىنلا باشقۇرغۇچى خادىملار قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەر قانداق تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشى كېرەك دەپ قارامسىز؟ مېنىڭ ئۇدۇللا ئېيتقىنىمنى كەچۈرۈڭ، ئەگەر سىزنىڭ ئاشۇ نەزەرىيىـ-لىرىڭىز بىلەن رەھبەرلىك قىلىنىدىغان بولسا، تۆۋەندىكىلەر-نىڭ ئۆزىنى بىلمەي قېلىشى تۇرغانلا گەپ. دۇنيا سىز ئويلىغانـ-دەك ئۇنداق گۈزەل ئەمەس - دە. پۈتۈن كۈچ بىلەن قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئاقمايدىغان ئىش، ئاـ-غا!

— كەچۈرۈڭ پائۇل، — دېدى سىمېئون موناخ، — بەلـ-كىم مەن ئېنىق چۈشەندۈرەلمىگەندىمەن، شۇڭا سىز «چاكار» نىڭ مەنىسىنى خاتا چۈشىنىپ قالغانسىز. مەن دېمەكچى، رەھـ-بەر بولغۇچىلار چوقۇم قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئاساسىي ئېھتىـ-ياجلىرىنى تېپىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنى قاندۇرۇش، خۇددى چاـ-كارلارغا ئوخشاش قول ئاستىدىكىلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش

كېرەك. لېكىن، مېنىڭ مۇنداق دېگىنىم ھەرگىزمۇ قول ئاس- تىدىكىلەرنىڭ ئارزۇسىنى تېپىپ چىقىش ۋە ئۇنى قاندۇرۇش، خۇددى قۇللارغا ئوخشاش بۇيرۇق بويىچىلا ئىش قىلىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. قول بولسا باشقىلار نېمىنى بۇيرۇسا شۇنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن، چاكار بولسا باشقىلار ئۇنىڭ قىلىپ بېرىشكە ئېھتىياجلىق بولغان ئىشلارنىلا قىلىدۇ. ئارزۇ- نى قاندۇرۇش بىلەن ئېھتىياجنى قاندۇرۇش بولسا، ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل ئىش.

— ئۇلار زادى قايسى تەرەپلەردە پەرقلىنىدۇ؟ — دېدى پائۇل، بۇ قېتىم ئۇنىڭ تەلەپپۇزى بىر ئاز يۇمشىغاندەك قىلات- تى.

— مىسال ئېلىپ ئۆتەيلى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇر- دى سىمېئون موناخ، — ئەگەر ئاتا - ئانا بولغۇچىلار ئۆز بالىلى- رىنىڭ خالىغانچە شوخلۇق، بەڭۋاشلىق قىلىشىغا يول قويسا، ئۇ چاغدا كىممۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولۇشنى خالار؟ خالايدىغانلار ناھايىتى ئازغۇ دەيمەن. چۈنكى، بۇنداق بالا ئادەم- نى بىزار قىلغۇدەك دەرىجىدە جېدەل قىلىشىدۇ - دە. مانا بۇنىڭ ئۆزىنى ئېھتىياجنى قاندۇرغانلىق ئەمەس، بەلكى ئارزۇنى قاندۇرغانلىق دەيمىز. چوڭلار ۋە بالىلارنىڭ ھەممىسىنى باش- قۇرماي، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشكە بولمايدۇ. ئۇلارنى ھامان مەلۇم بىر چەكلىمىدە كونترول قىلىش، بىر قىسىم بەلگىلىمى- لەرنى تۈرغۇزۇپ چىقىپ، كۆپچىلىكنى ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كۆپچىلىك بەلكىم قائىدە - بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىشنى خالىماسلىقى مۇم- كىن، لېكىن قائىدە - بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىشقا ئېھتى- ياجلىق، ئۆيدە ياكى بۆلۈملەردە ئەگەر ئىنتىزام بولمىسا، كۆپ- چىلىك خالىغانچە كېلىپ - كەتسە، ئۇ چاغدا بۇ ھەممە ئادەمگە پايدىسىز. رەھبەر بولغۇچى ھەرگىزمۇ لايغەزەل بولماسلىقى،

پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشقا كىرىشىپ، قول ئاستىدىكىلەرنى چۈشىنىشكە ماھىر بولۇشى، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ زور يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك. بۇ بەلكىم تۆۋەندىكىلەر خالىمايدىغان، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، رەھبەر بولغۇچىلار چوقۇم قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئارزۇسىغا ئەمەس، بەلكى ئېھتىياجىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

مەن توساتتىن سۆزۈمنى دەۋالمىسام بولمايدىغاندەك ھېس قىلدىم:

— بىزنىڭ زاۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرۈپ بېرىشنى، مۇمكىن بولسا ھەر بىر سائەتتە 20 ئامېرىكا دوللىرىدىن قوشۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا زاۋۇت بىر نەچچە ئاي ئۆتمەيلا چوقۇم تاقىلىپ قالىدۇ. چۈنكى، رىقابەتچىلىرىمىزنىڭ ساتىدىغان ئەينىكى چوقۇملا بىزنىڭكىدىن ئەرزان بولىدۇ. شۇڭا، ئاقىۋەتتە گەرچە بىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈپ بەرسەكمۇ، لېكىن بىز ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا، ئۇلارنى ئۇزۇن مەزگىل ياللاپ ئىشلىتىشكە ئامالسىز قالىمىز.

— توغرا، — دېدى پائۇلمۇ ئارقىدىنلا، — مەن ئاشۇ سىياسىيئونلارنى تولىمۇ ياقتۇرمايمەن. ئۇلار ھەمىشە ئەڭ يېقىن مەزگىلدىكى خەلق رايىنى سىناش نەتىجىسىگە ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي قاراشلىرىنى بەلگىلىشىدۇ. ئۇلار پەقەت سايلىغۇچىلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشنىلا بىلىپ، سايلىغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئويلىشىپ باقمايدۇ.

— لېكىن، «ئارزۇ» بىلەن «ئېھتىياج»نى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك؟ — سورىدى كىنگ.

— «ئارزۇ» دېگىنىمىز، — دېدى سىمپئون موناخ چۈ-
شەندۈرۈپ، — پەقەت ئارزۇ قىلىش ياكى ئۈمىد قىلىشتىنلا
ئىبارەت بولۇپ، ئۇ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى تەلەپ
بىلەن مۇناسىۋەتسىز. لېكىن، «ئېھتىياج» بولسا، ئادەملەر
تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشقا يېتىش ئۈچۈن هازىرلاشقا ئىنتىلگەن
جىسمانىي ۋە روھىي شارائىتتىن ئىبارەت.

— بۇ مۇغەمبەرلىك قىلغانلىق بولامدۇ؟ — سورىدى
كىنگ، — ئادەملەر ئۆزئارا ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، تەبىئىي
هالدا ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمايدۇ.
لېكىن، ئەلۋەتتە بىر قىسىم ئېھتىياجلار (مەسىلەن، كىشىلەر-
نىڭ هۆرمىتىگە ئېرىشىش ئېھتىياجى قاتارلىقلارغا ئوخشاش)
پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئوخشاش.

— ياخشى گەپ قىلدىڭىز كىنگ، — دېدىم مەن دەرهال،
— مېنىڭ ئوغلۇم كىچىك جون ئۆزگىچىلىكى بار، خاراكتېرى
تولىمۇ كۈچلۈك بىر بالا. بىراق، قىزىم سارا بولسا، تولىمۇ
مۇلايىم هەم چىقىشقاق. ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىمۇ تەبىئىي هالدا
ئوخشاش ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن، بىز ئاتا - ئانا بولغۇچىلار
ئوخشاش بولمىغان تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قول-
لىنىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجلىرىنى
قاندۇرۇشقا مەجبۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش قائىدىلەرنى كەسپىي سو-
رۇنلارغىمۇ تەتبىقلاشقا بولىدۇ. يېڭى خىزمەتچىنىڭ ئېھتىياجى-
نى ئەلۋەتتە ۋەزىپە ئۆتىگىلى 20 يىل بولۇپ قالغان خىزمەتچى-
نىڭ ئېھتىياجى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئىستاژى ئۇ-
زۇن خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەتكە بولغان پىششىقلىقى ۋە تەجرى-
بىسىگە، هەتتا ئۆزۈمۇ تەڭلىشەلمەيمەن! ئوخشاش بولمىغان
كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مېنىڭچە رەه-
بەر بولغۇچى ئىش بېجىرىشتە ئېلاستىكلىق ئۇسۇل بويىچە ئىش
قىلسا ئاندىن توغرا بولىدۇ.

— ماقۇل، ئەگەر رەھبەر بولغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى، —
دېدى سمېئون موناخ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەندۈرۈپ، دەل ئۆز
قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجلىرىنى تېپىپ چىقىش
ۋە ئۇنى قاندۇرۇش بولسا، ئۇ ھالدا رەھبەر بولغۇچىلار ھەر
ۋاقىت ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنىڭ زادى نېمىگە ئېھتىياجلىق
ئىكەنلىكىنى ئويلىنىپ كۆرۈشى كېرەك. قېنى كۆپچىلىك،
سىلەر مۇنداق بىر مەسىلىنى، يەنى ئۆزۈڭلەرنىڭ يېتەكچىلىكى
ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ (ئۇلار ئائىلە ئەزالىرى ياكى مەكتەپتى-
كى ئوقۇغۇچىلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) ئېھتىياجلىرىنىڭ
نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلىنىپ كۆرۈڭلار. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئېھتى-
ياجلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقىڭلار. ئەگەر بىر مەھەل ئويلاپ
چىقالمىغۇدەك بولساڭلار، ئۆزۈڭلاردىن مېنىڭ قايسى ئېھتى-
ياجلىرىم بار؟ دەپ سوراپ كۆرسەڭلەرمۇ بولىدۇ. بۇنداق قى-
لىشىڭلار سىزنىڭ ئويلىنىشىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق داۋاملىشىشىغا
پايدىلىق.
— ماقۇل ئەمىسە... كىران ھەيدەيدىغان لاۋۋاڭنى ساق
ئىشلەۋاتقان بىر ماشىنىغا، كېرەكلىك سايمانغا، مۇۋاپىق مە-
شىق قىلىشقا، يۆتكەشكە تېگىشلىك يۇككە، مۇۋاپىق ئىش ھەق-
قىگە ۋە بىخەتەر خىزمەت مۇھىتىغا ئېھتىياجلىق دەيلۇق، بۇلار
تەل بولغاندا، ئۇ ئاندىن رازى بولىدۇ، — دېدى پائۇل.
— سىز مانا ئەمدى چۈشىنىش باسقۇچىغا قەدەم باستىڭىز
پائۇل، — دېدى سمېئون موناخ جاۋابەن، — سىز لاۋ ۋاڭنىڭ
جىسمانىي جەھەتتىكى ئېھتىياجلىرىنى ھەقىقەتەن توغرا دېدى-
ڭىز. لېكىن، سىز لاۋۋاڭنىڭ يەنە روھىي جەھەتتىمۇ ئېھتى-
ياجلىرىنىڭ بولىدىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىز كېرەك.
روھىي جەھەتتە، ئۇنىڭ قانداق ئېھتىياجلىرى بولۇشى مۇم-
كىن؟
كىنگ ئورنىدىن تۇرۇپ دوسكا ئالدىغا باردى، ئاندىن قولى-

غا بور ئېلىپ، دوسكىغا باشقا بىر پىرامىدانىڭ رەسىمىنى سىز-
دى. ئۇ بىزنىڭ بۇ قارارلىق كۆرسىمىزدىكى ئەڭ ئالدىدا كېتى-
ۋاتقان كۆرسانتلارنىڭ بىرى ئىدى.

---

ئۆزىنى

ئىشقا ئاشۇرۇش

ئۆزىنى ھۆرمەتلەش

ماسلونىڭ ئىنسانىي

ئېھتىياج قاتلىمى

مۇھەببەت ۋە تەۋەلىك

سخېمىسى

بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ۋە كاپالەت

يېمەكلىك، سۇ تورالغۇ

كىنىگ گەپ باشلىدى: ھەي، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ يەرگە يۈگۈرۈپ چىقىپ، بۇ رەسىمنى سىزىشقا جۇرئەت قىلالايدىغىنىمنى ھەقىقەتەن ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن، — دېدى كىنىگ، — بىراق، مەن بۇنداق قىلىشتا پەقەت سىمپئون ئېيتقان ‹ ئەگەر دېمىسە بولمايدىغان گەپ بارلىقىنى ھېس قىلسا، ئۇنى دەرھال دەۋېتىش كېرەك، دېگەن گېپىگە ئاساسلاندىم، خالاس.

— پاھ! سىز ھەقىقەتەن مۇئەللىمنىڭ ياۋاش قوزىسى ئىكەنسىز ـ دە! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

— ھەي، جون، سىز ئەمدى بولدى قىلىڭە. بۇ مەن ئۇچۇن ئوڭاي ئىش ئەمەس جۇمۇ! — دېدى ئۇمۇ سۆزۈمگە جاۋابەن. ئۇنىڭ چىرايىدا كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى، — مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چاغلىرىمدا پىسخولوگىيە دەرسىدە ماسلونىڭ ئىنسانىي ئېھتىياج قاتلىمى نەزەرىيىسىنى ئۆگەنگەن. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ رەسىم بەش بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ،

ئۇنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە يېمەكلىك، سۇ ۋە ئولتۇراق جاي، ئاندىن كېيىنكى قەۋىتىدە، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ۋە كاپا-لەت بار. بۇ رەسىم مۇشۇنداق تەرتىپ بويىچە قاتلاممۇ قاتلام يۇقىرى ئۆرلەيدۇ.

كىنگ ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئېسىمدە قېلىشىچە، تۆۋەن قاتلامدىكى ئېھتىياجنى قاندۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن يۇقىرى قاتلامدىكى ئېھتىياجلار-دىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى ئېھتىياجنى ئېلىپ ئېيتساق، مېنىڭچە مۇۋاپىق ئىش ھەققى ۋە پاراۋانلىق ئارقىلىق يېمەكلىك، سۇ ۋە تۇرالغۇدىن ئىبارەت ئاساسىي فىزى-ئولوگىيىلىك ئېھتىياجلارنى قاندۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىر قاتلام ئۈستىدىكى بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ۋە كاپالەت ئېھتىيا-جى بولۇپ، بىز بۇلارنى خىزمەت مەيدانىغا نىسبەتەن ئېيتساق، بۇ ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇش ئۇچۇن چوقۇم، بىخەتەر خىزمەت مۇھىتى ۋە مۇۋاپىق ئۆلچەم، بەلگىلىمىلەر بىلەن تەمىنلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە سىمېئون بايىلا سۆزلەپ ئۆتكەنىدى. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاندىن بىردەكلىك ۋە ئالدىن كۆرەرلىكنى ھېس قىلالايدۇ. ماسلوۋنىڭ قارىشىچە، بىردەكلىك ۋە ئالدىن كۆرەرلىك بولسا، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ۋە كاپالەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى بو-لۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىلىشىمچە ماسلوۋ باشقۇرماي، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشتەك تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى ئانچە قوللىمايدۇ.

— داۋاملىق سۆزلەڭ، كىنگ، — دېدى لىزا ئۇنىڭغا ئىل-ھام بېرىپ، ناھايىتى ياخشى سۆزلىدىڭىز.

— كىنگ كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنداق قىلىپ، ئەڭ ئاساسلىق ئىككى قاتلام ئېھتى-ياجلار قاندۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇھەببەت ۋە تەۋەلىك تۇيغۇسى قاتارلىق ئېھتىياجلار تەلپۈنىدىغان ئەڭ يېڭى ھەرىكەتلەندۇرگۈچ

كۆچكە ئايلىنىدۇ. بۇ ئېھتىياجلار بىر پۈتۈن كوللېكتىپ تەر-ىپىدىن قوبۇل قىلىنىش ھەم ئۇنىڭ بىلەن ياخشى بولغان كىشى-لىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوخشاش قائىدە بويىچە، بۇ قاتلامدىكى ئېھتىياجلار قاندۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر قاتلام ئۈستىدىكى ئېھتىياج — ئۆزىنى ھۆرمەتلەش ئېھتىياجىغا نۆۋەت كېلىدۇ. بۇ ئېھتىياج كىشىلەر تەرىپىدىن قەدىرلىنىش، ھۆرمەتلىنىش مۇئەييەنلەش-تۈرۈش، ئىلھاملاندۇرۇلۇش ۋە باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا جاۋاب قايتۇرۇشقا ئېرىشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

— توغرا ئېيتتىڭىز، شۇنداق بولغاندا، ھەممە ئادەم رايىش ۋە چىقىشقاق بولۇپ كېتىدۇ! — دېدى پائۇل ئۇنى مازاق قىلىپ تۇرۇپ.

— مۇبادا، — دېدى كىنىگ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەڭ ئاس-تىنقى تۆت ئېھتىياجىنىڭ ھەممىسى قاندۇرۇلۇپ بولغاندىن كې-يىن، نۆۋەت ئەڭ ئۈستۈنكى قاتلامدىكى ئېھتىياج — ئۆزىنى كۆرسىتىش ئېھتىياجىغا كېلىدۇ. بۇ بولسا چۈشەندۈرۈش ئەڭ قىيىن بولغان ئېھتىياج بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئۆزۈمە-نىڭ يۈزەكى چۈشەنچەمگە ئاساسلانسام، ئۆز - ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دېگەنلىك (ئۆزىنى كۆرسىتىش) پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەڭ زور يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش دېگەنلىكتۇر. ھەممە ئادەم باش لىدىر بولالمايدۇ، بىراق ئەڭ ياخشى ئىشچى ياخشى خىزمەتچى، توپ ماھىرى ياكى ئوقۇغۇچى بولالايدۇ. ئەگەر مەن سىبېئونىنىڭ سۆزىنى خاتا چۈشىنىۋالمىغان بولسام، رەھبەر بولغۇچى چوقۇم، قول ئاستىدىكىلەرنى ئۆز-لىرىنىڭ ئەڭ زور ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرا-لايدىغان بولۇشى كېرەك. ھېلىقى كىران ھەيدەيدىغان لاۋۋاكنى ئېلىپ ئېيتساق، بەلكىم ئۇ ئۆمۈر بويى شىركەتنىڭ باش لىدى-رى بولالماسلىقى مۇمكىن. بىراق، ئۇنىڭ مۇۋاپىق ئىلھاملان-



www.uyghurkitap.com

دۇرۇشلار ئاستىدا ئەڭ يارامىلىق كىران شوپۇرى بولالىشىدا گەپ يوق.

— ئەڭ زور يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش دېگەن سۆز قۇلاققا ناھايىتى تونۇشتەك قىلامدۇ، كىچىك پائۇل؟ — دېدى لي كىنايە قىلىپ، — بۇ دەل قورۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ تېلېۋىزورلاردا ئەتىدىن - كەچكىچە كۆرسىتىلىدىغان، كۆپچىلىك تولا ئاڭلاپ، ساراڭ بولاي دەپ قالغان ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىش ئېلانىنىڭ ناخشىسى ئەمەسمۇ؟ قېنى كۆپچىلىك، بىز بۇنى پائۇلغا سوۋغات سۈپىتىدە بىرلىكتە ئېيتىپ بېرەمدۇق؟

دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، كۆپچىلىك قەستەن ھەربىيچە قەدەمدە مېڭىپ، بۇ ئېلان ناخشىسىنى توۋلاشقىنىچە دەرسخانىدىن چىقىپ كېتىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى كۈنى

رەھبەر ———— مالاي (چاكار)
ئويلاپ يەتكىلى بولمايدىغان كۆز قاراش
ئاراڭلاردا كىمكى چوڭ ئەرباب بولۇشنى ئويلىسا شۇ كىشى ھەممىدىن ئاۋۋال سىلەرگە چاكار بولسۇن؛ كىمكى باشتا تۇ-رۇشنى ئويلىسا، شۇ كىشى ھەممىدىن ئاۋۋال كۆپچىلىككە چا-كار بولسۇن.

— «ئىنجىل» دىن ئېلىندى

سەيشەنبە سەھەر، سائەت بەشتىن ئازراق ئۆتكەنىدى. مەن موناستىر ئىچىگە كىرىپ قارىسام، مېنى ساقلاپ ئولتۇرغان موناخنى كۆردۈم. ئۇ مېنى كۆرۈپ:

— خەيرلىك سەھەر، جون، — دەپ مەن بىلەن خۇشال - خۇرام سالاملاشتى.

— كېچىكىپ قالغىنىمغا تولىمۇ خىجىلمەن، — دېدىم مەن جاۋابەن، ئۆزۈمنىڭ خىجىللىقىمنى يوشۇرالماي، — قارى-ماققا سىز ھەقىقەتەن ناھايىتى روھلۇق ھەم تېتىكتەك كۆرۈنى-سىز، سىز ئادەتتە سائەت نەچچىلەردە ئورنىڭىزدىن تۇرىسىز؟

— يەكشەنبىدىن باشقا كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە سەھەر سا-ئەت ئۈچتىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە ئورنۇمدىن تۇرىمەن. مۇشۇن-داق قىلسام، بىرىنچى قېتىملىق ئىبادەتنىڭ ئالدىدا تىنچ ئول-تۇرۇپ ئويلىنىۋېلىشقا ۋاقىت چىقىرالايمەن.

— ۋاي، پەرۋەردىگارىمەي! سىز تولىمۇ سەھەر تۇرىدى-كەنسىز! — دېدىم مەن ھەيرانلىق ئىلكىدە بېشىمنى چايقاپ.

— جون، بۇ ئىككى كۈندە سىز نېمىلەرنى ئۆگىنىۋالدى-ڭىز؟

— هازىرچە بىر نېمە دېيەلمەيمەن، سىمپئون، بىراق مەن پائۇلغا ھەقىقەتەن بارغانچە ئۆچ بولۇپ كېتىۋاتىمەن. ئۇ ھەمىشە ۋاتىلداپ مېنىڭ دەرس تىڭشىشىمغا تەسىر بېرىۋاتىدۇ:

— ئۇ نېمىشقا ھەممە ئىشقا پىكىر بېرىپلا يۈرىدىكىنا! بەلكىم ئۇ ھەربىي مەشىققە ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكتىن بولسا كېرەك. سىز نېمىشقا ئۇنىڭ دەرس تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇ- رۇشىغا يول قويىسىز؟ نېمىشقا ئۇنىڭغا جىم ئولتۇر! دەپ ئېيتمىدىڭىز؟ بولمىسا ئۇنىڭ يۈزىدىن - يۈزىگە يوقال دەپ، ۋارقىرىسىڭىز بولمامدۇ؟

— بىراق، مەن دەرسخانىدا پائۇلدەك بىر ئادەمنىڭ بولغى- نىدىن خۇشالمەنكى؛

— سىز راستىنلا دەرسخانىدا مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ بولغىنىدىن خۇشالمۇ؟ دەپ سورىدىم مەن، ئۇنىڭ گېپىگە ئى- شەنمەي.

— شۇنداق! مەن ئىلگىرى ساۋاقدا ئېرىشكەچكە، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرگە ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىنىۋالغانمەن. مەن ئىلگىرى مەلۇم بىر تۆنىكە بۇيۇملىرى شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن لىدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولۇپ، شۇ چاغلاردا مەن ئىنتا- يىن رادىكال Y نەزەرىيىسىنىڭ (ئىنسان تەبىئىيتىنىڭ ماھىيى- تىنى ياخشى دەپ قارايدىغان نەزەرىيە) مۇرتى ئىدىم، يەنى كۆپچىلىك بىلەن قول تۇتۇشۇپ، بىرلىكتە خۇشاللىق ئىزدەش تېپىدىكى رەھبەر ئىدىم. بىراق، مېنىڭدىن باشقا مۇئاۋىن لى- دىرلار بولسا، ئىنتايىن رادىكال X نەزەرىيىسىنىڭ (ئىنسان تەبىئىيتىنىڭ ماھىيىتى رەزىل) دەپ قارايدىغان باشقۇرۇش نەزەرىيىسى) مۇرتى بولۇپ، ئۇلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى تولىمۇ ھۇرۇن ھەم تــولىمۇ ھىيلىگەر، ئەگەر قامچى- لاپ تۇرمىسا، ياۋاشلىق بىلەن خىزمەت قىلمايدۇ دەپ قارايتتى.

— خۇددى پائۇلغا ئوخشاشمۇ؟

پائۇلمۇ شۇلارغا ئوخشاش ياكى ئوخشاش ئەمەسمۇ، بۇنىسىنى مەن بىلمەيمەن... بىراق، جون ھەرگىزمۇ ئىشلارنىڭ پەقەت يۈزەكى قىسمىنىلا كۆرۈپ، ئالدىراپ يەكۈن چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، پائۇل ھازىر بۇ يەردە ئەمەس، ئۆزىنى ئاقلىيالمايدۇ. مەن شۇنىڭغا تولىمۇ دىققەت قىلىمەنكى، بۇ يەردە يوق ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن گەپ قىلمايمەن.

— مەن بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم تۈزىتىمەن، — دېدىم مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ.

— بىز ھەرگىزمۇ ئۆزىمىز خالىمىغان ئىشنى باشقىلارغا تاڭماسلىقىمىز كېرەك، مېنىڭچە بىز ئىككىمىزمۇ باشقىلارنىڭ ئارقىمىزدىن بىزنى تەنقىد قىلىشىنى ئۈمىد قىلمايمىزغۇ دەيمەن، توغرىمۇ؟

— دېگىنىڭىز ناھايىتى توغرا، سىمپئون.

— ئەسلىي گېپىمىزگە كېلەيلى، ئۆز ۋاقتىدا مەن ھېلىقى مۇئاۋىن لىدىرلار بىلەن باشقۇرۇش يىغىنلىرىغا بىرلىكتە قاتنىشىشقا مەجبۇر بولاتتىم. بىراق، يىغىندا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك تېمىلاردا گەپ بولۇپ قالسىلا، ھەمىشە ئۇلار بىلەن تاكاللىشىپ قالاتتىم. ئۇلار ھەمىشە تېخىمۇ قاتتىق بولغان سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلەرنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلاتتى. لېكىن، مەن بولسام ھەمىشە تېخىمۇ دېموكراتىك، تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرەتتىم. مەن باشتىن - ئاخىر ئۇلارنىڭ ئاشۇ جاھىل، «دىنوزاۋر» لارچە قىلمىشلىرى ھامان بىر كۈنى شىركەتنىڭ بېشىغا چىقىدىغۇ دەپ قارايتتىم. بىراق، ئۇلارمۇ مېنى ھامان بىر كۈنى شىركەتنىڭ بېشىغا چىقىدۇ دەپ قارىشاتتى. مېنىڭ خوجايىنىم بىل بولسا شىركەتنىڭ لىدىرى، شۇنداقلا مېنىڭ يېقىن دوستۇم بولۇپ، ئۇ ھەمىشە بىزنىڭ ئارىمىزدىكى تالاش - تارتىشلارنى كېلىشتۈرەتتى. بەزىدە بىز

بەك كەسكىن تاكاللىشىپ كەتسەك، ئۇ بەزىدە ئۇلار تەرەپتە تۇراتتى، ياكى بەزىدە مەن تەرەپتە تۇراتتى.

— ۋاي بىچارىيەي، ئۇ ھەر ئىككى تەرەپكە ياخشى بولالماي-دىكەن - دە! — دېدىم مەن تەسىرلەنگەن ھالدا.

— بۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، — دېدى سىمېئون ناھايىتى تېزلا، — بىلىنىڭ مەيدانى ئىزچىل ھالدا مۇستەھكەم بولۇپ كەلدى. ئۇ كارخانىنىڭ ئىچكى ئېھتىياجىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر قېتىم مەن بىر قېتىملىق تولىمۇ جىددىيلىككە تولغان يىغىندىن كېيىن، ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ ئۇنىڭدىن: «سىز نېمىشقا ئاۋۇ ئەبلەخلەرنى ئىشتىن بوشىتىۋەتمەيسىز؟ بولمىسا بىز قانداقمۇ كۆن تەرتىپ ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشەلەيمىز؟ — دەپ سورىدىم. مەن ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتا بەرگەن جاۋابىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن.

— ئۇلارنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىشكە قوشۇلدىمۇ؟

— ياق، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. جون، ئۇ ماڭا ئۇلارنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىشنىڭ شىركەت ئۈچۈن ئەڭ زور خاتالىق بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئەلۋەتتە بىلدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. نەتىجىدە ئۇ ماڭا چوڭقۇر تىكىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن جاۋاب بېرىپ: «رىئاۋ، بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي. ئەگەر سىزگە بىر ئادەمنى ئالدىڭىزغا بىر تەرەپ قىلىشقا يول قويىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا سىز چوقۇملا كارخانىنىڭ كەلگۈسىنى نابۇت قىلىسىز. بۇ ئەبلەخلەر-نىڭ قارشىلىق پىكىرلىرىنىڭ سىزنى تىزگىنلەپ تۇرۇشىغا ۋە كاللىڭىزنى سەگەكرەك تۇتۇشىڭىزغا پايدىسى بار» دېدى. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مېنىڭ تازا ئاچچىقىم كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن بىل بىلەن بىر ھەپتىگىچە سوغۇق ئۇ-رۇش ئېلىپ باردىم.

— سىز تونۇغۇن دېگەن گەپلەرنى بۇنىڭغا تەتبىقلىساق

سىمپئون. بىل سىزگە سىز ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىنى سىز-
گە بەردى. لېكىن، سىز ئارزۇ قىلغان نەرسىنى بولسا سىزگە
بەرمىدى، توغرىمۇ؟

سىمپئون بېشىنى لىڭشىتىپ:

— كەيپىياتىم تولۇق ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، مەن ئاندىن بىلنىڭ ناھايىتى توغرا ئېيتقانلىقىنى چۈشەندىم. گەرچە مەن ئۇلار بىلەن ھەمىشە بەس - مۇنازىرە قىلىشقان بولساممۇ، لېكىن بىز ئەڭ ئاخىرىدا ھامان كېلىشىپ قالاتتۇق. لېكىن، ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، بۇ يەكۈنلەرنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولاتتى. بىلنىڭ دېگىنى توغرا بولۇپ، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا ئېھتىياجلىق، ئۇلارمۇ ماڭا ئېھتىياجلىق ئىدى.

— مېنىڭ ھازىرقى خوجايىنىممۇ ناھايىتى ئەقىللىق. ئۇ ھەمىشە ماڭا ۋە باشقا دىرېكتورلارغا، ئەتراپىمىزدىكى بۇيرۇق بويىچىلا ئىش قىلىدىغان ياكى ئوي - پىكرى بىز بىلەن ئوخشاش بولغان خىزمەتچىلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ. ئۇ ھەمىشە: «ئەگەر سىز قول ئاستىڭىزدىكى خىزمەتچىلەر بىلەن يىغىن ئاچسىڭىز، يىغىنغا قاتناشقان ئون ئادەمنىڭ ھەممىسىنىڭ پىكرى ئوخشاش بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئون ئادەمنىڭ ئىچىدىكى توققۇز ئادەمنىڭ ئوشۇقچە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.»

— ئۇ ناھايىتى توغرا دەپتۇ، جون.

— شۇنداق، مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن. توغرا، سىز بىلەن ئەتىگەنلىك تاماقنى بىرگە يەيدىغان ئىش قانداق بولدى؟

— تولىمۇ ئەپسۇس، سىزگە ماقۇل دېيەلمەيدىغان ئوخشاي-
مەن. تۈنۈگۈن ئاخشام مۇدىر مېنى ئىزدەپ ئۆيۈمگە كەلدى. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ سىزنىڭ تەكلىپىڭىزنى رەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

— سىز چوقۇم ئۇنىڭ «تەستىقى»نى ئېلىشىڭىز كېرەك-

مۇ؟ بۇ پەقەت تاماق يېيىشقۇ؟ ــ دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن كۆڭلۈم بىر ئاز يېرىم بولۇپ.
ــ شۇنداق، مەن يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەن بىز ھەممىمىز ئالاھىدە بەلگىلەنگەن رايوندا تاماق يەيمىز دېگەنىدىم. شۇڭا، ئەگەر باشقا جايدا تاماق يەيمىز دېسەك، ئۇ چاغدا چوقۇم تەستىق ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مەن جامېس مۇدىردىن سورىغانىدىم، بىراق ئۇ رەت قىلدى. مېنىڭچە ئۇ رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.
مەن چۈشتىن كېيىنكى دەم ئېلىش ۋاقتىمدا مۇدىرنى بىر قېتىم ئۇچراتقانىدىم. ئۇ چاغدا مەن بىكارچىلىقتا ئايلىنىپ يۈرەتتىم. سىلىقراق ئېيتسام، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۇ كۆرۈمسىز-رەك بىر ئادەم ئىدى. گەرچە ئۇ موناستىردىكى بارلىق ئوقۇغۇ-چىلار تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلغان ھەم ۋەزىپە ئۆتەۋاتقىلى ئاز دېگەندىمۇ يىگىرمە يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەم قېرى، ھەم روھسىز كۆرۈنەتتى! سىمېئون نېمىشقا قېرىپ ئۇ-لەي دەپ قالغان بۇ قېرىدىن ئۆزىنىڭ مەن بىلەن بىللە ئەتىگەن-لىك تاماق يېيىش توغرۇلۇق تەستىق سورايدىكىنە؟ ئۇ قېرى تېخى بۇنى رەت قىلىپتىمىش! مەن ھەقىقەتەن چۈشىنەلمىدىم، ناھايىتى كەلسە ئەتىگەنلىك تاماققۇ بۇ! سەمىمىيلىك بىلەن ئېيتسام، مەن بۇندىن كېيىنكى تۆت كۈندە تاڭ ئاتماستىنلا ئورنۇمدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشۇمنى ئويلىسام، تولىمۇ ئازاب ھېس قىلىمەن!
ــ گېپىمنى ھەرگىز خاتا چۈشىنىپ قالماڭ. بىراق، سىز ئۆزىڭىزنىڭ مەن بىلەن بىللە تاماق يېيىش ئىشىدىمۇ تەستىق ئېلىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىڭىزنى ئويلىغىنىڭىزدا ئۆ-زىڭىزنى بىچارە، دەپ ھېس قىلمامسىز؟ ــ دەپ سورىدىم نائى-لاج.

— دەسلەپتە مەنمۇ ھەقىقەتەن شۇنداق ئويلىغان، — دېدى سىمېئون ماڭا جاۋابەن، — بىراق، مەن ھازىر ئۇنداق ئويلىمايدىغان بولدۇم. بەزى چاغلاردا باشقىلارغا بويسۇنۇش ئارقىلىق ئۆزىمىزدىكى مەنمەنچىلىككە چەك قويغىلى بولىدۇ. راست گەپنى دېسەم، چوڭچىلىق ۋە ھاكاۋۇرلۇق بىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ.

— چۈشەندىم، — دېدىم مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ، لېكىن مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ گاراڭ بولۇپ قالدىم. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ زادى نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالغانىدىم.

سائەت توققۇزغا ئەمدىلا قوڭغۇراق چېلىنىۋىدى، لىزا دەرھال قول كۆتۈرۈپ سوئال سورىدى.

— قېنى، لىزا سۆزلەڭ، — دېدى سىمېئون، — بۇنداق گۈزەل ئەتىگەندە سىز نېمىلەرنى سورىماقچىسىز كىن؟

— تۈنۈگۈن كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، بىز كىمنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئۇلۇغ رەھبەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشتۇق. بىزنىڭ مۇنازىرىمىز تولىمۇ قىزغىن بولدى. گەرچە بىز نۇرغۇن ئادەمنى تىلغا ئالغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كۆپچىلىكنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى. سىمېئون، سىزچە، كىم تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئۇلۇغ رەھبەر بولۇشقا تېگىشلىك؟

— قىددىس ئەيسا پەيغەمبەر! — بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆلچەملىك جاۋاب ئىدى!

ئەتراپىمغا قاراپ، پائۇلنىڭ تازا ئېتىراپ قىلمىغان قىياپەتتە كۆزىنىڭ ئىچىنى چىقىرىپ ئالايتىپ قويغىنىنى ۋە يەنە ئىككى نەپەر كۇرسانتنىڭمۇ جايىدا ئانچە خاتىرجەم ئولتۇرالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. لىزا گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىز بىر خرىستىئان مۇرىتى بولغاچقا ھەم مۇناستىر ئىچىدە تۇرغاچقا، ئەلۋەتتە ئەيسا پەيغەمبەرنى ياخشى رەھبەر دەپ

قارايسىز ـ دە.
ــ خاتالاشتىڭىز، ئەيسا پەيغەمبەر «ياخشى» رەھبەر بو-
لۇپلا قالماستىن، بەلكى تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئۇلۇغ
«رەھبەر»، ــ دېدى سىمېئون قايتا تەكىتلەپ، ــ مېنىڭ ئاسا-
سىم ناھايىتى تولۇق، ھەرقايسىڭلارنى قايىل قىلىشقا يېتىدۇ.
بۇ ئاساسلار ناھايىتى ئەمەلىي.
ــ بولدى بەس، ئۆتۈنۈپ قالاي! بىز ئەيسا پەيغەمبەرنى
چىشلەپ تارتمىساق قانداق؟ پائۇل تۇيۇقسىز گەپ ئاچتى، ــ
مەن بۇ يەرگە ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلىغىلى كەلمىگەن، بەلكى
مەن... ياق، بەلكى مەن بۇ يەرگە رەھبەرلىككە ئائىت دەرسنى
ئاڭلاشقا مەجبۇرىي ئەۋەتىلگەن.
ــ مەن بىر ئېغىز گەپ قىستۇراي، پائۇل سىزنىڭ
كاللىڭىز نېمانداق ئىشلىمەيدۇ! ــ دېدىم مەن چىداپ تۇرال-
ماي.
ــ پائۇل سىز بىزنىڭ ئىككى كۈن ئىلگىرى رەھبەرلىك
قىلىشقا بەرگەن تەبىرىمىزگە قوشۇلامسىز؟ ــ دەپ سورىدى
سىمېئون ئۇنىڭدىن.
ــ ئەلۋەتتە قوشۇلىمەن. مەن ئۇ چاغدا بىر مۇنچە پىكىر-
لەرنىمۇ بەرگەن تېخى.
ــ توغرا، سىز ھەقىقەتەن بىر مۇنچىلىغان پىكىرلەرنى
بەرگەن، پائۇل. شۇ ۋاقىتتا ھەممىمىز رەھبەرلىك قىلىشنىڭ
بىر خىل ماھارەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ باشقىلارغا تەسىر كۆر-
سىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئورتاق نىشانغا يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن
نىيىتى بىلەن ئاتلىنىپ بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەش
ئىكەنلىكىگە قوشۇلغانىدۇق. گېپىم خاتا ئەمەستۇ؟
ــ مەن چۈشەنگەندەك قىلىمەن...
ــ ئۇنداقتا، سىز ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ باشقۇرۇش مودېلى-
نى، ياق، كەچۈرۈڭ، ئۇنىڭ باشقۇرۇش ئۇسلۇبىنى چۈشەندۈ-

رۇپ بېرەلەمسىز؟ — سورىدى كىنگ.

لي تۇيۇقسىز ۋارقىرىدى:

— قاراڭلار، ماڭا بايىلا تۇيۇقسىز «ۋەھىي» كەلدى. ئۇنى دەۋەتمىسەم كۆڭلۈم ئارام تاپمىغۇدەك! ئەگەر خاتالاشمىسام، ئەيسا ئىلگىرى «ئەگەر كىمكى رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرماقچى بولىدىكەن، شۇ كىشى سىلەرنىڭ چاكىرىڭلار بولۇشى كېرەك.» دېگەنىكەن. مېنىڭچە بىز بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنىڭ رەھبەرلىك قىلىش ئۇسلۇبىنى چاكارلارچە رەھبەرلىك قىلىش دەپ ئاتىساقمۇ بولغۇدەك. كۆپچىلىك شۇنى ئۇنتۇپ قالمايلى، ئەيسا ھوقۇقتا تايىنىپ رەھبەرلىك قىلغان ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئەزەلدىن ھوقۇقتا ئىگە بولۇپ باققان ئەمەس! شىرۇپە، ۋالى پىلاتوس ۋە رىملىقلار شۇ چاغدا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. لېكىن، تەڭداشسىز تەسىر كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ھەتتا بۈگۈنكى كىشىلەرگىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. بىز بۇ خىل تەسىر كۈچىنى سىمېئوننىڭ سۆزى بويىچە نوپۇز دەيمىز. ئەيسا ئەزەلدىن ھوقۇقتا تايانغان ئەمەس ھەم باشتىلارنى ئۆزىنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا مەجبۇرلاپ باققانمۇ ئەمەس!

— سىمېئون، مەن راستتىنلا سىزنىڭ قانداق قىلىپ، بۇنداق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان رەھبەر بولالىغانلىقىڭىزنى بىلىپ باقاي دەيمەن، — سورىدى كلىس، — سىز ئۆزىڭىزنىڭ رەھبەرلىك قىلىش ئۇسلۇبىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز سىمېئون؟

— مەن رەھبەرلىك قىلىشتا پۈتۈنلەي ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئۇسلۇبىغا ئاساسلانغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. بىراق، مەن سىلەر بىلەن ئورتاقلىشىشنى خالايمەن. چۈنكى، مەن ئۇنىڭغا ھەقسىز ئېرىشكەن. شۇڭا، سىلەرگە مەنمۇ ھەقسىز ئۆگەتتىشىم كېرەك، — دېدى سىمېئون كۈلۈپ.

سىمېئون موناخ دوسكا ئالدىغا كېلىپ، دوسكىغا بىر تەتۈر

پرامىدانىڭ شەكلىنى سىزدى ھەم ئۇنى بەش تەڭ بۆلەككە بۆل-
دى. ئاندىن ئۇنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە «رەھبەرلىك قى-
لىش» دېگەن سۆزنى يېزىپ قويۇپ سۆزىنى باشلىدى:

— رەھبەرلىك قىلىش بىزنىڭ ئىنتىلىش نىشانىمىز بول-
غانلىقتىن، بىز ئۇنى ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتكە يازىمىز. بۇ تەتۈر
پرامىدا شەكلى چاكارلارچە رەھبەرلىك قىلىش مودېلىغا ۋەكىل-
لىك قىلىدۇ. ھە... پائۇل سىز بىزگە رەھبەرلىك قىلىش
توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشنى يەنە بىر قېتىم بايان قىلىپ بەر-
سىڭىز قانداق؟

— رەھبەرلىك قىلىش — بىر خىل ماھارەت، — دېدى پا-
ئۇل ئۆگەنگەنلىرىنى يادلاپ تۇرۇپ، — رەھبەر بولغان كىشى
بۇ ماھارەت ئارقىلىق باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ
مەلۇم بىر ئورتاق نىشانغا يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن
ئاتلىنىپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. بۇنى مەن
ئېسىمدە ناھايىتى ئېنىق تۇتۇۋالغانمەن.

— رەھمەت سىزگە، پائۇل ئەگەر رەھبەرلىك قىلىشتا،
ۋاقىت ۋە بوشلۇقنىڭ قاتمۇ قات سىناقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە
توغرا كەلسە، ئۇنداقتا رەھبەرلىك چوقۇم نوپۇز ئۈستىگە قۇرۇ-
لۇش كېرەك، — سىمئون موناخ سۆزلىگەچ دوسكا ئالدىغا ماڭ-
دى.

| رەھبەرلىك قىلىش |
| --- |
| نوپۇز |

— مەن ئۇلۇشكۇن ئېيتىپ ئۆتكەن، — دېدى سىمئون
سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ھوقۇق يۇرگۇزگەندە بەلكىم بىر
مەھەللىك ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ۋاقىت
ئۇزارغانچە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت يامانلىشىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن تەسىر كۈچىمۇ يوقايدۇ. كۈچلۈك، بىزنىڭ نوپۇزنى قانداق چۈشەندۈرگەنلىكىمىز ھېلىمۇ ئېسىڭلاردىمۇ؟ كىنىگ خاتىرە دەپتىرىنى ۋاراقلاپمۇ قويماي جاۋاب بېرىشكە باشلىدى:

— نوپۇز بىر خىل ماھارەت بولۇپ، ئۇ تەسىر كۈچى ئارقىلىق، باشقىلارنى چىن كۆڭلىدىن خالاپ، سىزنىڭ ئىرادىڭىز بويىچە ئىش كۆرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

— دەل شۇنداق. رەھمەت سىزگە كىنىگ، ئۇنداقتا بىز باشقىلارغا بولغان تەسىر كۈچىمىزنى قانداق يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك؟ قانداق قىلىپ باشقىلارنى ئۆزىمىز ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى خالايدىغان قىلىشىمىز كېرەك؟ بىز يەنە قانداق قىلىپ باشقىلارنى چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، ئىشلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان قىلىشىمىز كېرەك؟ نوپۇز نېمە ئۈستىگە تۇرغۇزۇلىدۇ؟

— ئەيسا ئىلگىرى تەسىر كۈچى ياكى رەھبەرلىك قىلىش دېگەنلىك ئۆزىنى بېغىشلاش ئاساسىغا تۇرغۇزۇلىدۇ دېگەنىدى، — دېدى لې جاۋاب بېرىپ، — ئۇلۇشكۇن دەرس ۋاقتىدا بىز ئۆزىمىزنىڭ ھاياتىدا بىزگە نىسبەتەن كىمنىڭ ئەڭ زور تەسىر كۈچ ۋە نوپۇزغا ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە قىلىشقانىدۇق. شۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنىڭ تۇنجى خوجايىنىمنى تاللىغان بولۇپ، ئۇ شۇنداقلا يەنە مېنىڭ ئەقىل كۆزۈمنى ئاچقان ئۇستازىم بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا ۋە كەلگۈسى ئىشلىرىمنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. ھېس قىلىشىمچە، ئۇنىڭ ماڭا بولغان كۆڭۈل بۆلۈشى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان كۆڭۈل بۆلۈشىدىن ھەقىقەتەن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتەتتى. سىمېئون، ھەقىقەتەن سىز ئېيتقانغا ئوخشاش، ئۇ ھەتتا مەن ئۆز ئېھتىياجلىرىمنى بايقاشتىن بۇرۇنلا، ئامال قىلىپ ئۇلارنى قاندۇرۇپ بولغانىدى! گەرچە ئۇ ماڭا مۇلازىمەت قىلغان بولسىمۇ،

لېكىن مەن ئۇنى ھېس قىلىپ يەتمىگەنىدىم...

— رەھمەت سىزنىڭ ئورتاقلاشقىنىڭىزغا، لي، مېنىڭچە سىز گەپنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئېيتتىڭىز. نوپۇز ھەقىقەتەن باشتىن - ئاخىر ئۆزىنى قۇربان قىلىش ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ (تۇرغۇزۇلىدۇ). ئەمەلىيەتتە ئۆزۈڭلەر تاللاپ چىققان ئەڭ زور نوپۇزغا ئىگە ئاشۇ كىشىلەرنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئازدۇر - كۆپتۇر قۇربانلىق بەرگەن ياكى قۇربانلىق بەرمىگەنلىكى توغرىسىدا ئويلىنىپ باقساڭلار بولىدۇ.

مەن توساتتىن ئاپامنى ئەسلەپ قالدىم.

— بىراق، سىمېئون، مەن بىر ئېغىز سەممىي گەپ قىلاي، سىز بەلكىم دىققەت قىلمىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، لېكىن بۇ دۇنيا بەرىبىر ھوقۇق دۇنياسى، — دېدى پائۇل يەنىلا چىڭ تۇرۇپ، بولمىسا سىز پەقەت ئۆزىنى بېغىشلاش، ئۆزىنى قۇربان قىلىش ۋە تەسىر كۆچىگە تايىنىش ئارقىلىقلا ئىشلارنى ناھايىتى تېز بىر ياقلىق قىلىۋەتكەن كىشىلەردىن بىر قانچىنى مىسال ئېلىپ بېقىڭ قېنى.

— مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەيسا پەيغەمبەر بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى بولالايدۇ، — دېدى لي ھەممىسىدىن ئاۋۋال سۆزلەپ، ئۇ قىلچىمۇ ھوقۇققا تايىنىپ باققان ئەمەس، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ تەسىر كۆچىگە تايىنىش ئارقىلىقلا، پۈتۈن دۇنيانى ئۆزگەرت- كەن. مەن تېخى يېقىندىلا ئەيسانىڭ سۆزىنى دېگەنىدىم. ئۇ سۆزىدە، «ئەگەر مەن يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈلسەم، نەچچە ئون مىڭلىغان ئادەمنى ئۆزۈمگە تارتىۋالالايمەن» دېگەن. ئۇنىڭ بۇن- داق دېگىنى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ كرېست جازىسىغا مىخلانغان چاغدى- كى ھالىتىگە قارىتىلغان. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى مۇشۇنداق قۇربان قىلىش ئارقىلىق ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپ قال- دى.

— ئۆتۈنۈپ قالاي! بولدى، ۋەز - نەسىھەت سۆزلىمەڭە،

— دېدى پائۇل ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، — سىلەر ھە دېسىلا نەچچە مىڭ يىللار ئاۋۋالقى ئىشلارنى تىلغا ئالىدىكەنسىلەر، مېنىڭ تەلەپ قىلىۋاتقىنىم بولسا، رېئال دۇنيادا يۈز بەرگەن ئەمەلىي مىساللار!

— بولىدۇ، ئۇنداقتا بىز 20 - ئەسىرنىڭ مىساللىرىدىن بىرنى ئالايلى، — دېدى سىمېئون موناخ، — پاكار بويلۇق بىر ھىندى دەل ھوقۇقتا تايانماستىن، پەقەت نوپۇزغا تايىنىش ئارقىلىق نۇرغۇن ئۇتۇقلارنى قازانغان ئەمەسمۇ؟

— ھە! سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز ئۇلۇغ گەندىغۇ دېمەن، — دېدى لىزا ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — توغرا، ئۇنىڭمۇ قىلچىلىك ھوقۇقى يوق ئىدى! گەرچە ئۇنىڭ بوي ئېگىزلىكى بەش فۇتقا، بەدەن ئېغىرلىقى 100 قاداققا توشمىسىمۇ، لېكىن بۇلار ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا قىلچە نۇقسان يەتكۈزمىگەنىدى. ئەينى چاغدا، ھىندىستان ئاھالىسى ئاران 300 مىليون بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاللىقاچان ئۇلۇغ برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغان، قاتتىق زۇلۇمغا ئۇچرىغان بىر دۆلەت ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلۇغ گەندى ئۆزىنىڭ ھىندىستانغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇنى ئەنگلىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىن مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرىدىغانلىقى، لېكىن بۇ جەرياندا قىلچىلىك ھەربىي كۈچ ئىشلەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. شۇ چاغدا ھەممە ئادەم گەندىنى ئۆزىنى چاغلىماي پو ئېتىۋاتىدۇ دەپ مازاق قىلىشقان. لېكىن، ئۇ دېگىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان.

— ئۇ قانداق قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇپتۇ؟ — دەپ سورىدى پائۇل.

— گەندى ئالدى بىلەن خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، دۇنيا خەلقىگە ھىندىستاننىڭ تەڭسىز مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈ-

شەنگەن . ئۇ ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ئىنتىلىش جەريانىدا قۇربان بېرىشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى، لېكىن قۇربان بېرىش بەدىلىگە دۇنيا خەلقىنىڭ تېخىمۇ كۆپ دىققەت - ئېتىبا- رىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ يەنە ئۇ- لارغا غەيرىي زوراۋانلىق شەكلىدىكى قارشى تۇرماسىق ھەرىكىتى ئېلىپ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە ئازابلارغا چوقۇم بەرداشلىق بېرىش كېرەكلىكى، بۇ قىيىنچىلىق ۋە ئازابلارنىڭ ئادەتتىكى ئۇرۇش بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوقلۇقى، لېكىن بۇ ئۇرۇشتا ئۆتتۈرۈپ قويسا بولمايدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئېيتقان. دۆلەت- نىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، گەندى ئۆزى ئۆلگە بولۇپ، غايەت زور قۇربانلارنى بەرگەن. ئۇ كۆپ قېتىم باشقىلار تەرىپىدىن زەھەرخەندىلىك بىلەن قاتتىق ئۇرۇلغان، تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇ ھەتتا بىر قانچە قېتىم ئاچلىقمۇ ئېلان قىلغان. ئۇ شۇنىڭ بىلەن دۇنيا خەلقىنىڭ ھىندىستاننىڭ ئەھۋا- لىغا يېقىندىن دىققەت قىلىشىنى قولغا كەلتۈرگەن. 1947 - يىلى برىتانىيە ئىمپېرىيىسى ئاخىر مۇرەسسە قىلىپ، ھىندىس- تانغا مۇستەقىللىق بېرىشنى قارار قىلغان. شۇ ۋاقىتتا گەندى لوندون شەھىرىدە قەھرىمانلارچە قىزغىن قارشى ئېلىنغان. گەندى بىرمۇ ئەسكەر چىقىم قىلمىغان. زوراۋانلىق كۈچىمۇ ئىشلەتمىگەن. ھوقۇق دېگەننى ئەسلا يۈرگۈزمىگەن، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىگە تايىنىش ئار- قىلىق قولغا كەلگەن...

— يەنە نېگىرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق داھىيسى مارتىن: لوتېر. كىنمۇ بار، — دېدى كلىس، سۆز قىستۇرۇپ، — مەن ئۇنى تەتقىق قىلىپ باققان. ئۇ ھىندىستانغا بېرىپ، گەندىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلغان. مېنىڭچە بۇ ئۇنىڭ 60 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى نېگىرلار- نىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا چوقۇم

زور ئىلھام بەرگەن.

— 60 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مەن تېخى ئەمدىلا يول مېڭىشنى ئۆگىنىۋاتاتتىم، — دېدى كىنىگ مۇنازىرىدىگە ئارىلىشىپ، — ئائىلىشىمچە شۇ چاغلاردا، جەنۇبتىكى ھەرقايسى شتاتلاردىكى نېگىرلار ئاپتوبۇسقا چىقسا، چوقۇم ئارقا رەتتىكى ئورۇندا ئولتۇرۇشى، رېستورانغا كىرسە چوقۇم بەلگىلەنگەن ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشى كېرەك ئىكەن. بۇمۇ تېخى ئاشۇ رېستورانلارنىڭ ئۇلارنى كۈتۈشنى خالاش - خالىماسلىقىغا باغلىق ئىكەن! بۇنىڭدىن ئۆتە ئادەمنى خورلايدىغان ئىشلار ساناپ تۈگەتكۈسىز ئىكەن. بىزنىڭ بۇ دۆلىتىمىزدە مۇشۇنداق كۆلكىلىك ئىرقىي كەمسىتىشلەرنىڭ يۈز بەرگىنىگە ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ!

پائۇل ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى:

— جەنۇب - شىمال ئۇرۇشىنىڭ ئاياغلاشقىنىغا ئەمدىلا تېخى 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولدى ئەمەسمۇ! بۇ ئۇرۇشنى ئويلاپ باقايلى، ئامېرىكىلىقلار ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئۇرۇشقان... سىلەر مەيلى ئىشىنىڭلار ياكى ئىشەنمەڭلار، جەنۇب - شىمال ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ يارىلانغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ سانى دۆلىتىمىز چەت ئەللەر بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلاردا ئۆلۈپ يارىلانغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ سانىدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ!

— بوپتۇ، بۇ ئۇرۇشتا بىر مۇنچىلىغان قانلار ئېقىپ، سانسىزلىغان جانلار تېنىدىن ئايرىلدىمۇ دەيلى، لېكىن بۇ ئۇرۇش 100 يىلدىن بۇيانقى ئىرقىي كەمسىتىشنى زادىلا تۈگىتەلمىدى. ئەگەر بىرەر ئاق تەنلىك ئاپتوبۇسقا چىقىپ قېلىپ، ئاپتوبۇستا ئاللىقاچان ئورۇن قالمىغان بولسا، ئاپتوبۇستا ئولتۇرغان نېگىرلاردىن بىرەرى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاق تەنلىككە ئورۇن بوشىتىپ بېرىپ، ياۋاشلىقچە بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇرۇشقا



www.uyghurkitap.com

مەجبۇر بولىدىغان ھالەت يەنىلا داۋاملىشىۋەردى، — دېدى كىنىگ.

كلىس سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— دوكتور گېن ئۆزىنىڭ بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتەلە-گۈدەك ھېچقانداق زورلۇق كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەنگەن. ئۇ كەندىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئىش قىلىشنى قارار قىلغان. ئۇ قۇربان بېرىش ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ نېگىر-لار ئۇچراۋاتقان تەڭسىز مۇئامىلىگە بولغان دىققىتىنى چوقۇم قوزغاتقىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. شۇ چاغدا مالكولىم ۋە قارا قاپلان پارتىيىسى ئەزالىرىغا ئوخشاش بىر قىسىم كىشىلەر بولسا، زوراۋانلىققا زوراۋانلىق بىلەن قارشى تۇرۇش ۋاسىتىسى-نى قوللانماقچى بولغان. لېكىن، زورلۇق كۈچ پەقەت تېخىمۇ كۆپ زورلۇق كۈچ بىلەن ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، خالاس. ئەگەر مۇشۇ قارار بويىچە زوراۋانلىق ئارقى-لىق ئاق تەنلىكلەرگە قارشى تۇرۇلغان بولسا، ئەق تەنلىكلەر بۇنىڭدىنمۇ كۆپ زوراۋانلىقلار ئارقىلىق قايتۇرما زەربە بەرگەن بولاتتى... لېكىن، دوكتور گېن ئاقىلانىلىك بىلەن ئۆزىنىڭ نېگىرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى قانۇن لايىھىسىنى ئىلگىرى سۇ-رىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بۇ سۆزى كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ مازاق قىلىشىغا ئۇچرىغان.

لىزا سۆز قىلىشقا باشلىدى.

— دوكتور گېنىنىڭ تاللىۋالغىنى ناھايىتى مۇشەققەتلىك يول بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتى كۆپ قېتىم تەھدىتكە ئۇچرىغان، ھەتتا ئۇنىڭ ئائىلە كىشىلىرىمۇ بۇنىڭغا چېتىلىپ قالغان، قار-شى تۇرماسلىق ھەرىكىتى سەۋەبىدىن ئۇ بىرفانچە قېتىم تۇرمىگە تاشلانغان. ئۇنىڭ ئۆيى ۋە موناستىرلار كۆيدۈرگۈچى بومبىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان.

— لېكىن، گېن دوكتور ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغال-
غان نېگىرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ھەرىكىتى قىسقىغىنا بىر
قانچە يىل ئىچىدىلا، خۇددى يانغىنىدەك ھەممە يەرنى قاپلاپ،
زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن، — دېدى كلىس ئۆزىنى تۇتۇۋالال-
ماي سۆز قىستۇرۇپ، — ئۇ نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى مەيدانىغا
كەلگەندىن بۇيان ئۇنىڭغا ئېرىشكەن ئەڭ ياش شەخس بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى يەنە «ۋەۋر» ژۇرنىلىنىڭ يىللىق مەشھۇر
شەخس شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان تۇنجى غەيرىي ئامېرىكىلىق
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، پۇقرالىق ھوقۇقى قانۇن
تۇرغۇزۇش ھەرىكىتى خۇددى يانغىنىدەك ھەممە يەرنى قاپلاپ
1964 - يىلىغا كەلگەندە كىشىلىك ھوقۇقى قانۇن لايىھىسى
ئاخىر ماقۇللانغان ھەم بۇگۈنگە قەدەر كۈچكە ئىگە بولۇپ كەل-
گەن. ئۇندىن كېيىن 24 - نۆۋەتلىك ئاساسىي قانۇنغا ئۆزگەر-
تىش كىرگۈزۈش چوڭ يىغىنىدا، نېگىرلارنىڭ بېلەت تاشلاشتا
قوشۇمچە باج تاپشۇرۇش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. فېدې-
راتسىيە بېلەت تاشلاش ھوقۇقى قانۇن لايىھىسى ماقۇللانغاندىن
كېيىن بولسا، نېگىرلارنىڭ تىل - يېزىقتىن سىناق بېرىش
تۈزۈمىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. شۇنداق قىلىپ، بۇگۈنگە
كەلگەندە، نېگىرلار ئامېرىكا ئالىي سوتىنىڭ باش سودىيىلىك
ۋەزىپىسىگىمۇ تەيىنلىنەلەيدىغان بولغان.

كىنىگ ئالدىراپ سۆزلىدى:

— شۇنىڭ بىلەن نېگىرلار ئاپتوبۇسقا چىقسا، ئارقا رەتتە
ئولتۇرۇشقا رېستورانغا كىرسە، بەلگىلەنگەن ئۇستەلدە ئولتۇ-
رۇپ تاماق يېيىشكە مەجبۇر بولمايدىغان بولغان. دوكتور گېن
ھەقىقەتەن زورلۇق كۈچكە تايانماستىن مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار ئىش-
نى ۋۇجۇدقا چىقىرالىغان، بۇ ئادەمنى ھەقىقەتەن قايىل قىلى-
دۇ.

پۇتكۈل دەرسخانا بىر قانچە مىنۇت جىمجىتلىققا چۆمدى.

لې ئاستاغىنا گەپ باشلىدى.

— مەن توساتتىن مەشھۇر تېلېۋىزىيە دىكتورى جىننى كارىننىڭ سۆزىنى ئەسلەپ قالدىم. ئۇ بىر قېتىم ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا بىرلا ئادەمنى ھەرقانداق قىلىپمۇ چاقچاق ئوبيېكتى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ كۆزدە تۇتقان بۇ ئادەم ھايات چېغىدا كالكۇتتادا تۇرغان ئايال موناخ دىرېشا ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بۇۋى دىرېشانى چاقچاق ئوبيېكتى قىلىشقا جۈرئەت قىلالماسلىقىدىكى سەۋەب، ئۇنى تىلغا ئېلىپ چاقچاق قىلسىمۇ، بۇنىڭغا كۈلىدىغان ئادەم چىقمايدىكەن. مەن سىلەردىن سوراپ باقاي، ئۇنىڭ بۇنداق چاقچىقىغا ئادەملەر نېمە ئۈچۈن كۈلمەيدۇ؟

— مېنىڭچە، بۇ بۇۋى دىرېشانىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا كەڭ تارقالغان ئالىيجانابلىق جەھەتتىكى تەڭداشسىز تەسىر كۈچى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، — دېدى كلىس جاۋاب بېرىپ.

— ئۇنداقتا سىزچە، ئۇنىڭ نوپۇزى قانداق شەكىللەنگەن - دۇ؟ — لې ئۇلاپلا سورىدى.

— ئۇنىڭ پىداكارلىق روھى ئارقىلىق، — جاۋاب بەردى كىنىگ ئويلاپ ئولتۇرمايلا.

مەن دېمىسەم زادى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم - دە:

— بۇ بەلكىم بالىدا ئاپىسىغا قارىتا شەكىللەنگەن ھۆرمەت ۋە پەخىرلىنىش ھېسسىياتىغا، يەنى بالىنىڭ «ئاپام مەڭگۇ خاتا ئىش قىلمايدۇ!» دەپ ئىشەنگىنىگە ئوخشاش بولسا كېرەك. ئەگەر بىرەرى باشقىلار ئۇنىڭ ئاپىسىنى خالىغانچە ھاقارەتلىسە، بۇنىڭ ئاقىۋىتى چوقۇم ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر مېنىڭ ئاپام ھېلىھەم ھايات بولىدىغان بولسا، مەن چوقۇم ھېچ نەرسىنىڭ كۆزىگە قارىماستىن، ئۇنىڭغا ئۆز ساداقىتىمنى بىلدۈرەتتىم. مېنىڭچە، مېنىڭ ئاپامنىڭ تەسىر كۈچى ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

چىن يۈرىكىدىن خالاپ بەدەل تۆلىشىدىن ئېلگىن، — دېدىم.
چۈشتىن كېيىنكى دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى تېخى چې-
لىنماي تۇراتتى. پائۇل قولىنى كۆتۈرۈپ سوئال سورىدى:
— بولىدۇ، مەن ھازىر نوپۇز ۋە تەسىر كۈچىنىڭ باشقىلار
ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش بەدىلىگە
تۇرغۇزۇلىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالدىم. ئۇنداق بولسا بۇ نەزەرى-
يىنى خىزمەت مۇھىتى ياكى ئائىلىگە قانداق تەتبىقلاش كېرەك؟
ئەجىبا، مەن ئۆزۈمنى قۇربان قىلىش ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈپ
چىقىشىم، ھەر كۈنى چۈشتە تاماق يېمەسلىكىم، ماخاۋ كېسىلى-
گە گىرىپتار بولغان قوشنامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىم،
ئاندىن شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تىنچ
ئولتۇرۇپ قارشىلىق كۆرسىتىشىم كېرەكمۇ؟ تولىمۇ خىجىل-
مەن، مەن بۇ نەزەرىيىنى رېئال دۇنياغا قانداق تەتبىقلىغىلى
بولىدىغانلىقىنى ھەقىقەتەن كۆرۈپ يېتەلمىدىم!
— ئۆز گۇمانىڭىزنى ئېيتقىنىڭىزغا رەھمەت پائۇل، —
دېدى سىمېئون ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — مېنىڭچە، سىز بۇن-
داق گۇمانلانغان يەردە باشقىلارمۇ چوقۇم گۇمانلىنىدۇ. بىز
بۈگۈن ئەتىگەنلىك دەرس ۋاقتىدا، بىرقانچە مەشھۇر تارىخىي
شەخسلەرنى مىسال ئېلىش ئارقىلىق، نوپۇزنىڭ كۈچ ـ قۇدرى-
تىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. كۆپچىلىك بەلكىم ئۇنتۇپ قالمى-
غانسىلەر، رەھبەرلىك قىلىش بولسا ئۆزىنى بېغىشلاش ئاساسى-
غا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، قارشى تەرەپنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجلى-
رىنى تېپىپ چىقىش ۋە ئۇلارنى قاندۇرۇش ئاساسىغا تۇرغۇزۇ-
لىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، بىزگە
مەلۇم دەرىجىدە قۇربان بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.
— توغرا ئېيتتىڭىز، سىمېئون، — دېدى لىزا قوشۇمچە
قىلىپ، — نوپۇز ھەقىقەتەن قۇربان بېرىش ۋە ئۆزىنى بېغىش-
لاش ئاساسىغا تۇرغۇزۇلىدۇ. بۇ دەل بىز بۇرۇندىن تارتىپلا تولا

ئاڭلاپ، قۇلىقىمىزغا تونۇش بولۇپ كەتكەن «قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ.» دېگەن قائىدىگە ئوخشايدۇ. سىز مەن ئۇچۇن ئۆزىڭىزنى بېغىشلىسىڭىز، مەنمۇ سىز ئۇچۇن ئۆزۈمنى بېغىشلايمەن. سىز مەن ئۇچۇن ئوت دېڭىزىغا كىرىشنى خالىسىڭىز، مەنمۇ ئەلۋەتتە سىز ئۇچۇن ئوت دېڭىزىغا كىرىشنى خالايمەن. دېمەكچىمەنكى، ئىش مۇشۇنداق بولغانىكەن، بىز باشقىلارنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشكەن چېغىمىزدا، ئۇلارغا رەھمىتىمىزنى ئېيتمىساق ھەم مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرمىساق قانداق بولىدۇ؟ بۇ قانداقسىگە چوڭقۇر نەزەرىيە ياكى يېڭىچە گەپ بولماستىن، بەلكى ئادەتتىكىچە تەبىئىي ئىشتىن ئىبارەت.

سىمېئون موناخ دوسكا ئالدىغا كېلىپ:

— پائۇل چۈشەندىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى كەينىگە قايرىلىپ تۇرۇپ.

— يەنىلا ئانچە چۈشىنەلمىدىم. بىراق، قېنى سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ. مەن سىزنىڭ يەنە نېمىلەرنى دېيدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ باقاي! — دېدى پائۇل كىنايە قىلىپ.

## رەھبەرلىك قىلىش

### نوپۇز

### قۇربان بېرىش، ئۆزىنى بېغىشلاش

سىمېئون موناخ ئۆزىنىڭ دوسكىغا سىزغان رەسىمىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— يىغىپ ئېيتقاندا، بىز يۇقىرىدا ھەقىقىي رەھبەرلىك قىلىشنىڭ نوپۇز ئۈستىگە قۇرۇلىدىغانلىقى، نوپۇزنىڭ بولسا، ئۆزى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئادەملەر ئۈچۈن قۇربان بېرىش ۋە

ئۆزىنى بېغىشلاش ئاساسىغا تۇرغۇزۇلىدىغانلىقى ۋە قۇربان بېرىش ۋە ئۆزىنى بېغىشلاشنىڭ بولسا، ئۆزى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجلىرىنى تېپىپ چىقىش ۋە ئۇلارنى قاندۇرۇشنى كۆرسىتىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئېيتىپ ئۆتتۇق. بولىدۇ، مۇشۇنداق بولغانىكەن، ئۇنداقتا قۇربان بېرىش ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش نېمە ئۈستىگە تۇرغۇزۇلۇشى كېرەك؟ — دېدى.

— بىجانىدىللىق بىلەن ئىشلەش ئۈستىگە، — دەپ جاۋاب بەردى لې ھەممىدىن ئىلگىرى.

— توغرا جاۋاب بەردىڭىز، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى سىمېئون موناخ كۈلۈمسىرەپ، — لېكىن، ئەگەر سىلەر قارشى تۇرمىساڭلار، مەن بۇنىڭغا «مۇھەببەت ئۈستىگە» دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم.

شۇ چاغدا، مەن پائۇل «مۇھەببەت» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ھامان چوقۇم چىچاڭشىيدۇ، دەپ ئويلىدىم. بىراق، ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي جىم ئولتۇردى. ۋەھالەنكى، يەنىلا بىر قىسىم كىشىلەر خاتىرجەمسىزلىنىپ، ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرالماي قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارغا ياردەم قىلىپ تۆۋەندىكى سوئالنى سوراشنى لايىق تاپتىم:

— كەچۈرۈڭ، سىمېئون، سىز نېمە ئۈچۈن «مۇھەببەت» توغرىسىدا سۆزلىمەكچى بولۇپ قالدىڭىز؟

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى كىلىس سۆزۈمگە قوشۇمچە قىلىپ، — تىناتۇرنېر ئىلگىرى «مۇھەببەتنىڭ نېمە كېرىكى بار؟» دەپ ناخشا ئېيتقانىدى ئەمەسمۇ؟

سىمېئون موناخ خاتىرجەم ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدۇردى:

— «مۇھەببەت» دېگەن سۆز ھەر قېتىم تىلغا ئېلىنغاندا، بولۇپمۇ ئۇ خىزمەت مۇھىتىغا تەتبىقلانغاندا، ئۆزىمىزدە بىر خىل بىئاراملىق ھېس قىلىشىمىزدىكى سەۋەب، «مۇھەببەت»

نى ئىزچىل هالدا پەقەت بىر خىل ھېس ـ تۇيغۇدىنلا ئىبارەت دەپ قاراپ كەلگەنلىكىمىزدۇر. بىراق، مەن بۇ يەردە تىلغا ئالغان «مۇھەببەت»، قانداقتۇر ھېس ـ تۇيغۇ ئەمەس. مەن ئەتە كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ھەر قايسىڭلار بىلەن بۇ مۇھىم سۆز توغرىسىدا ياخشىراق سۆزلىشىمەن. بىراق، مەن ھازىر سىلەرگە پەقەت ئاددىي قىلىپ مۇنداق دېيەلەيمەن: مەن ئېيتقان «مۇھەببەت»، يەنى سۆيۈش دېگەن سۆز ئىسىم ئەمەس، بەلكى پېئىل بولۇپ، ئۇ بىر خىل ھېس ـ تۇيغۇنى ئەمەس، بەلكى بىر خىل ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ.

— شۇڭلاشقا، سىز «مۇھەببەت»، سۆيۈش ھەرىكىتى دەپ قارايدىكەنسىز ـ دە! — دەپ سورىدى لىزا ئۇنىڭدىن.

— ياخشى دېدىڭىز، لىزا! — دېدى سىمېئون موناخ ئۇنى ماختاپ، — سىزنىڭ چۈشەندۈرۈشىڭىز مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. توغرا، «مۇھەببەت» دېمەك، سۆيۈش ھەرىكىتى دېمەكتۇر!

— ئۇنداقتا، «مۇھەببەت» نېمە ئۈستىگە تۇرغۇزۇلۇشى كېرەك؟ — سورىدى پاۋلو كىنايە قىلىپ، — مەن سىزنىڭ چۈشەندۈرۈشىڭىزنى ئاڭلاشقا تولىمۇ تەقەززا بولۇۋاتىمەن!

سىمېئون موناخ دوسكا ئالدىغا كېلىپ تۆۋەندىكى سۆزنى يازدى:

ئىرادە

— «مۇھەببەت» ئىرادە ئۈستىگە تۇرغۇزۇلىدۇ، ئۇنداقتا ئىرادە نېمە ئۈستىگە تۇرغۇزۇلىدۇ؟ بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشتە مەن سىپېنسېر. جونسوننىڭ «شۇ دەقىقىدىكى ئۆزىڭىز» دېگەن كلاسسىك ئەسىرىدە بېرىلگەن چۈشەندۈرۈشتىن پايدىلانماقچى. كۆپچىلىككە ياخشىراق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مەن ئاۋۋال فورمۇلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى سۆزلەپ ئۆتەي. قانداق، تەييار بولدۇڭلارمۇ؟

— تەييار بولغىنىمىزغا نەۋاخ! — دېدى پائۇل تاڭقىتىلىپ.

سىمېئون موناخ دوسكا ئالدىغا كېلىپ:
قۇرۇق خىيال — ھەرىكەت — مۇددىئا
دېگەنلەرنى يازدى.

— مۇددىئادىن ھەرىكەتنى ئېلىۋەتسەك قۇرۇق خىيالغا تەڭ، ھەرقانچە ياخشى بولغان مۇددىئاغا ھەرىكەت ماسلاشمىسا، ئاخىرىدا ھېچقانداق نەتىجىسىز قۇرۇق خىيالغا ئايلىنىپ قالىدۇ، — دېدى سىمېئون موناخ چۈشەندۈرۈپ.

لې ئۇنىڭ گېپىگە:
— مەن ھەمىشە چېركاۋدىكى مۇخلىسلارغا دوزاخقا تۇتىشىدىغان يول ئاق كۆڭۈللۈكتىن قۇرۇلغان، دەپ ئاگاھلاندۇرىمەن، — دەپ قوشۇمچە قىلىۋىدى، ھەر قېتىم ئېقىمغا قارشى شوئار توۋلايدىغان پائۇل جۆڭشى بۇ قېتىم ھېچنېمە دېمەي ئولتۇردى.

سىمېئون موناخ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— مەن ئۆز كەسپىي ھاياتىم جەريانىدا، بىر مۇنچىلىغان كىشىلەرنىڭ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر شىركەتنىڭ ئەڭ مۇھىم بايلىقى، دەپ سۆزلىگىنىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىدىم. لېكىن، ئۇلارنىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك ئەمەس بولۇپ، مېنىڭچە ئۇلارنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىلا ئۇلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بولغان كۆز - قارىشىنى ھەقىقىي ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. مەن يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، باشقىلارنىڭ ئاغزىدا ئېيتقان گەپلىرىگە بارغانسېرى ئىشەنمەيدىغان، ئۇلارنىڭ زادى نېمە ئىش قىلغانلىقىغا قارايدىغان بولۇپ قالدىم. پەقەت ئاغزىدا گەپ قىلىشنىلا بىلىدىغان ئادەمنى قالتىس ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. چىرايلىق گەپلەرنى ھەممە ئادەم قىلالايدۇ. بىز بىر ئادەمنى پەقەت ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىقلا ھەقىقىي

چۈشىنەلەيمىز.

— سىمپئون، مەن باياتىن بېرى شۇنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى كلىس ئىغىز ئېچىپ، — بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ دەرس ئاڭلىشىمىز خۇددى تاغ چوققىسىغا چىقىپ، تۆت ئەتراپتىكى مەنزىرىلەردىن ھوزۇر ئالغاچ، قول تۇتۇشۇپ ناخشا ئېيتقىنىمىزغا ئوخشايدۇ. تاغ چوققىسىغا چىقىۋېلىپ نەزەرىيىنى بولۇشىغا سۆزلىگىنىمىز بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە تاغ باغرىغا چۈشۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. لېكىن، تاغ باغرىدا تۆت ئەتراپتىكى مەنزىرە بىر ئازمۇ گۈزەل ئەمەس. ئەگەر سۆزلەپ ئۆتكەن ئاشۇ نەزەرىيىلىرىمىزنى تاغ باغرىغا تەتبىقلاشقا توغرا كەلسە، بۇ ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس!

— ناھايىتى توغرا، كلىس، — دېدى سىمپئون موناخ، — ھەقىقىي رەھبەرلىك قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەقىقەتەن ئىنتايىن قىيىن. بۇنىڭدا ھەتتا جان - دىلى بىلەن ئاتلانمىسا بولمايدۇ. لېكىن، مېنىڭچە سىز شۇنىڭغا قوشۇلىشىڭىز كېرەككى، ئەگەر ھەرىكەت مۇددىئاغا ماسلاشمىسا، ئۇ ھالدا مۇددىئا ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ. دېمەك، بۇ دەل مېنىڭ «ئىرادە» نى رەسىمنىڭ ئەڭ ئاستىنقى تەرىپىگە قويۇپ قويغانلىقىمنىڭ سەۋەبىدۇر. مەن ھازىر فورمۇلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىنى يازاي.

سىمپئون موناخ دوسكىغا:

ئىرادە — ھەرىكەت + مۇددىئا دەپ يازدى.

ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مۇددىئاغا ھەرىكەت قوشۇلسا، ئىرادىگە تەڭ بولىدۇ. پەقەت مۇددىئاغا ھەرىكەت قوشۇلغاندىلا، بىز ئاندىن دېگىنىنى قىلىدىغان ئادەم ۋە دېگىنىنى قىلىدىغان رەھبەر بولالايمىز. شۇڭا، بىز ھازىر چاكارلارچە رەھبەرلىك قىلىش مودېلى رەسىمىنى تاماملىساق بولىدۇ.

سىنىپنىڭ ئىچى بىر - ئىككى مىنۇت جىمجىتلىققا چۆم-

دى.

— سىبېئون، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆگىنىش تەسىراتىمنى خۇلاسە قىلىپ باقاي، — دېدى كىنگ ئاخىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — رەھبەرلىك قىلىش — ئىرادىدىن باشلىنىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۆزگىچە بولغان ئىقتىدارى ئەزەلدىن مۇددىئا بىلەن ھەرىكەتنى ئۆزئارا باغلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلدى. بىز پەقەت ئىرادىگە ئىگە بولساقلا، باشقىلارغا كۆيۈنەلەيمىز ھەم مۇھەببەت يەتكۈزەلەيمىز. بۇ يەردىكى مۇھەببەت سۆيۈشنى كۆرسىتىدۇ. سۆيۈشلا بىزنىڭ ئۆزدمىز رەھبەرلىك قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجلىرىنى تېپىپ چىقىشىمىز ۋە ئۇلارنى قاندۇرۇشىمىزغا ياردەم قىلالايدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەس، ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا قۇربان بېرىشىمىز ۋە ئۆزىمىزنى بېغىشلىشىمىز كېرەك. باشقىلار ئۈچۈن قۇربان بېرەلىگەن ۋە ئۆزىمىزنى بېغىشلىيالىغان كۈن دەل بىزنىڭ نوپۇز تىكلىگەن ياكى تەسىر كۈچىگە ئىگە بولغان كۈنىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەل رېشا ئېيتىپ ئۆتكەن «قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ» دېگەن سۆزگە ئوخشايدۇ. نوپۇز تىكلىيەلىگەن ۋاقىتتىلا، بىز ئاندىن ئىسمى جىسمىغا لايىق رەھبەر بولالايمىز.

مەن كىنگنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم.

— رەھمەت سىزگە، كىنگ، — دېدى سىبېئون موناخ، — سىز ھەقىقەتەن تولىمۇ جايىدا سۆز قىلدىڭىز. كىمكى ئەڭ ئۇلۇغ رەھبەر بولۇشنى خالايدىكەن ئۇ چاغدا شۇ كىشى ئەڭ كۆپ قۇربان بېرىشكە تەييارلىنىشى كېرەك. بۇ گەپ ئاڭلىماققا ئۆزئارا زىددىيەتتەك تۇيۇلىدۇ.

# رەھبەرلىك قىلىش

نوپۇز

قۇربان بېرىش، ئۆزىنى بېغىشلاش

سۆيۈش

ئىرادە

— بىراق، مېنىڭچە رەھبەرلىك قىلىشنى ئاددىيغىنا بىر جۈملە سۆز ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن، — دېدى لىزا جىددىي هالدا، — يەنى رەھبەرلىك قىلىش — ئېھتىياجنى تېپىپ چىقىش ۋە ئۇنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت! ئاسانلىقچە قايىل بولمايدىغان پائۇلمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە بولغان قايىللىقنى بىلدۈرگەن هالدا بېشىنى لىڭشىتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى تارىيسى
www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى كۈنى

ھەقىقىي — خىيالىي
سۆيۈشنىڭ چىن مەنىسىنى چۈشىنىش

مەن ئۇچۇن كوماندا ئەزالىرىمنى ياكى ياردەمچىمنى ياخشى كۆرۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوق. بىراق، رەھبەر بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن ئۇلارنى سۆيمىسەم بولمايدۇ. سۆيۈش — ساداقەت، كۆيۈمچانلىق بىلەن ھەمكارلىشىش ۋە ھەربىر ئادەمنى ھۆرمەتلەش دېمەكتۇر. «سۆيۈش» تەشكىلاتنىڭ ئەڭ زور كۈچىدۇر.

— ۋىنسى. لومباردى

(ئامېرىكىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ماھىرلار لوڭقىسىنى تالىشىش بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن پۇتبول مۇسابىقىسىدە ئۇدا ئىككى قېتىم چېمپىيون بولغان ئەترەتنىڭ ترېنېرى)

ئەتىگەن سائەت تۆت بولمايلا ئويغىنىپ كەتكەنلىكتىن، كارىۋاتتا تورۇسقا قاراپ ياتاتتىم. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بىرىم ھەپتە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، مەن ئۆزۈمنى تېخى تونۇ-گۈن يېتىپ كەلگەندەك ھېس قىلدىم. پائۇل دائىم ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىپ، مېنى خاتىرجەم دەرس تىڭشىغىلى قويمىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، سىنىپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىدىن قالتىس كىشىلەر ئىكەن. كۇرسانتلارنىڭ ھەممىسى بىلىم - ئىقتىدارلىق كىشىلەر بولۇپ، دەرس ئىنتايىن مول مەزمۇنلۇق ۋە قىزىقارلىق داۋاملىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىنىڭ ئىنتايىن گۈزەللىكىنى دېمەمسىز، تائاملىرىمۇ ئىنتايىن مەززىلىك ئىدى. سىمېئون موناخ مېنىڭدە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇ ھەقىقەتەن كىچىك گۇرۇپپىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشقا ۋە كۇرسانتلار-

نىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى يىغىنچاقلاشقا ئىنتايىن ماھىر ئىكەن. بىز مۇزاكىرە قىلغان قائىدىلەر قارىماققا ئۈچ ياشلىق بالىلارمۇ چۈشىنەلىگۇدەك ئاددىي، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىلىك بولۇپ، مەن دائىم بۇ قائىدىلەرنى ئويلاپ كېچىلىرى ئۇخلىيالمىدىم. مەن ھەر قېتىم سىمىئون موناخ بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشايدۇ. ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىدىن ئۆزۈمنىڭ ھۆرمەتلىنىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىمەن، ئۇ مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە ئىنتايىن ماھىر بولۇپ، قويۇق تۇمانلارنى يېرىپ، مەسىلىنىڭ يادروسىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىپ قويالايدۇ. ئۇ ھەرگىز باشقىلاردىن گۇمانلىنىپ يۈز ئۆرۈمەيدۇ. جەزملەشتۈرىمەنكى، ئۇ مەن كۆرگەن كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەم، مەن ئۇنىڭ باشتىن ـ ئاخىر ماڭا دىن ياكى باشقا ئېتىقادلارنى زورمۇ زور تونۇشتۇرمىغانلىقىدىن مىننەتدار. ئەمما، ئۇ ئۇنداق مەيدانى يوق ئادەممۇ ئەمەس، مەن ئۇنىڭ ئىشلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىمەن. ئۇ ناھايىتى چىقىشقاق بولۇپ، باشقىلار بىلەن ناھايىتى ئاسانلا كېلىشىپ قالالايدۇ، ئۇنىڭ ئىللىق، مەنىلىك كۇلۇمسىرىشىدىن ۋە نۇرلۇق كۆزلىرىدىن كۆڭلىدىكى چەكسىز شادلىقى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

نىھايەت، مەن سىمىئون موناختىن زادى نېمىلەرنى ئۆگىنەلىدىم؟ كاللامنى چىرمىۋالغان چۈش يەنىلا ماڭا ئارام بەرمەيتتى: «سىمىئوننى ئىزدە! ئۇنىڭدىن تەلىم ئال!» بۇ يەرگە كېلىشىمدە يەنە بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم سەۋەب بارمىدۇ؟ مارى بىلەن سىمىئون موناخنىڭ قارىشىچە بولۇشى كېرەك. ئەگەر راستىنلا باشقا سەۋەب بار بولسا، ئۇ سەۋەب زادى نېمە؟

بۇ يەردىكى ۋاقتىم بارغانسېرى ئاز قالماقتا. بۇ سەۋەبنى تېپىش ئۈچۈن سىمىئون موناخنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى قوبۇل قىلىشقا تېخىمۇ زور غەيرەت ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىم كې-

رەك.

چارشەنبە كۈنى ئەتىگەن سائەت تۆتتىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، مەن موناستىرغا يېتىپ باردىم. ئەمما، سىمېئون موناخ مەندىنمۇ ئىلگىرى يېتىپ بارغانىكەن. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ، چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىكەن. شۇڭا، مەن ئاستاغىنا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىر ئورۇندۇقنى تېپىپ ئولتۇردۇم. گەرچە مەن ئۇنىڭ يېنىدا جىمجىت ئولتۇرغان بولساممۇ، ئەمما مەن قىلچە قورۇنۇش ھېس قىلمىدىم.

بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن سىمېئون موناخ كۆزلىرىنى ئېچىپ، مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ مېنىڭدىن: «جون، بۇ بىر نەچچە كۈندە نېمىلەرنى ئۆگەندىڭىز؟» دەپ سورىدى.

مېنىڭ نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلىگۈم كەلدى ـ دە:

ــ بىرىنچىدىن، مەن سىز تۇنۇگۈن سىزغان رەھبەرلىك سىخېمىسىنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ــ دېدىم مەن،

ــ ئۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى ياخشى سىزىلغان سىخېما بولدى.

ــ بىراق، ئۇ پىكىرلەر بىلەن سىخېمىنى مەن ئويلاپ تاپقان ئەمەس، ــ دېدى سىمېئون موناخ سۆزۈمنى تۈزىتىپ، ــ مەن ئۇنى ئەيسا پەيغەمبەردىن ئۆگەنگەن.

ــ ۋۇي، ئەيسانىڭ تەلىمى دەڭ، ــ دېدىم مەن ھاياجىنىمنى باسالماي، ــ ھوي، سىمېئون، سىز مېنىڭ دىنغا ئىشەنمەيدىغانلىقىمنى بىلىسىزغۇ؟

ــ بۇ قانداقسىگە مۇمكىن بولسۇن، ــ دېدى ئۇ خۇددى ھەممىنى تولۇق بىلىدىغاندەك سۆزلەپ تۇرۇپ.

ــ سىمېئون، سىز مېنى ئەسلا چۈشەنمەيدىكەنسىز، نېمىشقا بۇنداق جەزملەشتۈرىسىز؟

ــ ئەگەر، پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ھەقىقەت ئىزدىسىڭىز، جون، مېنىڭچە سىز بۇنىڭ جاۋابىنى تېپىشىڭىز مۇمكىن.

سائەت توققۇزغا سىگنال بېرىشى بىلەن تەڭلا سىمېئون دەرسنى باشلىدى:

— مەن تۇنۇگۇن سىلەرگە بۈگۈن «سۆيۈش» دېگەن دەرسنى ئۆتىدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم. مېنىڭچە، ئاراڭلاردا بۈگۈن مۇنازىرە قىلماقچى بولغان تېمىغا ئانچە رازى بولمايدىغانلارمۇ بولۇشى مۇمكىن.

مەن پائۇلغا نەزەر سالدىم، ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنىڭ ئۇشتۇمتۇت «سەكرەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. ئەپسۇسكى، ئۇ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي ئولتۇراتتى.

بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن سىمېئون موناخ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— كىلىس تۈنۈگۈن «سۆيۈش» نىڭ نېمە رولى بار؟ دەپ سورىغانىدى. ئەگەر ھەرقايسىڭلار رەھبەرلىك قىلىش، نوپۇز، تۆھپە قوشۇش ۋە قۇربان بېرىش دېگەن سۆزلەرنى ئېنىق چۈشەنمەكچى بولساڭلار، ئەڭ ياخشىسى «سۆيۈش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ياخشىراق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىڭلار كېرەك. مەن «سۆيۈش» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تۇنجى قېتىم خېلى ئۇزۇن يىللارنىڭ ئالدىدا چۈشەنگەن بولۇپ، ئۇ چاغدا مەن تېخى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم. سىلەر ئېھتىمال تەسەۋۋۇر قىلالمىغان بولۇشىڭلار مۇمكىن. ئۇ چاغلاردا ئوقۇغىنىم پەلسەپە بولۇپ، مەن بىر سېپى ئۆزىدىن ئاتېئىست ئىدىم.

— بولدى، بەس، — پائۇل زادى چىدىيالمىدى، — تەقۋادار روھانىي تېخى ئاتېئىست ئىمىش! سىز نەيرەڭۋازلىق قىلىۋاتىسىز، موناخ ئاكا!

سىمېئون موناخ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئارقىدىن:

— پائۇل مەن دۇنيادىكى ئۇلۇغ دىنلارنىڭ ھەممىسىنى تەتقىق قىلغان، ئەمما بىرىگىمۇ قايىل بولمىغانىدىم. مەسىلەن، خرىستىئان دىنىنى مىسال ئېلىپ ئېيتساق، ئەيسانىڭ زادى

نېمىلەرنى تارقاتماقچى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلاتتىم، ئەمما ئۇنىڭ تارقاتماقچى بولغانلىرى ھەممىشە «سۆيۈش» كە چېتىلىدۇ. ئۇ «قوشنىلارنى سۆيۈش كېرەك» دەيدۇ. توغرا، ئەگەر قوشنام ياخشى بولسا شۇنداق قىلىشىم كېرەك. ئەمما، يامان يېرى شۇكى، ئۇ يەنە «دۈشمەنلەرنى سۆيۈش» نىمۇ تەشەببۇس قىلىدۇ. بولدى، بەس! بۇ بەك قاملاشماي قالدى! ئەجىبا، مەنمۇ گىتلېرنى سۆيۈشۈم كېرەكمۇ؟ گېستاپوچىلارنى سۆيۈشۈم كېرەكمۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن بىزدىن جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان بۇ ئەبلەخلەرنى سۆيۈشنى تەلەپ قىلىدۇ؟ پائۇل سىز دېمەكچى بولغان مەسىلىلەرنى كېيىنكى قېتىملىق ئۇچرىشىمىزدا سۆزلىشەيلى. ئاكا!

— قەدىرلىك ئەپەندى، سىز راستىنلا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دىن تارقاتماقچى بولۇۋېتىپسىز ـ ھە! — دەپ پائۇل پاۋلو ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى.

— ئەمما، كېيىن يۈز بەرگەن بىر ئىش مېنىڭ ئەسلىدە ھايات ۋە مۇھەببەتكە تۇتقان پوزىتسىيەمنى ئۆزگەرتىۋەتتى. بىر كۈنى ئاخشىمى، مەن بۇرادەرلەر جەمئىيىتىدىكى بىر نەچچە ھەمراھلار بىلەن بىللە بىر قاۋاقخانىغا بېرىپ ھاراق ئىچتۇق، ئۇنىۋېرسىتېتتا تىل ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر پروفېسسورمۇ ئۇ قاۋاقخانىنىڭ دائىملىق مېھمىنى ئىكەن. ئۇ بىز بىلەن ھەمسۆھبەت بولدى. بىزنىڭ سۆھبەت تېمىمىز دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر نەچچە دىنغا يۈتكەلگەندە بىز ئەلۋەتتە خرىستىئان دىنى توغرۇلۇق سۆزلەشتۇق. مەن بەلكىم: «دۈشمەنلەرنى سۆيىمىز؟ بولدى بەس! ئادەمنى شۇنداقمۇ ئەخمەق قىلىغان بارمۇ! ئەجىبا، مەن تېخى جىنايەتچىلەرگە ھۆرمەت قىلىشىم كېرەكمۇ؟» دېگەن بولسام كېرەك، كۈتۈلمىگەندە بۇ پروفېسسور بىزنى دەرھال سۆزلەشتىن توختىتىپ قويۇپ، ماڭا ئەيسانىڭ بۇ سۆزى قارىماققا ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ، ئەمما مېنىڭ ئۇنى

پۈتۈنلەي خاتا چۈشىنىۋالغانلىقىمنى ئېيتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئىنگلىزچىدە ‹ × سۆيۈش› دېگەم سۆز ئادەتتە ئۆيۈمنى ياخشى كۆرىمەن، ئېتىمنى ياخشى كۆرىمەن، تاماكا چېكىشنى ياخشى كۆرىمەن، هاراق ئىچىشنى ياخشى كۆرىمەن دېگەن گەپلەرگە ئوخشاش بىر خىل تۇيغۇنى كۆرسىتىدىكەن. لېكىن، بىز ئادەتتە ‹سۆيۈش› نى بىر خىل ئىجابىي هېسسىيات دەپ قارايدىكەنمىز.

«ھەقىقەتەن شۇنداق، سىمېئون، — دېدى لىزا، — ئەمەلىيەتتە تۈنۈگۈن ئاخشام، بۈگۈنكى دەرسنى تەييارلاش ئۈچۈن مەن ئالاھىدە بۇ يەردىكى كۇتۇپخانىغا بېرىپ، لۇغەتلەرنى ئاختۇرۇپ، ‹سۆيۈش› نىڭ ئىزاھاتىنى كۆردۇم. لۇغەتتە تۆت خىل چۈشەندۈرۈلگەن: بىرىنچى، كۈچلۈك تەسىرات؛ ئىككىنچى، ئىللىق رىشتە؛ ئۈچىنچى، ئىككى خىل جىنس ئوتتۇرىسىدىكى جەلپ قىلىش كۈچى؛ تۆتىنچى چويلا توپ مۇسابىقە نومۇرىنىڭ ئېشىپ كېتىشى. «شۇنىڭ ئۈچۈن، بىلىشىڭىز كېرەككى، لىزا، ئىنگلىز تىلىدا ‹سۆيۈش› دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئىنتايىن تار. كۆپىنچە ئىجابىي هېسسىيات بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. ئەمما، هېلىقى تىل ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پروفېسسور ماڭا «ئىنجىل» نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى گرېك يېزىقىدا يېزىلغانلىقىنى ھەمدە گرېك يېزىقى بولسا، دەل ئۇ ياخشى بىلىدىغان تىللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، گرېكلار ‹سۆيۈش› نىڭ ھەر خىل مەنىلىرىنى، مەنىسى ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن سۆز بىلەن ئىپادىلەيدىكەن، ئەگەر ئېسىمدە قالغىنى خاتا بولمىسا، ئۇلار ئىشلەتكەن ‹eros› دېگەن سۆز، يەنى ئىنگلىز تىلىدىكى ‹erotic› (جىنسىي تەلەپ) نىڭ كېلىش مەنبەسى — جىنسىي جەلپ قىلىش كۈچى، جىنسىي تەلەپ ۋە جىنسىي ئىنتىلىش ئىقتىدارى جەھەتتە پەيدا قىلغان هېسسىياتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئىشلەتكەن يەنە بىر سۆز ‹storge› بىر ئائىلە كىشىلىرى

ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق ھېسسىياتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى سۆز «ئىنجىل» دا ئۇچرىمايدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە ‹سۆيۈش› مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ‹philos› قېرىنداشلار ۋە ۋەتەن-داشلار ئوتتۇرىسىدىكى ‹سۆيۈش› نى كۆرسىتىدۇ. بۇ بولسا بىر خىل ‹ئەگەر سىز ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلسىڭىز، مەنمۇ سىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلىمەن› شەكلىدىكى سۆيۈش. فىلادېل-فىيىنىڭ ئىنگلىزچە يېزىلىشى ‹Philədephia› نىڭ ئەسلىي مەنىسى ‹دوستلۇق شەھىرى›، دېگەن گرېك سۆزىدىن كەلگەن. ئەڭ ئاخىرىدا، گرېك يېزىقىدا ‹əgape› دېگەن ئىسىم ۋە ‹agapao› دېگەن پېئىل بولۇپ، ئۇلار بىر خىل شەرتسىز سۆيۈشنى ۋە بىزنىڭ باشقىلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ھەرىكىتى-مىزنى (قارشى تەرەپنىڭ نېمە ئىش قىلغان بولۇشىدىن قەتئىي-نەزەر) كۆرسىتىدۇ. بۇ بىر خىل ئېھتىياتچانلىق بىلەن تاللان-غان سۆيۈش. ئىنجىلدا خەلق ئىشلەتكەن سۆيۈش — ‹agape› بولسا، بىر خىل ھېسسىيات بولماستىن، بەلكى ھە-رىكەت ۋە تاللاشقا مۇناسىۋەتلىك سۆزدۇر.

— ھازىر ئويلاپ باقسام، — دېدى كىنگ، — باشقىلارغا نىسبەتەن مەلۇم ھېسسىيات ياكى كەيپىياتتا بولۇشنى زورمۇ زور تەلەپ قىلىش ئىنتايىن كۈلكىلىك بىر ئىش ئىكەن. بۇنداق دېسەم، ئەيسا بىزدىن ئەسكى ئىش قىلمىساقمۇ، ئەسكى ئادەملەر قىياپىتىگە كىرىۋېلىشنى ياكى باشقىلارنىڭ ئەسكى ئىشلىرىغا كۆز يۇمۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى دەپ چۈشەنسەك بولمايدۇ. ئۇ ئەمەلىيەتتە دېمەكچى بولغىنى، باشقىلارغا توغرا مۇئامىلە قى-لىش، ھەي، ئەيسانىڭ ئەسلى مەقسىتى بۇنداق ئىكەنلىكىنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

بۇ چاغدا كىلىسمۇ مۇنازىرىگە قوشۇلدى:

— ئۇنداق ئەمەس! ھېسسىي جەھەتتىكى سۆيۈش ئېغىز-دىن ئېيتىلىپ چىقىدىغان سۆيۈش بولۇپ، بۇ خىل سۆيۈش

سۆيۈشنىڭ ئۆزى ئەمەس، خۇددى لىزا تۇنۇگۇن ئېيتقاندەك، «سۆيۈش»، دېمەك «سۆيۈش ھەرىكىتى دېمەك» تۇر.

— بۇنى ياخشى ئېيتتىڭىز، — دېدىم مەن، — خانىم ئېھتىمال…… توغرا ئەمەس، دېمەكچىمەنكى، ئۇ مەندىن بىزار بولغىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولدى. ئەمما، مەندىن ئايرىلىپ كەتـمىدى. ئۇ مېنى ئانچە ياخشى كۆرمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما، ئۇ يەنىلا مېنى «سۆيۈش» نى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەرىكىتى ئارقىلىق، ماڭا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

— شۇنداق، — پائۇل ئاخىر سۆزلىدى، — ئەتراپىمدىكى كىشىلەر دائىم ماڭا ئۆز ئائىللىرىنى قانچىلىك ياخشى كۆرۈشىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشىدۇ. ئەمما، شۇ ۋاقىتتا ئۆزلىرى قاۋاقخانىدا ئاشىقلىرى بىلەن بىللە بولىدۇ. يەنە بەزى ئاتا ـ ئانىلار ھەمىشە ماڭا ئۆز باللىرىنى قانچىلىك ياخشى كۆرۈشىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشىدۇ. ئەمما، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھەر كۈنى 15 مىنۇت ۋاقىت ئاجرىتىپ باللىرى بىلەن بىللە بولالمايدۇ! مېنىڭ ھەربىيدىكى بىر نەچچە سەپداشلىرىممۇ ھەمىشە شېرىن سۆزلەرنى قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما، ئۇلار قىزلارنى ئالداپ، ئۆزلىرى بىلەن بىللە يېتىشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈنلا شۇنـداق دەيـدۇ! شۇڭلاشقا پەقەت ئىچىمىزدىكى ياكى ھېسسىيات جەھەتتىكى ياخشى كۆرۈش ئەسلا ھەقىقىي ياخشى كۆرۈش بولۇپ ھېسابلانمايدۇ!

— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى سىمېئون موناخ كۈلۈپ تۇرۇپ، مەن باشقىلارغا بولغان ھېسسىياتىمنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز. ئەمما، باشقىلارغا قوللىنىدىغان ھەرىكىتىمـنى كونترول قىلالايمەن. ھېسسىيات دېگەن ئاجايىپ نەرسە، سىز تۇنۇگۇن كەچتە يېگەن تامىقىڭىزمۇ ھېسسىياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن! گەرچە قوشنام ناھايىتى ئوسال بولۇپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى بىزار بولساممۇ، ئەمما مەن ئۇنىڭغا يەنىلا

www.uyghurkitap.com

ياخشى مۇئامىلە قىلسام بولىدۇ. ئۇ ماڭا ناھايىتى ناچار مۇئامىلە قىلغان تەقدىردىمۇ، مەن ئۇنىڭغا ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن، سەۋرچانلىق ۋە سەمىمىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلسام بولىدۇ.

— سىمېئون موناخ، مېنى ئۆزگەرتىۋەتتىڭىز، — دېدى لي، سۆز قىستۇرۇپ، — ئەمما، مېنىڭ ئىزچىل قارىشىم مۇنداق: ئەيسانىڭ «قوشنىلارنى سۆيۈش كېرەك» دېگىنى ئەمەلىيەتتە، ئۇلارغا نىسبەتەن ئىجابىي ھېسسىياتنى ساقلاش كېرەك دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

— سىز يەنە ئەيسانىڭ كونا ۋەز - نەسىھەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، بىزنى قايمۇقتۇرماقچى بولۇۋاتامسىز - قانداق؟ — دېدى پائۇل يەنە تەنە قىلىپ، — كىنىگ دېدىغۇ، سىز بىزنى قانداقسىگە باشقىلارغا نىسبەتەن مەلۇم خىل ھېسسىيات ياكى كەيپىياتقا ئىگە قىلدۇرالايسىز؟ «باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش»نى مەن قوبۇل قىلىمەن. بىراق، «مۇتتەھەملەرنى سۆيۈش» دېگەنلىك ئوسۇرۇق، خالاس!

— سىز مۇشۇنداق سەت گەپلەرنى قىلمىسىڭىز زادى بولمامدۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ناھايىتى تەسلىكتە تۇتۇۋېلىپ.

— مەن پەقەت راست گەپنىلا دېدىم ئاكا.

— سىزچە، بىز سىزنىڭ پەلىپەتىش گەپلىرىڭىزگە چىدىساق بولىدىكەن - دە! — دېدىم مەن دەرھال گەپ ياندۇرۇپ، پائۇل ماڭا ئالىيىپ قويۇپ جىم ئولتۇردى.

سىمېئون موناخ دوسكا ئالدىغا كېلىپ، تۆۋەندىكىلەرنى يازدى:

# سۆيۈش ۋە رەھبەرلىك قىلىش

ئىنجىلدا بىز مۇزاكىرە قىلغان سۆيۈش ــ <agape> ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈلگەن. بالاڭلار بۇ بىر ئابزاس سۆزنى كېسىۋېلىپ، ياتاق ئۆينىڭ تېمىغا چاپلاپ قويىمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يەنە ئەڭ كۆپ قارشى ئېلىنغان مۇقەددەس ئايەت ئىكەن. بۇ ئۆزۈندە تېخى لىنكولىن، جېففىرسون ۋە روزۋېلت قاتارلىق زۇڭتۇڭلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سۆزى بولۇپ، كۆپچىلىك ئۇنى توي ـ مەرىكىلىرىدە ئەڭ كۆپ نەقىل كەلتۈرىدىكەن. دېمەكچى بولغىنىم «ئىنجىل» دىكى قايسى ئايەت ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالىدىڭلارمۇ؟

ــ ئۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ، ــ دېدى كىلىس، ــ بۇ بەلكىم ‹سۆيۈش دېمەك مەڭگۈ سەۋرچان ھەم مېھرىبان بولۇش دېمەكتۇر› دېگەن ئايەتتۇر بەلكىم؟

ــ توغرا جاۋاب بەردىڭىز، كىلىس، ــ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى سىمېئون موناخ، ــ بۇ، «كورىنت پۇتۇكلىرى I نىڭ 13 ـ سۈرىسىدىكى ‹سۆيۈش ــ مەڭگۈ سەۋرچان ۋە مېھرىبان بولۇش؛ ھەسەتخورلۇقتىن خالىي بولۇش؛ كەمتەر، كەمچىك پېئىل، ئۇياتچان، ئېغىر ـ بېسىق ۋە ئادىل بولۇش؛ پايدا ـ مەنپەئەت قوغلاشماسلىق؛ پەقەت ھەقىقەتنىلا سۆيۈش؛ ھەرقانداق ئىشقا ئىشەنچ بىلەن كەڭ قورساق، ئۈمىدۋار ۋە سەۋرچان بولۇش دېمەكتۇر. سۆيۈش مەڭگۈلۈك بولىدۇ.› دېگەن ئايەتتۇر.

مەن دەرھال:

بۇ گەپلەر بىرىنچى كۈندىكى دەرستە مۇزاكىرە قىلغان رەھبەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئوخشاشقۇ؟ ــ دېدىم.

ــ توغرا، شۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ناھايىتى ئوخشايدۇ، ــ دېدى سىمېئون موناخ كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ بىز بۇ سۈرىدىكى

www.uyghurkitap.com

سۆزلەرنى رەتكە تۇرغۇزايلى، سۆيۈش دېمەك، «سەۋرچانلىق، مېھرىبانلىق، كەمتەرلىك، ھۆرمەتلەش، شەخسىيەتسىزلىك، ئەپۇ قىلىش، سەمىمىيلىك ۋە لەۋزىدە تۇرۇش دېگەنلىكتۇر.»
— سىمېئون موناخ دوسكىغا بۇ سۆزلەرنى بىرمۇ بىر يازدى (سخېما 4.1 گە قاراڭ) — «دوسكىغا قاراڭلار، بۇلارنىڭ قايسىلىرى تۆيغۇ؟»

سخېما 4.1

| نوپۇز ۋە رەھبەرلىك قىلىش | AgAgè |
| --- | --- |
| سەمىمىي ئىشىنىش | سەۋرچان بولۇش |
| ئۆزى ئۈلگە بولۇش | كۆيۈنۈش |
| كۆيۈنۈش | كەمتەر بولۇش |
| سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇش | ھۆرمەتلەش |
| ئاڭلاشقا ماھىر بولۇش | شەخسىيەتسىز بولۇش |
| مەسئۇلىيەتچان بولۇش | ئەپۇچان بولۇش |
| باشقىلارنى ھۆرمەتلەش | سەمىمىي بولۇش |
| ئىلھام بېرىشكە ماھىر بولۇش | لەۋزىدە تۇرۇش |
| ئۈمىدۋار، قىزغىن بولۇش | سىنئەتدار بولۇش |

مېنىڭچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى قىلمىش، — جاۋاب بەردى كلىس، 2000 يىل ئىلگىرى يېزىلغان گۈزەل پەند - نەسىھەتلەرنى ئىشلىتىپ، رەھبەرلىك قىلىش قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ كارغا كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

— <Agagè> بىلەن رەھبەرلىك قىلىش ئىككى خىل نەرسە بولسىمۇ، ئۈنۈمى ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. بۇ ئاجايىپ ئىشكەن، ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئىشكەن! — دېدى لي ھاياجىنىنى باسالماستىن، — كورۇل جامېس I نىڭ يارلىقى بىلەن نەشر قىلىنغان نۇسخىدا <Agagè> دېگەن سۆز خەير - ساخاۋەت دەپ تەرجىمە قىلىنغان. مەيلى خەير - ساخاۋەت ياكى تۆھپە قوشۇش دېگەن سۆز بولسۇن، ئىككىلا سۆيۈش دېگەن سۆزگە قارىغاندا Agagè دېگەن سۆزگە تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ.

سىمېئون موناخ بۇرۇلۇپ، دوسكا ئالدىغا كېلىپ، بىرىنچى كۈندىكى دەرستە مۇزاكىرە قىلىنغان رەھبەرنىڭ ئون تۆرلۈك ئالاھىدىلىكى Agagè نىڭ يېنىغا (سېخىما 1.4 غا قاراڭ) يازدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— چۈشتىن بۇرۇنقى دەرسىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن. لىزا، كۈتۈپخانىغا بېرىپ لۇغەت ئېلىپ كېلىڭ. چۈشتىن كېيىنكى دەرستە لۇغەت ئاختۇرۇپ بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئوبدان چۈشىنىۋالايلى، سىلەر قانداق قارايسىلەر؟

— تاللاش ئىمكانىيىتى بېرىلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا پائۇل توساتتىن.

— ئەلۋەتتە پائۇل، «بىز» گە تاللاش ئىمكانىيىتى بېرىلىدۇ، — دېدى سىمېئون قەتئىيلىك بىلەن.

لىزا بىر لۇغەتنى تىزىغا قويۇۋالغانىدى. قارىغاندا ئۇنىڭ تەييارلىقى پۈتكەندەك قىلاتتى:

— سىمېئون، مەن لۇغەتنى ئاختۇردۇم. ئۇنىڭدا «سەۋرچانلىق» قا: «ئوڭۇشسىز ئەھۋالدا ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش دېمەكتۇر» دەپ ئىزاھ بېرىلىپتۇ.

سىمېئون موناخ لۇغەتتىكى ئىزاھاتنى دوسكىغا يازدى:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# سەۋرچانلىق: ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش

— مەن سەۋرچانلىق بىلەن تەڭرىنى كۈتۈۋىدىم، ئۇ مېنىڭ ئىلتىجايىمغا قۇلاق سالدى، — دېدى سىمپئون موناخ كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىلەر سەۋرچانلىق دېمەك ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش دېمەكتۇر، رەھبەرمۇ بۇ خىل ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش كېرەك دەپ قارامسىلەر؟

كلىس بىرىنچى بولۇپ، ئۆز پىكرىنى بايان قىلدى:

— رەھبەرنىڭ قول ئاستىدىكىلەر مەيلى، توپچى، پەرزەنت، ئىشچى - خىزمەتچى ياكى باشقىلار بولسۇن، رەھبەر ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىشنىڭ نەمۇنىسى بولۇش كېرەك. ئەگەر رەھبەر دائىم غەزەپلىنىپ، كونتروللۇقىنى يوقىتىپ قويسا، ئۇ رەھبەرلىك قىلغان كوللېكتىپنىڭ تەرتىپلىك بولۇشىغا، ئۆزلىرىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە بولغان مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىغا ئىشەنمەك تەس.

— يەنە بىر مۇھىم نۇقتا بار، — دېدى كىنگ، — رەھبەر بولغان ئادەم يەنە بىر مۇھىت يارىتىپ، قول ئاستىدىكىلەرنى خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن قورقمايدىغان، بىراۋنىڭ ئۆشتۈمتۇت ئۇسۇپ كىرىپ، غەزەپ بىلەن سىيسىق گەپ قىلىشىدىن ئەندىشە قىلمايدىغان قىلىش كېرەك. مەسىلەن، بىر كىچىك بالا مېڭىشنى ئۆگىنىۋېتىپ، ھەر قېتىم يىقىلىپ چۈشكەندە، ئۇنىڭ كاسىسىغا ئۇرسىڭىز، بىرنەچچە قېتىم ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆگىنىشنى خالىمايدۇ. چۈنكى، يەردە تۆت پۇتلۇق بولۇپ ئۆمىلەش ھەمىشە بىخەتەررەك بولىدۇ.

— ۋاھ، مەن چۈشەندىم، — پائۇل يەنە مەسخىرە قىلماقچى بولدى، — ئەگەر قول ئاستىمدىكى ئەسكەرلەر ئىشنى بۇزۇپ قويسا، مەن ئۇلارغا غەزەپلەنمەيلا قالماستىن، بەلكى يەنە

ئۇلارغا ئىللىق چىراي بىلەن تەسەللىي بېرىشىم كېرەك
ئىكەن ـ دە، بەللى، مۇشۇنداق قىلغاندا ئىشلار ئوڭۇشلۇق
بولىدىكەن ـ دە؟

پائۇل سىز بىزنىڭ نېمە توغرۇلۇق مۇنازىرە قىلىۋاتقانلى-
قىمىزنى ئازراقمۇ ئاڭقىرالماپسىز، — لىزا قىلچىمۇ ئاياپ
ئولتۇرماستىنلا ئۇنىڭ سۆزىگە رەددىيە بەردى، — رەھبەرنىڭ
قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلدۇرۇش مەسئۇ-
لىيىتى بار، ئەمما يەنە كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىش بىلەن بىر
ۋاقىتتا، قارشى تەرەپنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى ساقلاپ قالغىلى
بولىدىغان نۇرغۇن ئۇسۇل ـ چارە بار.

كۆتۈلمىگەندە مەن سۆزلەشكە باشلىدىم:

— بىلىشىڭىز كېرەككى، تەشكىلاتىمىزدا، بىز رەھبەر-
لىك قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى چوڭ ئادەملەر بولۇپ،
ھەممىسى ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن خىزمەتكە كەلگەن. ئۇلار
خالىغانچە قول تەگكۈزگىلى بولىدىغان قول ياكى ھايۋان ئە-
مەس! رەھبەر بولۇش سالاھىيىتىمىز بىلەن بىزنىڭ ۋەزىپىمىز
شۇكى، قول ئاستىمىزدىكىلەرنى ھەمىشە ئۆز خاھىشىمىز بويى-
چە ئەيىبلەۋەرمەي، بەلكى ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئىپادى-
سى بىلەن بىزنىڭ تەلەپ ـ ئۆلچىمىمىز ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى
كۆرسىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. رەھبەر ئاچچىقلانسا بولىدۇ،
بىراق مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى پەقەت بۇلا ئەمەس.

لې ماڭا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:
«ئىنتىزام (discipline) دېگەن سۆزنىڭ يىلتىزى disciple
بولۇپ، «تەلىم بېرىش» ياكى «تەربىيىلەش» دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ. ئىنتىزامنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان
بارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ مەقسىتى ئادەم جازالاش بولماستىن،
بەلكى خاتالىقنى تۈزىتىش ۋە ئۆزگەرتىش، ئىنتىزامنى تەدرى-
جىي ئىجرا قىلىش، بىرىنچى قېتىم ئاگاھلاندۇرۇش، ئىككىن-

چى قېتىم ئاگاھلاندۇرۇش، ئۈچىنچى قېتىم يەنە ئاگاھلاندۇرۇش كېرەك. پەقەت ئامال بولمىغاندىمۇ، يەكگىلىك بىلىن يول قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. جوننىڭ دېگىنى ناھايىتى توغرا، بۇ قەدەم ـ باسقۇچلارنىڭ ھەممىسىدە شەخسىي ھېسسىياتنى ئارىلاشتۇرۇۋېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

ــ بىز كېيىنكى سۆزگە قاراپ باقايلى، ــ دەپ كلىس كۆپچىلىككە تەكلىپ بەردى، ــ لۇغەتتە «كۆيۈنۈش» دېگەن سۆزگە قانداق ئىزاھات بېرىلدىكىن، لىزا؟

لىزا لۇغەتنى ئاختۇرۇپ جاۋابنى ئوقۇدى، «كۆيۈنۈش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «غەمخورلۇق قىلىش»، «مەدھىيىلەش» ۋە «ئىلھام بېرىش».

سىمېئون موناخ دوسكىغا بۇ سۆزلەرنى يازدى:

## كۆيۈنۈش: غەمخورلۇق قىلىش، مەدھىيىلەش ۋە ئىلھام بېرىش

سىمېئون موناخ سۆزلەرنى يېزىپ بولۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ سەۋرچانلىق ۋە بىز مۇزاكىرە قىلماقچى بولغان بارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئوخشاشلا، كۆيۈنۈشمۇ بىر خىل ھېسسىيات بولماستىن، بەلكى ھەرىكەتتۇر، ئالدى بىلەن غەمخورلۇق قىلىشنى مۇنازىرە قىلايلى، رەھبەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىش نېمە ئۈچۈن بىر خىل ئىنتايىن مۇھىم كىشىلىك پەزىلەت ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؟

ــ بۇ «خاۋتورن تەسىرى» ئەمەسمۇ؟ ــ ئويلىمىغان يەردىن مەن بىرىنچى بولۇپ جاۋاب بەردىم.

ــ جانابلىرىدىن نېمە ئۈچۈن «خاۋتورن تەسىرى» دەيدى-

غانلىقىنى سوراپ باقسام بولامدۇ؟ ـــ دەپ سورىدى پائۇل قى-
زىقچىلىق قىلىپ.

ـــ بولىدۇ، مەن كۆچۈمنىڭ بارىچە ئويلاپ باقاي، پائۇل
بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئىشچىلارنىڭ خىزمەت مۇھىتىنىڭ
ياخشىلىنىشى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدا بى-
ۋاستە ۋە دەل باغلىنىشنىڭ بار - يوقلۇقىنى تەتقىق قىلىش
ئۈچۈن، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مايۇ ئىسىملىك بىر تەتقى-
قاتچىسى سىنىرە شىشاتىدىكى خاۋتورن ئېلېكتر ئىستانسىسىغا
كېلىپتۇ. بىر قېتىملىق تەجرىبىدە، ئۇ زاۋۇت ئىچىدىكى يو-
رۇقلۇقنى كۆچەيتىپتۇ، نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ھە-
قىقەتەن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئارقىدىن زاۋۇتنى ئەسلىدىكى
يورۇقلۇق ھالىتىگە كەلتۈرۈپتۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئىشچىلارنىڭ
ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلەمدۇ ياكى تۆۋەنلەم-
دۇ؟

ـــ ئۈنىمۇ سوراش كېتەمدۇ؟ ئەلۋەتتە، تۆۋەنلەيدۇ - دە،
ـــ دېدى تاقەتسىزلىك بىلەن پائۇل.

ـــ ھەي، پەرىزىڭىز خاتا بولۇپ قالدى، پائۇل ئىشلەپچى-
قىرىش كۈچلىرى (ئۈنۈمى) يەنىلا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ! بۇ-
نىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈ-
نۈمىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى زاۋۇتتىكى چىراغلارنىڭ
يورۇق ياكى خىرە بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئەكسىچە،
خوجايىنىنىڭ ئىشچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش - بۆلمەسلىكىگە باغ-
لىق. كېيىن كۆپچىلىك بۇ خۇلاسىنى ‹خاۋتورن تەسىرى› دەپ
ئاتىغان.

ـــ كۆپچىلىككە چۈشەندۈرۈپ بەرگەنلىكىڭىزگە رەھمەت،
جون، ـــ دېدى سمىئون موناخ سۆزۈمنى قۇۋۋەتلەپ، ـــ مەن
بۇ ھېكايىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىش

www.uyghurkitap.com

مۇشۇنداق مۇھىم! گېپىمىزگە كەلسەك، مەن باشقىلارغا كۆڭۇل بۆلۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى باشقىلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەستايىدىل ئاڭلاش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن.

— سىمېئون، سىز دېگەن ‹كۆڭۇل قويۇپ ئاڭلاش› دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ — ئارقىدىنلا سورىدى كىنىگ.

— نۇرغۇن كىشىلەر كۆڭۇل قويۇپ ئىڭشاشنى باشقىلار سۆزلەۋاتقاندا ياۋاشلىق بىلەن ئىڭشاش دەپلا خاتا چۈشىنىدۇ. بىز تېخى ئۆزىمىزنى ياخشى ئاڭلىغۇچى دەپ قارىشىمىز مۇمكىن. ئەمما، ئەمەلىيەتتە بىز دائىم باشقىلارنىڭ سۆزىنى تاللاپ ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ سۆزىگە قالايمىقان ھۆكۈم قىلىمىز. ئۇنداق بولسا كۆڭلىمىزدە قانداق قىلىپ سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى ياكى ئۆزىمىز بىر ئاز قىزىقىدىغان تېمىلارغا يۆتكەشنى ئويلايمىز.

روجېرس كېيىنكى قېتىم ئۆزىمىزگە سۆزلەش نۆۋىتى كېلىدىغانلىقى ئۈچۈنلا، باشقىلارنىڭ سۆزىنى كۆڭۇل قويۇپ ئاڭلىيالماي قېلىشىمىز ناتايىن دېگەن ئەمەسمۇ! — دېدى بۇ چاغدا لىزامۇ سۆز قىستۇرۇپ.

سىمېئون موناخ بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى ۋە:

— تەپەككۇر سۈرئىتى سۆزلەش سۈرئىتىدىن تۆت ھەسسىدىن كۆپرەك تېز بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر قېتىم باشقىلارنىڭ سۆزىنى كۆڭۇل قويۇپ ئاڭلاۋاتقاندا، كاللىمىزدا بىر مۇنچە شاۋقۇن ۋە ھەر خىل خىياللار بىزگە كاشىلا قىلىۋاتقان بولىدۇ.

سىمېئون موناخ سۆزلەۋاتقاندا، كاللامغا مارى كىرىۋالدى. بىلمىدىم ئۇ ھازىر نېمە قىلىۋاتىدىكىن!

— كۆڭۇل قويۇپ ئەستايىدىل ئىڭشاش مېڭە ئىشلىتىپ كۆڭۇل قويۇپ ئىڭشاشنى كۆرسىتىدۇ، — سىمېئون موناخ چۈشەندۈرۈشنى داۋاملاشتۇردى، — كۆڭۇل قويۇپ ئەستايىدىل

تىخشاش بولسا، بىر خىل ئۆگىنىش، بىز باشقىلارنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتقان چاغدا، كۆڭلىمىزدىكى بارلىق خىيال-لارنى قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر خىل قۇربان بېرىش بولۇپ، شاۋقۇن ۋە ھەر خىل خىياللارنى بىر نەچچە مىنۇت بولسىمۇ، كاللىدىن سۈپۈرۈپ تاشلاپ، سۆزلىگۈچىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ھەقىقىي كىرىشتۇر. كۆڭۈل قويۇپ ئەستايى-دىل تىخشاش پەقەتلا سۆزلىگۈچىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ سۆزلىگۈچىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ تەسىرلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. سۆزلىگۈچىگە بولغان بۇنداق كۆچلۈك ھېسداش-لىق ئوخشاش بىر خىل روھىي ھالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بو-لۇپ، ناھايىتى زور ئەجىر سىڭدۈرگەندىلا، ئاندىن ئورۇندىغىلى بولىدۇ.

بۇ چاغدا كىنىگ سۆزلەشكە باشلىدى.

— دوختۇرخانىمىزدىكى ئاياللار بۆلۈمىنىڭ تۇغۇت بۆلۈ-مىدە، ھەمىنەپەس بولۇش دېگەن سۆز «ئادەم چوقۇم نەق مەيداندا بولۇشى كېرەك» دېگەن مەنىدە چۈشەندۈرۈلىدۇ. نەق مەيداندا بولۇش دېگىنىمىز، ئۆزىمىز نەق مەيداندا بولۇپلا قالماي، بەلكى روھىمىز ۋە كەيپىياتىمىزنىڭمۇ نەق مەيداندا بولۇشىنى كۆرسى-تىدۇ. بۇنى ئورۇنلاش ناھايىتى تەس، بولۇپمۇ پاتپاراقچىلىق مۇھىتتا. ئەمما، بۇ تۇغۇتلۇق ئاياللارغا بولغان بىر خىل ھۆر-مەت. ئۇلار شۇنداق قىينىلىۋاتقان چاغدا، بىز نەق مەيداندا بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئەستايىدىل تىخشاپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايمىز. مەن ئەمدىلا ياردەمچى ئاكوشېركا بولغان ۋاقتىمدا، ئۆزۈم نەق مەيداندا بول-سامۇ، كۆڭلۈم باشقا ياقلاردا بولاتتى ...... ئەمما ھېس قىلد-شىمچە، تۇغۇتلۇق ئاياللار بىزنىڭ كۆڭلىمىزنىڭ نەق مەيداندا ياكى باشقا جايلاردا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا پەرقىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ ھەم بىزنىڭ ئۇلارغا پۈتۈن دىققىتىمىز

www.uyghurkitap.com

بىلەن كۆڭۈل بۆلۈشىمىزدىن ئىنتايىن مىننەتدار بولىدۇ.
لىزا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە مۇنداق دېدى:
— ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش ۋە يېزىش قاتارلىق تۆت خىل شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. تەتقىقاتلار كۆرسەتتىكى، بىزنىڭ ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ۋاقتىمىزنىڭ 65%ى ئاڭلاشقا، 30%ى سۆزلەشكە، 9%ى ئوقۇشقا، 6% يېزىشقا سەرپ قىلىنىدۇ. بىزنىڭ هازىرقى مەكتەپ تەربىيىمىز پەقەت ئوقۇش ۋە يېزىشقىلا ئەهمىيەت بېرىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا، ئىككى خىل تاللاپ ئوقۇلىدىغان سۆزلەش دەرسى ئۆتۈلىدۇ. ئەمما، هېچقانداق ئاڭلاش دەرسى تەسىس قىلىنمىغان. ۋەهالەنكى، ئاڭلاش ماهارىتى بولسا، بالىلار ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان ماهارەتتۇر.

— ناهايىتى چوڭقۇر پىكىر قىلدىڭىز. رەهمەت سىزگە، لىزا، — دېدى سىمپسون موناخ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەگەر، بىز باشقىلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەستايىدىل ئاڭلىيالىساق، بىز يەنە ئىختىيارسىز هالدا قانداق ئۈچۈر تارقىتالىشىمىز مۇمكىن؟

— بىز بارلىق توسالغۇلارنى، هەتتا روهىي جەهەتتىكى توسالغۇلارنى يېڭىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئەستايىدىل تىڭشاشنى خالىغان چاغدا، قارشى تەرەپكە ئۆزىمىزنىڭ ئۇنىڭغا هەقىقەتەن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىمىزدەك تەسىراتنى بېرەلەيمىز. سىمپسون سىز ناهايىتى توغرا دېدىڭىز، كۆڭۈل قويۇپ تىڭشاش كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ سۆزلىگۈچىگە بىزنىڭ ئۆزىگە قانچىلىك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇرۇپ قويىدۇ، — دېدى كىنگ جاۋاب بېرىپ.

— مەن ئەمدىلا مەكتەپ مۇدىرى بولغان ۋاقتىمدا، مېنىڭ

ۋەزىپەم ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار يولۇققان ھەر خىل ئاۋار-
چىلىكلەرنى ھەل قىلىش دەپ قارايتتىم. ئەمما، بىر قانچە
يىلدىن كېيىن ئەسلىدە پەقەت كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش ۋە باشقىلا-
رنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق ئورتاقلىشىشلا، ئۇلارنىڭ يۈكىنى
يەڭگىللىتىدىغانلىقىنى بايقىدىم. ئەسلىدە بەزىلەر سۆزلەپ ئىچ-
قارنىنى بوشىتىۋالسا، كۆڭلى يورۇپ كېتىدىكەن. شۇڭا، مەن
ئىشخانامنىڭ تېمىغا قەدىمكى مىسىر فىرئەۋنى پتاخئو تېپىنىڭ
«ئاۋامنىڭ يىغا - زارى ۋە ئىلتىجاسىغا سەۋرچانلىق بىلەن
قۇلاق سېلىڭ! ئەمەلىيەتتە، خەلق سىزنىڭ ئۆز - ئۆزلىرى
ئۈچۈن قانچىلىك مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرىشىڭىزنى ئەمەس،
بەلكى سىزنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشىڭىز ۋە غەمخورلۇق قىلى-
شىڭىزنى تېخىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى
چاپلاپ قويدۇم، — دېدى لىزامۇ ئارقىدىنلا.

سمېئون موناخ كۈلۈپ كەتتى:

— باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىش ئادەم بولۇشنىڭ ئاسا-
سىي تەلىپى. رەھبەر بولغۇچىلار بۇنى ئازراقمۇ ئۇنتۇپ قالماس-
لىقى كېرەك. ئېسىڭلاردا بارمىكىن، رەھبەرلىكنىڭ ۋەزىپىسى
قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى بايقاش ۋە ئۇنى قاندۇرۇش-
تىن ئىبارەت. 50 يىل ئىلگىرى، مەن ئايالىم رىتا بىلەن توي
قىلغان ۋاقتىمدا، ئانام ئۆز روھىنىڭ خاتىرجەم يېتىشىنى ئارزۇ
قىلىپ، ئايالىمغا ھەرگىز سوغۇق مۇئامىلە قىلماسلىق توغرۇ-
لۇق ئەستايىدىل نەسىھەت قىلغانىدى! ھېلىمۇ ياخشى مەن ئۇ-
نىڭ سۆزىنى داۋاملىق ئېسىمدە ساقلىغاچقا، مەن رىتاغا زادىلا
ئازار بەرمەي كەلدىم! شۇڭا، سۆيۈشنىڭ بىرىنچى قەدىمى باش-
قىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش.

— بۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمدىكى تۈگۈنلەر يېشىلىپ كەتتى،
— دېدىم مەن، — زاۋۇتىمىزدا ئىشچىلار ئىش تاشلىغان چاغ-
دا، بەزى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئىشچى - خىزمەتچىلەر:

شىركەت بىزنى ئۇنتۇپ قالدى، بىزگە بولۇنغان كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولۇپ قالدى. دەپ ئىش تاشلىغانىكەن ئىشچىلار. نىڭ قارىشىچە، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، شىركەت ئاندىن ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كۆڭۈل بۆلىدىكەن. مېنىڭچە، كىشىلەر ھامان بىر ئامال قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ!

— جون، سۆزىڭىزگە كۆپ رەھمەت، يەنە ھەر قايسىڭلار. نىڭ ئىشتىراك قىلغانلىقىڭلارغىمۇ رەھمەت، — دېدى سىمېئون موناخ، ھازىر بىز يەنە كۆيۈنۈش دېگەن سۆزنىڭ ئىزاھاتىغا كېلەيلى. لىزانىڭ قولىدىكى لۇغەتتە ئىزاھلىنىشىچە، كۆيۈ. نۈش دېمەك غەمخورلۇق قىلىش، ماختاش ۋە ئىلھام بېرىش دېمەكتۇر، دېيىلىدۇ. ئۇنداق بولسا ماختاش ۋە ئىلھام بېرىش كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىمۇ ياكى ئادىتىمۇ؟

مەن ھېچكىمنىڭ ماختىشىغا موھتاج ئەمەس! — دېدى پا. ئۇل تۇيۇقسىزلا، — سىز ماڭا ۋەزىپە بەرسىڭىز مەن ئۇنى بەربىر تىرىشىپ ئورۇنلايمەن ھەمدە قول ئاستىمدىكى ئەسكەر. دىنىمۇ مۇشۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن، چۈنكى ئۇلار ھەربىي سەپكە قاتناشقان كۈندىن باشلاپ، شۇ نەرسە ئۇلارغا ئېنىق بولۇشى كېرەككى، مائاش ئالغانىكەن، ئىش قىلىشى كېرەك. مەن نېمىشقا ئۇلارغا ياغلىما گەپلەرنى قىلىپ يالۋۇرىدىكەنمەن!

لي دەرھال جاۋاب بەردى: «مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپلارنىڭ بىرى ۋىليام جامېس (ئامېرىكىلىق پراگ. ماتىست) نىڭ ئېيتىشىچە، — دېدى لي دەرھال، — ماختاشقا ئېرىشىش ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ تۈپ ئېھتىياجى ئىكەن. ئەگەر بىر كىشى مەن كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىشكە ئازراقمۇ قىزىقمايمەن دېسە، دېمەك ئۇ چوقۇم يالغان ئېيتقان بولىدۇ. ئۇ بۇ ئىشتىلا يالغان سۆزلەپ قالماي، باشقا ئىشلاردىمۇ يالغان سۆزلەيدۇ!

— ۋۇي، باستىر، بولدى، سۆزلىمەڭچۇ! — دېدى پائۇل

ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ.

— پائۇل، ئارمىيىدە دائىم تەنتەنىلىك ئۇنۋان بېرىش مۇ- راسىمى ياكى مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلىدىغۇ؟ — دېدى كىنگ ئۇنىڭغا، — بۇنداق مۇراسىملاردا خەلق ئۇچۇن پىداكارلىق كۆرسەتكەن ۋە تۆھپە قوشقان ھەربىيلەر ئاشكارا تەقدىرلىنىدىغۇ؟

— بىر دانا گېنېرال مۇنداق دېگەن، — دېدى لىزا، — بىر ئادەم ئۆز ھاياتىنى ھەرگىز ساتمايدۇ. بىراق، ئۇ شان - شەرەپ ئۇچۇن پىداكارلىق كۆرسىتىشى مۇمكىن!

— ئەگەر، مەن بىر كۈنى ئايالىمغا: ‹قەدىرلىكىم› توي قىلغان چاغدا مەن سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم. ئەمما، كېيىن مەن سىزنى بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆرەلمىگەن تەقدىردىمۇ، مەن يەنىلا ياۋاشلىق بىلەن سىزگە ھەمراھ بولىمەن ھەم ھەر ھەپتىدە ئۆيگە پۇل ئېلىپ كېلىمەن دېسەم، سىزچە بۇ قانداق مۇناسىۋەت ھېسابلىنىدۇ؟ — دېدىم مەنمۇ قەتئىي چە- داپ تۇرالماي.

ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن پائۇل ئەمدى بىزنى مەسخىرە قىلماستىن، بەلكى سۆزىمىزنى ماقۇللاپ ئارقا - ئارقىدىن باش لىڭشىتتى.

كىنگ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل ئىلگىرى، مەن تېخى يېڭىيا- چى سېستىرا بولغان چاغلار ئىدى. مەن شۇ چاغلاردا، ناھايىتى ياخشى سېستىرالار باشلىقىغا يولۇقتۇم. ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئېسىل ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ قەلبىدە قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان ھەر بىر ئادەمگە ئىككىدىن ۋۇيۇسكا ئېسىقلىق ئىكەن. بىرىگە: «مېنى ماختاڭ!» دەپ يېزىلغان بولۇپ، يەنە بىرىگە: ‹مۇئەييەنلەشتۈرۈڭ› دېگەن سۆز يېزىلغانىكەن. ئارمىيىزدا ئۇنىڭ ئابرۇيى ئىنتايىن يۇقىرى

ئىدى. بىراق، ئەينى ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭ مۇنچىلىك ئابرۇيى
بارلىقىنى ھېس قىلمىغانىكەنمەن.
سىمېئون موناخ مۇنداق دېدى.
— كۆيۈنۈش باشقىلارغا بولغان تۇنجى تەسىرىڭىزنىڭ قان-
داق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىز يەنە ئىپادىلەپ بېرەلىشىڭىز
مۇمكىن بولغان بىر خىل سۆيۈشتۇر. بىز سۆيۈش بىزنىڭ
باشقىلارغا بولغان ھېسسىياتىمىز بولماستىن، بەلكى بىزنىڭ
باشقىلارغا قىلغان مۇئامىلىمىز دېگەن ئەمەسمۇ، كارۋېر كۆيۈ-
نۈش «كىشىلەرگە مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش» دېگەنىدى.
ھاياتىمىزنىڭ مەنىلىك بولۇش - بولماسلىقى باشقىلارغا
قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىزغا، كىچىكلەرنى ئىززەتلەپ،
چوڭلارنى قەدىرلەش - قەدىرلىيەلمەسلىكىمىز، دەردمەنلەرنىڭ
ھالىغا يېتىش - يەتمەسلىكىمىز ۋە ئاجىزلار بىلەن كۆچلۈكلەر-
گە كەڭ قورساق بولۇش - بولالماسلىقىمىزغا باغلىق. چۈنكى،
سىز ھاياتىڭىزدا بۇ روللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆستىگە ئېلىشىڭىز
مۇمكىن.
— مېنىڭچە، باشقىلارنى ماختاشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. دا-
ئىم باشقىلارنىڭ توۋا قىلغان تەرەپلىرىنى ماختاش، ھەممىشە
«ياۋروپاچە دىرېكتور» غا ئوخشاش تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدى-
گەندىن مىڭ ياخشى.
— ئادەم ھەممىشە ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىنى ئىز-
دەيدۇ، دېگەن ماقال بار، — لېمۇ سۆز قىستۇردى، — بۇ گەپ
مېنىڭچە ئىنتايىن توغرا، پسىخولوگلار بۇنى «تاللاش خاراك-
تېرلىك ئىدراك» دەپ ئاتايدۇ. مەسىلەن، بالىمىز تۇغۇلغاندىن
تارتىپ، ئايالىم بىلەن ئىككىمىز بىر ئائىلە ماشىنىسى سېتىۋې-
لىشنى ئويلاشقا باشلىدۇق. شۇڭا، فورتىنىڭ <Windstars>
ى دىققىتىمىزنى تارتتى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، مەن تېخى ماشىنا
سېتىۋېلىشنى ئويلاشمىغان چاغدا، بۇنداق ماشىنا كوچىدا ئۇچ-



www.uyghurkitap.com

رىسىمۇ سەپسېلىپ قارىمايتتىم. ماشىنا ئېلىش قارارىغا كەل-
گەندىن كېيىنلا، كوچىدىكى ماشىنىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ
خىل تىپتىكى ماشىنىلار ئىكەنلىكىنى بايقىدىم! مەن بۇنىڭدىن
بۇ بىر خىل مەقسەتلىك ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇشمىكىن دېگەن
تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، رەھبەر
بولۇشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ئەگەر رەھبەر باشقىلارنىڭ ئارتۇق-
چىلىقىنى ياخشى كۆزىتىشنى نىيەت قىلسا ۋە ئۇلارنىڭ ئارتۇق-
چىلىقىغا دىققەت قىلسا، تاشقى دۇنيانىڭ كۆپ خىللىقىنى بايقاي-
دۇ.

— كىشىلەرنىڭ تەرىپلىنىشكە ئېرىشىش ئىنسانلارنىڭ ئا-
ساسىي ئېھتىياجى. ئەمما، باشقىلارنى تەرىپلەشتە ئىككى ئىشقا
دىققەت قىلىش كېرەك. بۇ ئىككى ئىش ئىنتايىن مۇھىم.
بىرىنچى، سەمىمىي بولۇش؛ ئىككىنچى، كونكرېت چۈشەندۈ-
رۈش. ئەگەر بىز مەلۇم بىر ئورۇنغا بېرىپلا ئاغزىمىزغا كەلگە-
نىچە «كۆپچىلىكنىڭ ئىپادىسى ناھايىتى ياخشى» دېسەك، بۇ
چېكىدىن ئاشقان كۆز بويامچىلىق بولىدۇ. تېخى ئۇ باشقىلارنى
رەنجىتىش مۇمكىن. چۈنكى، «ھەممە ئادەم» نىڭ ئىپادىسى ياخ-
شى بولمايدۇ - دە! بىز سەمىمىي كونكرېت قىلىپ: «جوئې،
سىز تۈنۈگۈن 250 دانە دېتالنى پۈتتۈرۈپسىز، ئىپادىڭىز ئىنتا-
يىن ياخشى! «مەن سىزدىن ناھايىتى رازى بولدۇم!»، دېيىشى-
مىز كېرەك. بۇنداق بولغاندا، كونكرېت ھەرىكەت كۆچەيتىلىپلا
قالماي، بەلكى يەنە پۈتۈنلەي قايتا نامايان بولىدۇ، — دېدى
سىمېئون موناخ لېنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا.

— ئۈچىنچى سۆزنىڭ ئىزاھاتىغا قاراپ باقايلى، ئۈچىنچى
سۆز «كەمتەرلىك» — دېدى لىزا تىزىغا قويۇۋالغان لۇغەتكە
قاراپ، — «كەمتەرلىك» كە «سەمىمىي بولۇش، ساختىلىق
قىلماسلىق، ئۆزىنى چوڭ تۇتماسلىق» دەپ ئىزاھ بېرىلىپتۇ.

## كەمتەر بولۇش: سەمىمىي بولۇش، ساختىلىق قىلماسلىق، ئۆزىنى چوڭ تۇتماسلىق

لىزا مۇنداق دەپ سوئال سورىدى:

— بۇ نۇقتا رەھبەرگە نىسبەتەن قانچىلىك مۇھىم، سىمېئون؟ مەن كۆرگەن رەھبەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىنتايىن تەكەببۇر. ئۇلار ھەمىشە ئۆزىگىلا ئېتىبار بېرىدۇ.

— بۇنىڭ نەرى خاتا! — دەپ تاشلىدى پائۇل، — رەھبەر ئەسلىدە چوڭ ھوقۇقلارنى ئىگىلەپ، كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىشى، زۆرۈر تېپىلغاندا يەنە قول ئاستىدىكىلەرنى ئەدەپلەپ قويۇشى كېرەك. بولدى، بەس! مېھىر - شەپقەت ياغدۇرۇش، كەمتەر ۋە ئەدەپلىك بولۇش دېگەنلەرگە تاقىتىم قالمىدى!

بۇ چاغدا پائۇلغا يەنە بىر قېتىم رەددىيە بەردى:

— «تەۋرات» نىڭ «تۇراھ» سۈرىسىدە دېيىلىشىچە، دۇنيا بويىچە ئەڭ كەمتەر ئادەم موسا ئەلەيھىسسالام. ئىكەن. لېكىن، موسا ئەلەيھىسسالام قانداق ئادەم؟ ئۇ قاتتىق غەزىپىگە پايلىماي (ئۇن نەسىھەت) تاختىسىنى تاغدىن تاشلاپ، پارە - پارە قىلدۇەتكەن، ئۆزىنىڭ يېۋرى قوۋمىدىن بولغان سىرلىق بىرەيلەننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇ تېخى خۇدا بىلەنمۇ جېدەللەشكەنىكەن. قېنى جاۋاب بېرىپ بېقىڭچۇ، ئۇ ئايالاردەك مېھرىبانمىكەن، پائۇل؟

— ۋۇي، باستېر جانابلىرى، سىز زادى نېمە دېمەكچى؟

— دېدى پائۇل كىنايە قىلىپ تۇرۇپ.

ھېلىمۇ ياخشى، كلىس سۆز قىلىپ قاتمال ۋەزىيەتنى ئوڭشىدى:

— مېنىڭچە، بىزنىڭ رەھبەرلەردىن كۈتىدىغان ئەڭ زور ئۈمىدىمىز سەمىمىيەتچىل بولۇش، يەنى كىبىر كۆرسىتىپ، باشقىلاردىن ئۆزىنى چوڭ تۇتماي، بەلكى باشقىلارغا سەمىمىي

مۇئامىلە قىلىش، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدىغان زور توسالغۇ، ئۆزىڭىزنىڭكىنىلا توغرا دەپ قاراپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان رەھبەرلەر كىشىلەرنى ئەڭ بىزار قىلىدۇ. باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق سەمىمىيەتسىزلىكنىڭ نىقابلىنىشىدىن ئىبارەت. چۈنكى، دۇنيادا ھەممىنى بىلىدىغان، ئۇنداق قالتىس كىشىلەر ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. مېنىڭچە، كەمتەرلىك بىزدىن ئۆزىمىزنى كەمسىتىشنى ئەمەس، بەلكى ئاڭلىق ھالدا كىچىك پېئىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

— بىز ھەممىمىز باشقىلارغا ئىنتايىن موھتاج، — دېدى كىنىگ ئاستاغىنا، — لېكىن، ئۆزىمىزنىڭ مەغرۇرلۇقى تۈپەيلىدىن، ئۆزىمىزنى باشقىلارغا موھتاج ئەمەس دەپ قارايمىز. ۋەھالەنكى، ئامېرىكىدا كۆلكىلىك بولغان شەخسىيەتچىلىك سەپسەتىلىرى ھەممە يەرگە يامراپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ھادىسە بىزنى بىز ھەقىقەتەن باشقىلارغا موھتاج بولمايمىز ھەمدە باشقىلارغا تايانماسلىقىمىز كېرەك دېگەن خاتا قاراشقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن ئېچىنارلىق ئىش! بىز تۇغۇلغاندىن تارتىپلا باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ كەلدۇق. ئانىمىزنىڭ قورسىقىدىن باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن چىقتۇق. بىز يەنە تاماق يېيىش، تەرەت قىلىش، تەربىيىلىنىش، كىتاب ئوقۇش ۋە خەت يېزىش قاتارلىق ئىشلاردىمۇ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتۇق. ئۇندىن باشقا يەنە ئاشلىق تېرىش، خەت ـ خالتا يوللاش، ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، توك بىلەن تەمىنلەش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ۋە ۋەتەننى قوغداش قاتارلىق ئىشلاردا باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىكەنلىكىمىزنى، قېرىغاندا ياكى كېسەل بولۇپ قالغاندا، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدىغانلىقىمىزنى ھەمدە ئاخىرەتكە سەپەر قىلغاندىمۇ باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن دەپنە قىلىنىدىغانلىقىمىزنى تىلغا ئالمايلا قويايـ

لى.
سىمېئون موناخ ئۆزىنىڭ خاتىرە دەپتىرىنى ئېچىپ:
— نامى چىقمىغان بىر ئەقىللىق ئۇستاز: «كەمتەر بولۇش ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى چوڭقۇر تونۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن ئادەم كەمتەر ئادەمدۇر» دېگەن. شۇڭا، كەمتەرلىك دېگىنىمىز، ساختىلىق نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆزىگە ھەقىقىي سەمىمىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. لىزا كېيىنكى سۆزنى داۋاملاشتۇرايلى، — دېدى.
— كېيىنكى «ھۆرمەت قىلىش» دېگەن سۆز، — دېدى لىزا لۇغەتتىكى ئىزاھاتنى ئوقۇپ، — ھۆرمەت قىلىش — كىشىلەرگە خۇددى ئەزىز مېھمانلارنى چوڭ كۆرگەندەك مۇئامىلە قىلىش، تۇر.

## ھۆرمەت قىلىش: كىشىلەرگە خۇددى ئەزىز مېھمانلارنى چوڭ كۆرگەندەك مۇئامىلە قىلىش

بولدى، بەس! — پائۇل ئاخىرى ئۆزىنى باسالمىدى:
— سىلەر سۆيۈش ۋە تەسىر كۆرسىتىش كۈچى توغرىسىدا سۆزلىگەن چاغدا، ئۆپكەمنى بېسىۋالغاندىم. ھازىر يەنە خەير - ساخاۋەتلىك بول، مىننەتدارلىق ۋە ھۆرمەت قىلىش دېيىش ئارقىلىق باشقىلارغا تەخسىكەشلىك قىل دەۋاتىسىلەر! سىلەر ئېلىشىپ قاپسىلەر! مەن بولسام ھازازۇل سېرژانت! سىلەر يەنە ئىنسان تەبىئىيتىگە خىلاپلىق قىلىپ، مەن ئەمەل قىلالمايدىغان بىر قاتار ئىشلارنى چىشلەپ تارتىۋاتىسىلەر!
— پائۇل — دېدى سىمېئون موناخ تەمكىنلىك بىلەن، — مۇبادا مەن بىر كۈنى ئارمىيىنىڭ يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرىنى سىز تۇرۇشلۇق قىسمىغا ئېلىپ بارسام، جەزملەشتۈرەلەي-

مەنكى، سىز دەرھال ئىززەت ـ ئىكرام بىلدۈرۈشىڭىز ھەمدە بىز بايا مۇنازىرە قىلغان ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى نامايان قىلىشىڭىز مۇمكىن. سىزنىڭ سۆزىڭىزگە تەقلىد قىلغاندا، سىز بەلكىم خوشامەت قىلىشىڭىز مۇمكىن!

— ئېيتقىنىڭىز توغرا! بىراق، قوماندان دېگەن ئۇلۇغ شەخس ـ دە! ئۇنى ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدۇ! — دېدى پائۇل سىمپئون موناخقا چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇپ.

— مانا، مانا، پائۇل ئۆزىڭىزمۇ ئېتىراپ قىلدىڭىز! — دېدىم مەن، — ئۆزىڭىزمۇ ھۆرمەتلەش ۋە ماختاشنى بىلىدىغانلىقىڭىزنى ئۆز ئاغزىڭىز بىلەن ئېيتتىڭىز. ئەگەر مۇھىم ئادەم دەپ قارىسىڭىزلا، سىزمۇ ئۇلارغا تەخسىكەشلىك قىلىشنى خالايسىز! شۇڭا، سىز ئۇنى ئورۇنلىيالمايسىز ئەمەس، بەلكى ئادەمگە قاراپ ئورۇنلايسىز.

— سىلەر قول ئاستىڭلاردىكىلەرنى خۇددى ئەزىز مېھمانلارنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلىيەلەمسىلەر؟ سىز كران شوپۇرى لاۋۋاڭغا شىركەتنىڭ لىدىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلالامسىز؟ ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپ باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىرىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلالامسىز؟ سېسترالارغا دوختۇرلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلالامسىز؟ ئەسكەرلەرگە قوماندانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلالامسىز؟ پائۇل سىز قول ئاستىڭىزدىكى ئاددىي ئەسكەرلەرگە ئۇلۇغ قوماندانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلالامسىز؟ — سىمپئون موناخ.

— قىلىشىم كېرەك ـ دە. بىراق، ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ، — دېدى پائۇل نائىلاج قوشۇلۇپ تۇرۇپ.

— مانا بۇ توغرا بولدى، پائۇل، — دېدى سىمپئون موناخ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن سىلەرگە ئىزچىل تۈردە رەھبەرنىڭ جاپالىق ئەمگەك قىلىشى كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىپ كەلدىم. رەھبەر چوقۇم قول ئاستىدىكىلەرگە چىن كۆڭلىدىن

خەيرخاھلىق قىلىدىغان بولۇشى كېرەك.

— ئەمما، مەن پەقەت ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك كىشىلەرنىلا ھۆرمەتلەيمەن! — دېدى پائۇل يەنە ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — نېمىلا دېگەن بىلەن ياخشى پەزىلىتىڭىز بولمىسا، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمەيسىز. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— مېنىڭچە بۇ گەپ ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك كونا كۆز قاراشتەك قىلىدۇ. ئىشىنىمەنكى، ئىنسان تەبىئىتى ئەسلىي ياخشى، پەقەت بەزى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ياخشى ئەمەس. ئەجىبا، بىز پەقەت ئىنسان بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمەيمىزما؟ رېشاننىڭ لۇغەتتىن كۆرۈشىچە، ھۆرمەتلەش دېگىنىمىز كىشىلەرگە ئەزىز مېھمانلارنى چوڭ كۆرگەندەك مۇئامىلە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە بىزنىڭ كىشىلەرنى شۇنداق ھۆرمەتلىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ھەرقانداق ئادەم ئەسلىدىلا ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئەزىز مېھمان بولۇش كېرەك. سىلەر بۇ كۆز قاراشقا قوشۇلمىساڭلارمۇ ئويلاپ بېقىڭلار، باشقىلار سىلەرنىڭ توپ ئەترىتىڭلار، تارمىقىڭلار، تەشكىلاتىڭلار، ... ئائىلەڭلەرنىڭ ئەزاسى بولۇشنى خالىغانلىقى ئۈچۈن... قەدىرلىنىشى كېرەك. رەھبەر ئەسلىدە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش - قازىنالماسلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. چۈنكى، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ياردەم بېرىش رەھبەرنىڭ بىر مەسئۇلىيىتى، — دېدى كىنگ ناھايىتى يېقىملىق سۆزلەپ تۇرۇپ.

كىنگ مېنى يەنە بىر قېتىم يېڭىچە قاراشقا ئىگە قىلدى.

پائۇل سائىتىگە قاراپ قويدى ۋە:

— بولدى، سىزگە قايىل بولغان بولاي، دەرستىن چۈشەيلى، ئەمدى ماڭمىساق چۈشلۈك ئىبادەتكە ئۈلگۈرەلمەيمىز.

سائەت ئىككىگە سىگنال بېرىشى بىلەنلا، سىمپوزىيۇم موناخ دەرسىنى باشلىدى.

— لىزا سىز بىزگە «سۆيۈش» نىڭ يەنە بىر مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىز قانداق؟

— سىمېئون موناخ، مەن ئاۋۋال سىزدىن بىر سوئالنى سوراپ باقاي، بۇ يەردىكى موناخلار نېمىشقا ۋاقىتقا شۇنچە ئېتىبار بېرىدۇ؟ بۇ موناستىردا ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت دېگەن قاراش ھەممىسىنىڭ دەستۇرىغا ئايلىنىپ قالغانمۇ - نېمە؟

— سوئالىڭىزغا رەھمەت، لىزا، ئەمەلىيەتتە مەن بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرىلا، ئىزچىل تۇردە ۋاقىتقا رىئايە قىلىپ كەلدىم. بىلىشىڭلار كېرەككى، رەھبەرنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى مەلۇم ئۇچۇرلارنى تارقىتىدۇ. ئەگەر بىز باشقىلار بىلەن كۆرۈ-شۇش ۋە يىغىن ئېچىشقا ياكى باشقا ئىشلارنى قىلىشقا كېلىش-سەك، ئۇلار كېچىكىپ قالسا ئويلاپ بېقىڭلار، ئۇلار تارقاتقىنى قانداق ئۇچۇر بولىدۇ؟

— مەن باشقىلارنىڭ كېچىكىشىگە زادىلا يول قويالمايمەن!
— دەپ كلىس دەرھال ئىنكاس قايتۇردى، — بۇ يەردە ۋاقىتقا ئېتىبار بېرىلگەنلىكىگە ئىنتايىن خۇشالمەن. بۇنداق بولغاندا كېيىنكى قېتىم نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى بىلەلەيمەن. سوئا-لىڭىزغا كەلسەك، سىمېئون، مېنىڭچە، كېچىكىش بىر نەچچە ئۇچۇر تارقىتىدۇ.

بىرىنچى ئۇچۇر، قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى بىز-نىڭكىدىن مۇھىم دەپ قارىشى بىزنى قارشى تەرەپ ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، ئىنتايىن مەنمەنچى ئادەم ئىكەن دېگەن تۇيغۇغا كەل-تۈرىدۇ. ئىككىنچى ئۇچۇر، بۇ بىزنىڭ ئېتىبارسىز ئادەم ئى-كەنلىكىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى، ئەگەر بىز مۇھىم ئەرباب بولساق، قارشى تەرەپ كېچىكىپ قالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز يەنە قارشى تەرەپ ئىناۋىتىنى ساقلىمايدىغان ئادەم ئىكەن دېگەن ئويغا كېلىمىز. چۈنكى، ئىناۋىتىنى ساقلايدىغان كىشىلەر ھەمىشە دېگىنىنى قىلىدۇ. مەيلى قانداق ۋەدە بەر-

سۇن، ھەتتا ۋاقىت توغرۇلۇق ۋەدە بەرسىمۇ، چوقۇم ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدۇ. كېچىكىش باشقىلارنى ئازراقمۇ كۆزگە ئىلمىغانلىق بولىدۇ. ئەمما، ئەمەلىيەتتە ئادەت خاراكتېرلىك مەسىلە.

— كلىس سۆزىنى بىراقلا سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بىر تىنىۋالدى ـ دە، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سۆزۈمنى سەۋرچانلىق بىلەن تىڭشىغانلىقىڭلارغا رەھمەت.

— مېنىڭچە، كلىس ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈردى. لىزا، بۇ جاۋابقا قانائەت قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. كېيىنكى سۆز نېمە؟ — دېدى سىمپسون موناخ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— «خالىسلىق» ماڭا لۇغەت ئاختۇرۇشقا بىر نەچچە مىنۇت بېرىڭلار… بولدى، تاپتىم، لۇغەتتە يېزىلىشىچە، «خالىسلىق» دېگىنىمىز ‹باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش› دېگەن مەنىدە ئىكەن.

خالىسلىق: باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش

— رەھمەت سىزگە، لىزا، خالىسلىقنىڭ ئەكسى شەخسىيەتچىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى ‹ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى تىلغا ئالماسلىق!›نى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، خالىسلىق بولسا، ئاۋۋال باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئارزۇسىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ يانماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. خالىسلىق رەھبەرنىڭ ئەڭ ياخشى ئىزاھاتى. رەھبەر دېمەك ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىلگىرى باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش دېمەكتۇر.

— ئۇرۇش مەيدانىدا ئەسكەرلەر قوماندانلاردىن بۇرۇن تاماق يېيىش كېرەك! — دېدى پائۇل ئويلىمىغان يەردىن.

ئاران ماڭا سۆز قىلىشقا نۆۋەت تەگدى:

— ئەگەر بىز دائىم باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇۋەر-

سەك، ئۇلارنى يامان ئۆگىنىپ قويمايمىزمۇ؟ ئۇلار بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىزنى تۇتۇۋالامدۇ؟

— بۇرادەر سىز دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشىماپسىز، — دېدى پائۇل مېنى مەسخىرە قىلىپ، — قاندۇرىدىغىنىمىز باشقىلارنىڭ ئارزۇسى بولماستىن، ئېھتىياجى - دە! ئەگەر بىز باشقىلارنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجىنى، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرساق، ئۇلارنى قانداقسىگە يامان ئۆگىنىپ قويغانلىق بولىدىكەن؟ جون، بىلىشىڭىز كېرەككى، بىز باشقىلارنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەس، بەلكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشىمىز كېرەك. بىز قۇل ئەمەس، بەلكى چاكار بولۇشىمىز كېرەك. قانداق، سىمېئون، سۆزۈم توغرا بولغاندۇ.

دەرسخانىدا كۈلكە ساداسى كۆتۈرۈلدى. سىمېئون موناخ لىزادىن كېيىنكى سۆزنىڭ ئىزاھاتىنى ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

— كېيىنكى سۆز «يول قويۇش» ئۇنىڭ ئىزاھاتى: «باشقىلار بىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن ئاغرىنماسلىق» — دەپ ئوقۇدى لىزا.

## يول قويۇش: باشقىلار خاتالىق سادىر قىلىسىمۇ ئۇلاردىن ئاغرىنماسلىق

بۇ ئىزاھات كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى سىمېئون موناخ، — باشقىلار بىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇلاردىن ئاغرىنماسلىق، بۇ نېمە ئۈچۈن رەھبەرلەر چوقۇم هازىرلاشقا تېگىشلىك ئالاھىدە، ئىنسانىي پەزىلەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؟

— ئادەم ئەۋلىيا بولمىغاچقا، دائىم كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، — دېدى كىنگ ئۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com

جاۋابەن، — مېنىڭچە رەھبەر بولغان ئىكەنمىز، بۇنداق ئىشلار كۆندىلىك تامىقىمىزدەك دائىم بىزگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

— پائۇلنىڭ كونا كېسىلى يەنە قوزغالدى:

— سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز، باشقىلار ماڭا يۈز كېلەلەيدىغان ئىشلارنى قىلىسمۇ، مەن يەنىلا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «كېرەك يوق» دېيىشىم كېرەككەن ـ دە؟!

— خاتالاشتىڭىز، پائۇل، — سىمېئون موناخ ئۇنىڭ سۆزىگە ئېتىراز بىلدۈردى، — بۇ توغرا بولمىغان رەھبەرلىك پوزىتسىيىسى. يول قويۇش دېگەنلىك سىزگە ھېچكىم يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلمىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىڭ ياكى مەسىلىنى كۆرسىڭىزمۇ كۆرمەسكە سېلىڭ دېگەنلىك ئەمەس. ئەكسىچە، بىز كىشىلەرگە كەسكىن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. ئەمما، مېنىڭ دېگىنىم باشقىلارنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا قاراپ تۇرۇش ياكى باشقىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە كۆچلۈك دەخلى ـ تەرۆز قىلىش دېگەنلىك ئەمەس. كەسكىن مۇئامىلە قىلىش كىشىلەرگە ئەركىن، ئوچۇق ـ ئاشكارا ۋە تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى، ئەمما ئەدەپسىزلىك قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. يول قويۇش دېگىنىمىز ئىشلەشنى تەلەپ قىلىش، مەسىلە يۈز بەرگەندە ئۇنى كەسكىن ھەل قىلىش، غەزەپ ـ نەپرەتنى كۆڭۈلدىن ساقىت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. رەھبەر بولۇش سالاھىيىتىڭىز بىلەن كۆڭلىڭىزدىن غەزەپ ـ نەپرەتنى ساقىت قىلالمىسىڭىز، نارازىلىق كەيپىيات تېنىڭىز ۋە روھىڭىزنى چىرىتىپ ئىش ئۈنۈمىڭىزنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى ئېيتقۇم كەلدى:

— مېنىڭ ئايالىم پسىخولوگىيە دوختۇرى. ئۇ دائىم بىمارلارغا ئۆچمەنلىك ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھاياتىنى نابۇت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، ئاي ـ يىللار-

نىڭ ئۆچمەنلىك ئىچىدە ئۆتۈشى پەقەت تېخىمۇ زور ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە بەختسىزلىككە دۇچار قىلىدۇ.
لى گەپ قىستۇردى:
ــ بۇددى خاككېت: «سىز غەزەپلەنگەندە، باشقىلار خۇشاللىقىدىن يايراپ كېتىدۇ!» دېگەنىكەن.
ــ قىزغىن پىكىر قىلغانلىقىڭىزغا رەھمەت، ــ دېدى سىمېئون موناخ كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ يەكشەنبە كۈنى مەن سىلەرگە: «كۆپىنىڭ ئەقلى كۆپ»، دېگەن ئەمەسمۇ؟ لىزا لۇغەتتە يەنە «سەمىمىي بولۇش»، قا قانداق ئىزاھات بېرىلىپتۇ؟
ــ سەمىمىي بولۇش «ھەرقانداق ئىشتا كۆز بويامچىلىق قىلماسلىق» نى كۆرسىتىدۇ.

## سەمىمىي بولۇش: ھەرقانداق ئىشتا كۆز بويامچىلىق قىلماسلىق

ــ مەن تېخى سەمىمىي بولۇش پەقەت يالغان سۆزلىمەسلىكنىلا كۆرسىتىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن، ــ دېدى كلىس ئەزمەلىك بىلەن، ــ ھەرقانداق ئىشتا كۆز بويامچىلىق قىلماسلىق ... بۇنداق چۈشەندۇرۇش كەڭ دائىرىلىك بولۇپ كەتكەندەك تۇرىدۇ.
ــ بىز مەكتەپتە دائىم بالىلارنى تەربىيىلەيمىز، ــ دېدى لىزا، ــ يالغان سۆزلەش باشقىلارنى ئالداشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئادەتتە كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، پۈتۈنلەي باشقىلارنى ئالداش ياكى ئىشنىڭ قىيىنىدىن قېچىپ، ئاسىنىغا يۈگۈرۈش نىيىتىدە بولماي، بەلكى «ياخشى كۆڭۈل بىلەن يالغان ئېيتىش» نى نىيەت قىلغان بولسا، بۇنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ. ئەمما، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇمۇ يالغان ئېيتىش ـ تە!
ــ شۇنى ئەستە تۇتۇشىڭلار كېرەككى، ــ دېدى سىمېئون

موناخ ئارقىدىنلا، — سەممىمىي بولۇش ئادەتتە كىشىلەر ئۆزلە-
رىنىڭ رەھبىرىگە نىسبەتەن ئەڭ ئېتىبار بىلەن قارايدىغان كى-
شىلىك پەزىلەت ئالاھىدىلىكى. بىز ئىشەنچ توغرۇلۇق سۆزلەش-
كەنىدۇق. ئىشەنچ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، ئۇ كىشىلىك
مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كاتالىزاتور بولۇپ، سەممى-
يەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. كىشىلەرگە سەممىمىي مۇئامىلە قى-
لىش، سۆيۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئەڭ قىيىن ھەم ئەڭ
مۇھىم بىر قەدەم. سەممىمىي بولۇش قارشى تەرەپكە ئۆزىڭىزنىڭ
ئۆمىدىنى ئېنىق ئېيتىش، باشقىلارغا مەسئۇل بولۇش، مەيلى
ياخشى خەۋەر بولسۇن ياكى يامان خەۋەر بولسۇن ھەممىنى سەمى-
مىي يەتكۈزۈش ھەمدە قارشى تەرەپكە ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنىڭغا بول-
غان كۆز قارىشىڭىزنى، ئادەم بولۇشتىكى بىردەكلىك، ئادىللىق
ۋە مەيدانى مۇستەھكەملىك قاتارلىقلارنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېي-
تىشنى كۆرسىتىدۇ. قىسقىسى، بىز بارلىق ھەرىكەتلىرىمىزدە
ئازراقمۇ كۆز بويامچىلىق قىلماي، قەتئىي ئوچۇق - ئاشكارا
بولۇشىمىز، پايدا - مەنپەئەت بىلەن ھېسابلاشماي، چىنلىق
ئىزدىشىمىز كېرەك.

لي يەنە پىكىر قىلدى:

— مېنىڭ بۇرۇنقى ئۇستازىم ماڭا بىز ئەگەر ئىشچى -
خىزمەتچىلەرنى كۆزدە تۇتمىساق، ئىنتايىن سەممىيەتسىزلىك
قىلغان بولىمىز، دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھەتتا يەنە ئىش-
چى - خىزمەتچىلەرگە مەسئۇل بولمىغان رەھبەرلەر ئوغرى -
ئالدامچى ھېسابلىنىدۇ دېدى! ئۇلارنى ئوغرى دەپ تىللاشتىكى
سەۋەب: ئۇلارنىڭ پايچىلاردىن ئىش ھەققى ئېلىش مۇۋاپىق
ئەمەس. ئەمما، پايچىلار ئۇلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە
ياخشى غەمخورلۇق قىلىش ئۈچۈن پۇل خەجلەيدۇ؛ ئۇلارنى ئال-
دامچى دېيىشتىكى سەۋەب: ئۇلار ياسالمىلىق قىلىپ، قول
ئاستىدىكىلىرى بىلەن ئىناق ئۆتىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ.

ئەمما، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە نىسبەتەن ئەسكىلىكتە چېكىگە يەتكەن.

— بىلىشىمچە، نۇرغۇن باشقۇرغۇچى خادىملار پەقەت كۆپ-چىلىكنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولسىلا، ئىشلار يۇرۇشۇپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ، — دېدىم مەن سۆز قىستۇرۇپ، — شۇڭلاشقا، ئۇلار قول ئاستىدىكىلەرنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرسىتىشكە ئەسلا جۈرئەت قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار قول ئاستىدىكىلەرنىڭ چۈشكۈنلىشىشىدىن ياكى ئۆزلىرىگە غەزەپلىنىشىدىن ئەنسىرەي-دۇ. مەن ئەزەلدىن بۇ خىل ھەرىكەتنىڭ كۆز بويامچىلىق بولى-دىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن... ئەمما، ھازىر چۈشەندىم-كى، ئەمەلىيەتتە كۆپ قىسىم كىشىلەر رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزلى-رىگە سەممىمىي مۇئامىلە قىلىشنى ئىنتايىن ئۈمىد قىلىدىكەن.

— جون، ناھايىتى ياخشى ئېيتتىڭىز! قېنى بىز كېيىنكى سۆزگە قاراپ باقايلى لىزا، — دېدى سىمېئون موناخ.

— بولىدۇ، ھە، تاپتىم، لەۋزىدە تۇرۇش «ئۆز تاللىشىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇش»نى كۆرسىتىدۇ.

## لەۋزىدە تۇرۇش: ئۆز تاللىشىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇش

سىمېئون موناخ بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— لەۋزىدە تۇرۇش بەلكىم ئەڭ مۇھىم بىر نۇقتا بولۇشى مۇمكىن. لەۋزىدە تۇرۇش دېمەك، تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ۋەدى-لەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دېمەكتۇر. چۈنكى، بىز ھازىرغا قەدەر مۇزاكىرە قىلغان ھەر خىل قائىدىلەرنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن، ناھايىتى زور بەدەل تۆلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئە-گەر بىز رەھبەر بولۇش ئۈچۈن ئۆزىمىزگە قىلغان ۋەدىمىزدە

قەتئىي چىڭ تۇرمىساق، ناھايىتى ئاسانلا يېرىم يولدا بوشىشىپ كېتىپ، ھوقۇققا تايىنىپ ئىش كۆرىدىغان كونا سىستېمىغا دەسسەيمىز. ئەپسۇسكى، لەۋزىدە تۇرۇش ھازىرقى جەمئىيەتتە قارشى ئېلىنمايدۇ ـ دە.

— شۇنداق، — دېدى كىنىگ، — پەرزەنتلىك بولۇشنى خالىمىغانلار بالىنى ئالدۇرۇۋېتىدۇ؛ جۆرىسى بىلەن بىللە ئۆتۈشنى خالىمىغانلار، نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتىدۇ؛ تېخىمۇ ئېغىرى شۇكى، ياشانغانلارنى بېقىش ئېغىر كەلگەنلەر، ئۇلارنى ئاخىرەتكە «چىرايلىق» ئۇزىتىپ قويىدۇ! ئېھتىياجلىق بولمىغان نەرسىلەردىن ۋاز كېچىدىغان نېمىدېگەن پاكىز ھەم گۈزەل جەمئىيەت بۇ!

— شۇنداق ئەمەسمۇ، ھەممە ئادەم ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئىش بېجىرىشنىلا ئويلايدۇ. ئەمما، ۋەدە بېرىشنى خالىمايدۇ! ئوتتۇرىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ. سىلەر كېيىنكى قېتىم تۇخۇم پىشۇرغان ۋاقتىدا، ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىڭلار كېرەككى، مېكىيان پەقەت تۇخۇم تۇغۇشنىلا بىلىدۇ؛ ھالبۇكى توڭگۇز ھاياتىنىمۇ قۇربان قىلىۋېتىدۇ، ئۇلار ۋەدىسىگە نېمىدېگەن ئىنتايىن ئەمەل قىلىدۇ ـ ھە؟! — دېدى پائۇل كۈلۈپ تۇرۇپ.

— پائۇل، ئاجايىپ تەمسىل قىلدىڭىز، مەن بۇ نۇقتىنى تېخى ئويلاپ يەتمەپتىمەن، — دەپ ئىختىيارسىز پائۇلنى ماختاپ كەتتىم. پائۇلنىڭ چۈشەنگەنسېرى قالتىس ئادەم ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى ھېس قىلىۋاتاتتىم.

كۆپچىلىك مەسلىھەتلىشىۋاتقاندەك جىمجىت ئولتۇرۇپ، بۇ قائىدىلەر توغرۇلۇق چوڭقۇر ئويغا چۆمدى. ئاخىرى سىمېئون موناخ جىمجىتلىقنى بۇزدى.

— ھەقىقىي لەۋزىدە تۇرۇش شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە ئۈزلۈكسىز تاكاۋۇللىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشەنچ تۇرغۇزۇلىدۇ. لەۋزىدە تۇرىدىغان رەھبەرلەر

ئۆسۈپ يېتىلىش، يول ئېچىش ۋە ئىلگىرىلەش ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار قول ئاستىدىكىلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان رەھبەر بولۇشقا ۋەدە قىلغان. ئىشەنچ بىر خىل قىزغىنلىق. ئۇ شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ ئەڭ زور يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بىز پىشىپ يېتىلگەن ۋە ئەڭ زور يوشۇرۇن ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرغانغا قەدەر، ئۈز-لۈكسىز ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. بۇنداق نىشانغا يېتىش ئۈچۈن رەھبەر چوقۇم ئۆزىگە ۋەدە بېرىپ، قىزغىنلىقنى ئۇرغۇتۇش ۋە ئىشەنچ تۇرغۇزۇش كېرەك.

— ئىنجىلدىمۇ «ئادەم يىراقنى كۆرمىسە هالاك بولىدۇ.» دېيىلگەن، — دېدى لى.

— سىزنىڭ ئۆتۈنۈپ قالاي، باستېر جانابلىرى! دائىم پۇر-سەتتىن پايدىلىنىپ، دىن تارقاتماقچى بولمىسىز. ۋەز - نەسىھەت-لىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن! — پائۇل لىغا يەنە قىرچە تەگدى.

— مېنىڭ نەزىرىمدە سۆيۈش، ۋەدە بېرىش، رەھبەرلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئويلاش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن جاپالىق ۋەزىپە، — دېدىم مەن ئېغىر ئۇھ تارتىپ.

— توغرا ئېيتتىڭىز جون، — دېدى سىمېئون موناخ ئار - قىدىنلا، — ئەمما، بۇ دەل رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋې-لىش بىلەن تەڭلا ئۈستىمىزگە ئالىدىغان مەسئۇلىيەت. بۇنى ئانچە ئاسان ئىش دېگىلى بولمايدۇ! ئەگەر بىز كىشىلەرنى سۆيۈشنى ۋە كىشىلەرنى ئويلاشنى قارار قىلساق، ئۇنداقتا چو-قۇم سەۋرچان، مېھرىبان، كەمتەر، ئەدەپلىك، خالىس، كەڭ قورساق، سەمىمىي ۋە ۋاپادار بولۇشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز كىشىلەر ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىن قورقمىساق، يۇقىرىدىكى قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك. بەزىدە كىبىرىمىزنى يو-قىتىشىمىزغا، ھەتتا ھېسسىياتىمىزنى بېسىشىمىزغا توغرا كې-

www.uyghurkitap.com

لىدۇ. يەنە بەزىدە ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇ - ئارمىنىمىزنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھەتتا ئادەمنى بىزار قىلىدىغان كىشىلەرنى سۆيۈشىمىز ۋە ئۇلارنى ئويلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

— ئەمما. سىز بۇرۇن ئېيتقاندا، — دېدى لىزا، — «كىشىلەرنى سۆيۈش - سۆيمەسلىكنى ئۆزىمىز تاللايمىز. ئەگەر بىز باشقىلارنى ئۆزىمىزنىڭ ئورنىغا قويۇپ تۇرۇپ ياخشى كۆرسەك، ئۇلار ئۈچۈن ئۆزىمىزنى قۇربان قىلالايمىز. ئەگەر بىز كىشىلەر ئۈچۈن ئۆزىمىزنى قۇربان قىلالىساق، ئاندىن نوپۇزىمىزنى تىكلىيەلەيمىز. نوپۇزىمىز بولغاندىلا، ئاندىن رەھبەر بولۇشقا سالاھىيىتىمىز توشىدۇ.»

— مەن سىز ئېيتقان بۇ قائىدىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىمەن، — دېدى كىلىس شۇبھىلەنگەن ھالدا، مەنمۇ بۇنى ئورۇنلۇق گەپ دەپ قارايمەن. ئەمما، كىشىلەرگە بۇنداق مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇلارنى تىزگىنلىگىلى بولامدۇ؟

لىزا دەرھال جاۋاب بەردى:

— تىزگىنلەش شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، مېنىڭچە، سىمېئون ئېيتقاندەك رەھبەرلىك ئەندىزىسى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر مەن ھەقىقەتەن قول ئاستىمىزدىكىلەرنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجىنى بايقىيالىسام ۋە ئۇنى قاندۇرالىسام، مېنىڭچە، قول ئاستىمدىكىلەر چوقۇم مېنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان تەسىر كۈچۈمدىن پايدىنى ئېرىشەلەيدۇ. توغرىمۇ سىمېئون؟

— كۆپىنىڭ ئەقلى كۆپ - دە! پىكىر بەرگەنلىكىڭىزگە رەھمەت.

لى يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن تونى كامپولونىڭ بىر ئۇنىئالغۇ لېنتىسىنى تىڭشىد-

غانىدىم. كامپولو داڭلىق يازغۇچى، باستىر، ناتىق ۋە پېدا-
گوك. بۇ ئۇنىئالغۇ لېنتىسىدە، ئۇ ياشلار ئۇچۇن ئۆزى تەسىس
قىلغان نىكاھتىن ئىلگىرىكى كونسۇلتاتسىيە دەرسىنى تىلغا
ئالغان. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ھەر قېتىم توي قىلىش توغرۇلۇق
مۇنازىرە قىلىۋاتقان ياش ئاشىق - مەشۇقلارنى كۆرگەندە، چو-
قۇم ئۇلاردىن: «سىلەر نېمە ئۈچۈن توي قىلىسىلەر؟» دەپ
سورايدىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ كۆپىنچە ئاڭلايدىغىنى: «بىز بىر-
بىرىمىزنى چىن كۆڭلىمىزدىن ياخشى كۆرىمىز - دە!» دېگەن
جاۋاب ئىكەن. ئارقىدىن ئۇ يەنە: «سىلەر يەنە بۇنىڭدىنمۇ
ياخشىراق سەۋەب كۆرسىتەلەمسىلەر؟ دەپ سورىغاندا، بۇ ياش
ئاشىق - مەشۇقلار ئادەتتە بىر - بىرىگە قارىشىپ، بۇ غەلىتە
سوئالنىڭ سورالغانلىقىغا ھەيران قالىدىكەن ۋە ئارقىدىن: «نەدە
تېخىمۇ ياخشىراق سەۋەب بولسۇن! بىز بىر - بىرىمىزنى چىن
كۆڭلىمىزدىن ياخشى كۆرىمىز! نەدە چىن سۆيگۈدىنمۇ ياخشى-
راق سەۋەب بولسۇن؟» دەپ جاۋاب بېرىدىكەن. كامپولو دائىم
ئۇلارغا: ‹قارىغاندا سىلەر گورمون تەرىپىدىن كونترول قىلىن-
غان ئوخشايسىلەر، سۆيگۈلار تېخى ئەقلىي بىلىش باسقۇچىغا
يەتمەپتۇ. بۇ ئاجايىپ ھېسسىياتتىن ياخشىراق ھۇزۇرلىنىڭلار!
ئەمما، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سۆيگۈ بۇلۇتلىرى تارقىلىپ كەتسە
قانداق قىلىسىلەر؟› دېگەندە، ياش ئاشىق - مەشۇقلار ئۆزئارا
قارىشىۋېلىپ كەسكىن ھالدا: ‹بىزدە بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرى-
شى مۇمكىن ئەمەس!› دېيىشىدىكەن.

سىنىپتا بىر پەس كۈلكە ساداسى كۆتۈرۈلدى.

— ھە، ھەرقايسىڭلارنىڭ توي قىلغانلىقىڭلارغا خېلى يىل-
لار بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، — دېدى لى، — بىز ھەم-
مىمىز سۆيگۈنىڭ تۈيۈقسىز بولىدىغانلىقىنى، توي قىلىش ئەمە-
لىيەتتە ۋەدە بېرىش ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلىمىز. كامپولو-
نىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق نىكاھنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشىش

www.uyghurkitap.com

پۇرسىتى بولىدۇ. ئەمما، پەقەت ئۆزئارا مۇھەببەت بولغاندىلا، ئىكاھنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشىنىمىز.

— ناھايىتى ياخشى سۆزلىدىڭىز، لي، — دېدى سىمپسون موناخ، — ئەمەلىيەتتە لەۋزىدە تۇرۇش جەريانىدا ئۇچرايدىغان سىناق بىلەن رەھبەرلىك قىلىش ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. ئەگەر بىز بۇگۈن مۇنازىرە قىلغان ھەر خىل كىشىلىك پەزىلەت ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ھەرىكەتلەرنى ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرگە قوللانماقچى بولساق، مېنىڭچە ھەرقانداق ئادەم بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، ھەتتا ئەسكىلىكتە ئۇچىغا چىققان كىشىلەرمۇ ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن ئىنتايىن مېھرىبان ۋە دوستانە بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. تاقابىل تۇرۇش ناھايىتى تەس كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۆزىمىز ياخشى كۆرمەيدىغان كىشىلەرنى قانداق سۆيۈش بىزنىڭ رەھبەر بولۇشقا لايىق ياكى لايىق ئەمەسلىكىمىزنى ئىسپاتلايدىغان ھەقىقىي سىناق، پەقەت مۇشۇ ئۆتكەلدىن ئۆتكەندىلا، رەھبەر بولۇشقا سالاھىيىتىمىز توشىدۇ.

— كونا كىنو چولپىنى ساساگاش بىر يىلدا 20 ئەرنى ياخشى كۆرۈش 20 يىلدا بىر ئەرنى ياخشى كۆرۈشكە قارىغاندا كۆپ ئاسان دېگەنىدى، — دېدى لىزا ئارقىدىنلا.

سىمپسون موناخ دوسكا ئالدىغا كېلىپ، دوسكىغا چوڭ بىر جەدۋەلنى سىزدى.

4 . 2 ـ سخېما　　　سۆيۈش ۋە رەھبەرلىك قىلىش

| | |
|---|---|
| سەۋرچان بولۇش | ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش |
| كۆيۈنۈش | كۆڭۈل بۆلۈش، ماختاش ۋە ئىلھام بېرىش |
| كەمتەر بولۇش | سەمىمىي بولۇش، ساختىلىق قىلماسلىق، ئۆزىنى چوڭ تۇتماسلىق |
| ھۆرمەت قىلىش | كىشىلەرگە خۇددى ئەزىز مېھمانلارنى قەدىرلىگەندەك مۇئامىلە قىلىش |
| خالىس بولۇش | ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئاۋۋال باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش |
| يول قويۇش | باشقىلار خاتالىق سادىر قىلسىمۇ ئۇلاردىن ئاغرىنماسلىق |
| سەمىمىي بولۇش | ھەرقانداق ئىشتا كۆز بويامچىلىق قىلماسلىق |
| لەۋزىدە تۇرۇش | ئۆز تاللىشىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇش |
| خۇلاسە<br>قۇربان بېرىش ۋە ئۆ-<br>زىنى بېغىشلاش | ئۆزىنىڭ ئارزۇسى ۋە ئېھتىياجىنى چەتكە قايرىپ قويۇپ ئاۋۋال باشقىلارنىڭ ئەڭ زور مەنپەئەتىنى قاندۇرۇش |

«بىز تۇنۇگۈن رەھبەرلىك قىلىش ئەندىزىسى سخېمىسىنى مۇنازىرە قىلغان ۋاقتىمىزدا، رەھبەرلىك قىلىشنىڭ نوپۇز ياكى تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارى ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنى، نوپۇز ياكى تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارى بولسا، ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئۈستىگە، ئۆزىنى قۇربان قىلىش بولسا، مۇھەببەت ئۈستىگە قۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدۇق. ئەمما، نوپۇزغا تايىنىپ رەھبەرلىك قىلىشتا كىشىلەرنى سۆيۈشنى، كىشىلەرنى ئويلاشنى، ئۇلار ئۈچۈن قۇربان بېرىش ۋە ئۆزىنى بېغىشلاشنى بىلىش

كېرەك. بۇندىن باشقا، سۆيۈش سىزنىڭ باشقىلارغا بولغان ھېسسىياتىڭىز بولماستىن، بەلكى سىزنىڭ باشقىلارغا قوللانغان ھەرىكىتىڭىزدۇر. كىنگ خۇلاسە چىقاردى.

ــ شۇڭا، مېنىڭچە سىمېئوننىڭ دېمەكچى بولغىنى سۆيۈش پېئىل بولۇپ، ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئورنىدا قويۇپ ئويلىنىش، باشقىلارنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجىنى بايقاش ۋە قاندۇرۇش دېمەكتۇر. دېگىنىم توغرىمۇ؟

ــ ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز، كىنگ، ــ دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى سىمېئون.

## بەشىنچى كۈنى

ماسلىشىش — ئۆزگەرتىش
ئىللىق كەيپىيات يارىتىش

مەيلى ئەر مەيلى ئايال بولسۇن ھەممە ئادەم ئىشنى ياخشى قىلىشنى ئويلايدۇ. شارائىت يار بېرىدىغانلا بولسا، كىشلەر ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەيدۇ.

— بىل، خېۋلېت

مەن كارىۋىتىمنىڭ بېشىدىكى سائەتكە قارىدىم. ھازىر پەي- شەنبە سەھەر ۋاقتى بولۇپ، سائەت ئەمدىلا ئۈچتىن ئاشقانىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن يەنە تورۇسقا قاراپ ياتقىنىمچە خىيالغا پات- تىم. تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن مەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا مارى بىلەن شىركەتكە تېلېفون بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ باققانىدىم. مەن بولمىغان بولسامۇ، ئۇ يەردىكى ئىشلار يەنىلا بۇرۇنقىدەك نورمال كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنى تولىمۇ كېرەكسىز بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدىم...

مەن يەنە ئۇلۇشكۈن ئەتىگەن سىمئون موناخ كىشىلىك تۇرمۇشتا چوقۇم جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەر، دەپ ماڭا ئويلىنىشقا قالدۇرغان «مەن نېمىگە ئېتىقاد قىلسام بولىدۇ؟ مەن نېمە ئۈچۈن ياشايمەن؟ مېنىڭ ياشاشتىكى مەقسە- تىم نېمە؟ ھاياتىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟» دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى ئويلاپ ياتتىم.

لېكىن، بۇ مەسىلىلەرگە ھەر قانچە قىلسامۇ، زادىلا جا- ۋاب تاپالمىدىم.

ئەكسىچە مەسىلىلەر بارغانچە كۆپەيدى.

مەن سائەت تۆتتىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، موناستىرغا كې-

لىپ بولدۇم ھەم ئۆزۈمدىن ئىنتايىن ئىپتىخارلاندىم. چۈنكى، مەن ئاخىرى بىر قېتىم بولسىمۇ، سىمېئون موناختىن ياخشى بالدۇر كەلگەنىدىم!

سائەت دەل بەش بولغاندا، سىمېئون موناخ موناستىرغا كىرىپ كەلدى ۋە مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ يەرگە قاراپ ئولتۇردى. قارىماققا ئۇ ئالدى بىلەن چوقۇنماقچى بولغاندەك قىلاتتى.

بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن سىمېئون موناخ بېشىنى مەن تەرەپكە بۇراپ، مەندىن «جون، سىز يەنە نېمىلەرنى ئۆگىنىۋالدىڭىز؟» دەپ سورىدى.

— «سۆيۈش توغرىسىدىكى گەپلەر ماڭا تولىمۇ يېڭىچە تۇيۇلدى. مەن سۆيۈشنىڭ كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىكى بىر خىل ھەرىكەتنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن. ئەكسىچە، سۆيۈشنى بىر خىل كەيپىيات ۋە تۇيغۇدىنلا ئىبارەت دەپ قاراپ كەلگەنىكەنمەن. مەن پەقەت مەن شىركەتكە قايتىپ بارغاندىن كېيىن قول ئاستىمدىكى خىزمەتچىلەرگە ئۆزۈمنىڭ ئۇلارنى 〈سۆيىدىغانلىقىم〉نى ئېيتقان ۋاقتىمدا ئۇلارنىڭ مېنى كاللىسىدىن چاتاق چىقىپتۇ دەپ ئويلاپ قالماسلىقىنىلا ئۈمىد قىلىمەن! — دېدىم ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن.

سىمېئون موناخ كۈلۈپ كەتتى:

— ئۇنداقتا سىز ئۇلارنى سۆيىدىغانلىقىڭىزنى ئۆز ھەرىكىتىڭىز بىلەن ئىپادىلىشىڭىز كېرەك - تە جون، پەقەت سۆزلەپلا قويۇپ، مەشىق قىلماسلىقنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق! ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىمىكىن، لىزا ئالدىنقى قېتىم سۆيۈش دەل سۆيۈش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت دېگەنىغۇ.

— ئۇنداقتا ئۆزىنى سۆيۈش دېگەننى قانداق چۈشىنىش كېرەك، سىمېئون؟ بىزنىڭ رايونىمىزنىڭ باستېرى بىز قوشنىلىرىمىزنى سۆيۈشىمىز، شۇنداقلا ئۆزىمىزنىمۇ سۆيۈشىمىز كېرەك دېگەنىدىغۇ؟



www.uyghurkitap.com

— ھەي، تولىمۇ ئەپسۇس، جون، بۇ سۇرە ھەرگىزمۇ ئۇنداق مەنىدە ئېيتىلغان ئەمەس. ئىنجىلدىكىسىنىڭ ئەسلىي «سەن قوشنىلىرىڭنى خۇددى ئۆزۈڭنى سۆيگەنگە ئوخشاش سۆي» دەپ يېزىلغان. ھەرگىزمۇ «قوشنىلىرىڭنى سۆي، شۇن- داقلا ئۆزۈڭنىمۇ سۆي» دېيىلگەن ئەمەس. بۇ ئىككى جۈملە گەپنىڭ پەرقى تولىمۇ چوڭ. ئەيسا پەيغەمبەر بىزنىڭ باشقىلارنى خۇددى ئۆزىمىزنى سۆيگەندەك سۆيۈشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيت- قاندا، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىزنى ئۆزلىرىنى چوڭقۇر سۆيىدۇ دەپ پەرەز قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىزنىڭ باشقا كىشىلەرنى ئۆزى- مىزنى سۆيگەن ھېسسىياتتا سۆيۈشىمىزنى ئۈمىد قىلغان.

— ئۆزىمىزنى سۆيگەن ھېسسىياتتا؟ — مەن ئۇنىڭ گېپى- گە قوشۇلۇشقا ئامالسىز قالدىم، — ئۆتۈنۈپ قالاي! مەن بەزى چاغلاردا، بولۇپمۇ يېقىندىن بۇيان، ھەتتا ئۆزۈمدىنمۇ تويۇپ كېتىپ بارغاندا، باشقىلارنى سۆيۈشنى تىلغا ئالمايلا قويۇڭ!

— ئۇنتۇپ قالماڭ، جون، «agapé» — دېگەن سۆز ئى- سىم ئەمەس، بەلكى پېئىل. ئۇنىڭ كۆرسىتىدىغىنى سۆيۈش تۇيغۇسى ئەمەس، بەلكى سۆيۈش ھەرىكىتى. بەزى چاغلاردا مەنمۇ ئۆزۈمدىن تولىمۇ بىزار بولۇپ كېتىمەن. لېكىن، ئادەت- تىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇشۇنداق پۇرسەتلەرنىڭ ماڭا بولغان ياردىمى ئىنتايىن زور. چۈنكى، مەن ئۆزۈمنى ياقتۇرمايدىغان ۋاقىتلاردا، يەنىلا ئۆزۈمنى سۆيىمەن، يەنى ئۆزۈمنىڭ ئېھتى- ياجلىرىنى قاندۇرۇش ئارقىلىق ئۆزۈمنى سۆيىمەن. ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، كۆپ ۋاقىتلاردا مەن پەقەت باش- قىلارنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ئالدى بى- لەن قاندۇرۇشنى ئويلايمەن. بۇ نېمىدېگەن ئوسال ئىش ـ ھە! خۇددى ئىككى ياشلىق بالىغا ئوخشاش...

— كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۆزىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش- نى ئويلايدۇ، توغرىمۇ؟

— توغرا، جون، ئۆزىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش دەل ئۆزىنى سۆيۈشنىڭ ئىپادىسى! شۇڭا، ئەگەر بىز قوشنىلىرى-مىزنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ قويساق، ئۇ چاغدا بۇ قوشنىلىرىمىزنى سۆيۈشنىڭ ئىپادىسى بولىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، بىز ئۆزىمىزنىڭ خاتالىقى ۋە ئەخمىقانە ئىشلىرىنى ناھايىتى ئاسانلا كەچۈرۈۋېتە-لەيمىز. لېكىن، قوشنىلىرىمىزنىڭ خاتالىقى ۋە ئەخمىقانە ئىش-لىرىنىمۇ شۇنداق ئاسانلا كەچۈرۈۋېتەلەمدۇق؟ شۇڭا، بىز ئۆ-زىمىزنى ناھايىتى ئاسانلا سۆيەلەيمىز. لېكىن، باشقىلارنى ئۇن-داق ئاسان سۆيەلمەيمىز. بۇ دەل ئۆزىگە كەڭچىلىك قىلىپ، باشقىلارغا قاتتىق قوللۇق قىلىشتىن ئىبارەت ئەمەسمۇ؟

— مەن ئەزەلدىن بۇنداق ئويلاپ باقمىغان، سىمئون — دېدىم مەن ھەيران بولغان ھالدا.

— ئەگەر راست گەپنى دېسەم، ئەمەلىيەتتە بىز قوشنىلى-رىمىزنىڭ ئىشىسىز قېلىش، ئاجرىشىپ كېتىش، ئاشنا ئويناش قاتارلىقلارغا ئوخشاش بەختسىزلىك ياكى باشقا ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلىغان ۋاقتىمىزدا، ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكى-دىن ئازدۇر ـ كۆپتۇر خۇشال بولىمىز. بىز پەقەت قوشنىلىرى-مىزنىڭ بەختىنى خۇددى ئۆز بەختىمىزنى ئويلىغانغا ئوخشاش ئويلىغاندىلا، ئاندىن ئۆز قوشنىلىرىمىزنى ھەقىقىي سۆيگەن بولۇپ ھېسابلىنىمىز.

بۇ ۋاقىتتا موناخلار ئارقا ـ ئارقىدىن موناستىرغا كىرىپ كەلدى ھەم ئورۇن تېپىپ ئولتۇرۇشتى.

ئەڭ ئاخىرىدا سىمئون موناخ سۆز قىلدى:

— ناھايىتى ياخشى يېرى، بىز بۇنىڭغا ئوخشاش ئىجابىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتىمىزدا، قەلبىمىزدىمۇ ئىجا-بىي ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلار بۇ خىل ھادى-سىنى «ئەمەلدە كۆرسىتىش» دەپ ئاتايدۇ. بىز بۇ خىل ھادى-

سىنى ئەتە سەھەردە مۇھاكىمە قىلايلى.
— بىز دەرسىمىزنى كۇچەپرەك ئۆتمىسەك بولمىدى! — دېدى سىمېئون موناخ بىزنىڭ بۇگۇن مۇھاكىمە قىلىدىغان تېمىمىز ساغلام مۇھىت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىملىقى. پەقەت ساغلام مۇھىتلا كىشىلەرنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدۈرەلەيدۇ. بىز بۇنىڭغا باغچا بەرپا قىلىشنى مىسال ئېلىپ باقايلى. ئەگەر بىز باغچىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى ياخشى ئۆسسىكەن دەپ ئويلايدىكەنمىز، ئۇ چاغدا چوقۇم ئۇلار ئۇچۇن ياخشى ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە تەبىئەت بىزگە بۇ نۇقتىنى ئاللىقاچان ئىسپاتلاپ بەردىغۇ دەيمەن. بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە قايسىڭلار گۇل ـ گىياھنى ياخشى كۆرسىلەر؟
— مەن ئارقا هويلامغا ناھايىتى چىرايلىق كىچىك بىر گۇللۇك بەرپا قىلدىم، — گۇل ـ گىياھلار بىلەن ھەپىلىشىۋاتقىنىمغا 20 يىلدىن ئاشتى. مەن دېگەن سىپىي ئۆزىدىن گۇل ـ گىياھ ئۆستۇرۇش ماھىرى.
— كىلىس، ئەگەر مەن گۇل ـ گىياھ ئۆستۇرۇشنى ئارزۇ قىلسام، سىز ماڭا بىر پارچە گۇللۇك بەرپا قىلىشنى ئۆگەتمەكچى بولسىڭىز، ئۇ چاغدا قانداق قىلىسىز؟
— بۇ ناھايىتى ئاسان! ئالدى بىلەن كۇن نۇرى چۇشىدىغان بىر پارچە يەرنى تاپىمەن. ئاندىن يەرنى چاناپ توپىسىنى ئۆرۈيمەن، ئۇرۇق سالىمەن، سۇغۇرىمەن، ئوغۇت بېرىمەن، زىيانداش ھاشارات ۋە ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىمەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىغا سەل قارىمايمەن.
— بولىدۇ، كىلىس، ئەگەر مەن پۈتۈنلەي سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىز بويىچە قىلسام، ئۇ چاغدا بۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟
— ئۆسۈملۈك بىخلاپ، ئۆسۈپ يېتىلىشكە باشلايدۇ، ئاندىن چېچەكلەپ مېۋە بېرىدۇ.

— ئەگەر، مېنىڭ تېرىغان ئۆسۈملۈكۈم مول مېۋە بەر-سە، — دېدى سىمپسون ئارقىدىنلا يەنە، — ئۇ چاغدا مەن بۇنى پۈتۈنلەي ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقىدىن بولدى دەپ بىلسەم بولام-دۇ؟

— بولىدۇ، — دېدى كلىس ناھايىتى تېزلا جاۋاب بې-رىپ، ئاندىن بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھىم... ئەمەلىيەتتە، ئۆسۈملۈكنىڭ مول مېۋە بېرىشى پۈتۈنلەي سىزگە باغلىقلا بولمايدۇ، لېكىن سىزنى پەقەت ئۇلار-نىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياردەم بەردى دېيىشكىلا بولىدۇ.

— توغرا جاۋاب بەردىڭىز، — دېدى سىمپسون موناخ، — ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ يېتىشتۈرۈش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. بۇنى پەقەت ياراتقۇچى ئىگىمىزلا قىلالايدۇ. پەقەت ياراتقۇچى ئىگىمىزلا تۇپراق ئاستىدىكى ئۇرۇقنى بىخلاندۇرۇپ ۋە ئۆستۈرۈپ، شاخ - يوپۇرماقلىرى بۈك - باراقسانلىق چوڭ دەرەخكە ئايلاندۇرالايدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە قىلالايدىغىنىمىز پە-قەت ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆسۈپ يېتىلىشىنى مۇۋاپىق مۇھىت بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەتلا بولىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش قائىدىنى ئىنسانلارغىمۇ تەتبىقلاشقا بولىدۇ. قېنى، قايسىڭلار بۇنىڭغا بىر مىسال ئېلىپ باقالايسىلەر؟

— مەن بولسام تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ ئاكو شېركىسى، — دېدى كىنگ، — شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە شۇنداق دېيەلەي-مەنكى، بوۋاق تېخى ئاپىسىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدىكى ئاشۇ توققۇز ئاي ۋاقىت ئىچىدە بالىياتقۇ مۇھىتىنىڭ ساغلام بولۇشى، يەنى بالىياتقۇ ئىچىدىكى مۇھىت - شارائىتنىڭ مۇكەممەل بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر بۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ چاغدا ھامىلىدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىش ياكى تۇغۇلغان بوۋاقتا ئېغىر دەرىجىدىكى قالدۇق كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈ-لۈشى مۇمكىن.



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا لې مۇنداق دەپ سۆز قىستۇردى:

— بالا تۇغۇلدىمۇ دەيلى، ساغلام مۇھىت ئۇلار ئۈچۈن يەنىلا ئىنتايىن مۇھىم. ئۇلار پەقەت ساغلام، مېھرى - مۇھەببەتكە تولغان مۇھىت بولغاندىلا ئاندىن ياخشى ئۆسۈپ يېتىلەيدۇ. مەن ئىلگىرى رومىنىيە مۇستەبىتى نىكولاي چېئوسېكو كەلتۈرۈپ چىقارغان يېتىم بالىلار ۋەقەسىگە ئائىت بىر پارچە خەۋەرنى كۆرگەن. ئۇ خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ يېڭىلا تۇغۇلغان بوۋاقلارنى يىغىۋېلىپ بېقىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن ھەم ئاز ساندىكى بىر قانچە ئادەملەرنىلا ئۇلارغا قاراشقا قويغان. بەزى ۋاقىتلاردا ھەتتە بۇ بوۋاقلارغا قاراشقا ئادەم چىقمىغان. سىلەر ئىلگىرى بۇ خەۋەرگە ئائىت رەسىمنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ سىلەر قايسىڭلار ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئاشۇ بالىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟

— بەلكىم ھەممىسى ئۆلگەندۇ، — دېدى كىنگ تۆۋەن ئاۋازدا جاۋاب بېرىپ.

— توغرا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىچارىلەرچە ئۆلگەن، — دېدى لې ھاياجانلانغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ.

كۆپچىلىك بىر ھازا سۈكۈتكە چۆمدى. ئاندىن لىزا سۆز قىلدى:

— مەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەكتەپ سىستېمىسىدا ئۇزۇن يىل خىزمەت قىلغان. بىز ئۇ يەردە كۆڭۈلسىز ئائىلىلەردىن كەلگەن بالىلارنى بىر قاراپلا تونۇۋالاتتۇق. ئەمەلىيەتتە جىنايەتچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ۋەيران بولغان ئائىلىلەردىن كېلىپ چىقىدۇ. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، پەقەت ياخشى تەلىم - تەربىيە ۋە ساغلام ئائىلە مۇھىتى بولغاندىلا، ئاندىن ساغلام جەمئىيەت مەيدانغا كېلىدۇ. مەن يەنە شۇنداق قارايمەنكى، جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل

www.uyghurkitap.com

قىلىشتا، ئىشنى توكلۇق ئورۇندۇق بىلەن جازالاشتىن ئەمەس، بەلكى بالىلارغا كىچىككىدىن باشلاپ تەلىم - تەربىيە بېرىشتىن باشلاش كېرەك. سىمېئون، ساغلام مۇھىت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىملىقى جەھەتتە، مەن سىزنىڭ كۆز قارىشىڭىزغا تامامەن قوشۇلىمەن. ئەمدى سىز بۇ ھەقتە يەنە سۆز قىلىپ ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

كىنگمۇ سۆز قىلىشقا باشلىدى:

— ئەمەلىيەتتە، بۇ قائىدىنى تېبابەتچىلىك ساھەسىگىمۇ تەتبىقلاشقا بولىدۇ. كۆپچىلىك ھەمىشە دوختۇر كېسەلنى داۋالاپ ساقايتتى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، تېبابەت ئىلمى قانچىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، سۇنغان سۆڭەكنى ياكى يارا ئېغىزىنى داۋالاپ ساقايتىش دوختۇرلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. تېبابەت ياكى دوختۇرلارنىڭ قىلالايدىغىنى پەقەت دورا ۋە داۋالاشقا تايىنىپ، بەدەننىڭ ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ ئەسلىي ھالىتىگە كېلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىشتىنلا ئىبارەت بولىدى.

— مەنمۇ بىر مىسال كەلتۈرەي، — دېدىم مەن مۇنازىرىگە قوشۇلۇپ، — مېنىڭ پسىخولوگىيە دوختۇرى بولغان ھېلىقى ئايالىم پسىخولوگىيە دوختۇرلىرىنىڭ بىمارلارنى دەۋالاپ ساقايتىشقا ئامالسىز ئىكەنلىكىنى كۆپ قېتىم ئېيتقان. ئۇنىڭ دېيىشىچە، كەسپىكە يېڭىلا قەدەم قويغان پسىخولوگىيە دوختۇرلىرى كۆپىنچە بىمارلارنى داۋالاپ ساقايتىش قولۇمدىن كېلىدۇ دەپ قارايدىكەن. لېكىن، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بولسا، ئۇلار بىمارلارنى داۋالاپ ساقايتىشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىدىكەن. بىر ياخشى پسىخولوگىيە دوختۇرىنىڭ قىلالايدىغىنى پەقەت بىمارلار ئۈچۈن ساغلام مۇھىت يارىتىپ بېرىش ۋە ئۇلار بىلەن كۆيۈنۈش، ھۆرمەتلەش، ئىشىنىش، ئېتىراپ قىلىش (مۇئەييەنلەشتۈرۈش) ۋە ۋەدە بې-

رىش قاتارلىقلار ئاساسىغا قۇرۇلغان ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن ئىبارەتلا بولىدىكەن. داۋالاشقا پايدىلىق بولغان ھەم كىشىگە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بېرىدىغان مۇھىت يارىتىلغان ھامان، ئاشۇ مۇھىت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بىمار ئۆزىنىڭ پسىخىك مەسىلىلىرىنى ئۆزى ھەل قىلىشقا باشلايدىكەن.

— ۋاھ! سىلەر ئاجايىپ ئېسىل مىساللارنى سۆزلىدىڭلار! — دېدى سىبىئون موناخ ھەممىمىزنى ماختاپ، — مېنىڭچە سىلەر ساغلام مۇھىت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتىڭلارغۇ دەيمەن. ساغلام مۇھىت ھاياتلىقنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، بولۇپمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق. ھېس قىلىشىمچە گۈللۈك بەرپا قىلىش مىسالىنى ئائىلە، شىركەت، ئارمىيە، توپ كوماندىسى، ئىجتىمائىي رايون ۋە موناستىر قاتارلىقلارغا ئوخشاش بىزنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىمىزگە ئېھتىياجلىق بولغان ھەر خىل ئورۇنلارغا تەتبىقلاشقا بولىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتساق، بىزنىڭ تەسىر كۈچىمىز چېتىلىدىغان دائىرە بەئەينى بىزنىڭ كۆڭۈل قويۇپ، ئايرىشىمىز زۆرۈر بولغان گۈللۈككىلا ئوخشايدۇ. كۆپچىلىك، سىلەرمۇ بىلىسىلەر، گۈللۈككە قاراشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، مەن دائىم ئۆز - ئۆزۈمدىن ‹مېنىڭ گۈللۈكۈم مېنىڭ نېمە قىلىپ بېرىشىمگە موھتاج؟ ئۇ مېنىڭ ئۇنى ئوغۇتلىشىمغا، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشۈمگە، ئۇنى ماختىشىمغا ئۇنى ئېتىراپ قىلىشىمغا موھتاجمۇ؟ مەن ئۇنىڭ ئۇچۇن ياۋا ئوت - چۆپ ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىشىم كېرەكمۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى سورايمەن›، سىلەرمۇ بىلىسىلەر، ئەگەر ياۋا ئوت - چۆپ ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ خالىغانچە يامراپ كېتىشىگە يول قويساق، ئۇ چاغدا گۈللۈك زىيانغا ئۇچراپ ۋەيران بولىدۇ. گۈللۈك بىزنىڭ دائىم كۆڭۈل قويۇپ قارىشىمىزغا ئېھتىياجلىق. لېكىن، بىز پەقەت ياخشى كۆڭۈل بۆلىدىغانلا بولساق،

گۈللۈك گەپ يوق ناھايىتى تېزلا بۈك - باراقسانلىقتا ئايلىنىپ، چېچەكلەش ۋە مېۋە بېرىش ھالىتىگە ئۆتىدۇ.

— بۇغۇ شۇنداقتۇ، لېكىن قانچە ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىغاندا، ئاندىن چېچەكلەپ مېۋىگە كىرىش ھالىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ؟ — سورىدى كلىس.

— ناھايىتى ئەپسۇس، كلىس، ئەمەلىيەتتە كۆپلىگەن رەھبەرلەر ساقلاشقا قىلچە تاقەت قىلالمايدۇ - دە، تېخى ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرمەستىنلا، قىلىۋاتقان ئىشىدىن سەۋرسىزلىك بىلەن ۋاز كېچىدۇ! ھەممە ئادەم ئىشنىڭ نەتىجىسىنى بالدۇرراق كۆرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن، ئۇلار نەتىجىنىڭ پەقەت پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندىلا ئاندىن ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭدىن ۋەدىگە ئەمەل قىلىش ۋە ئىشنى ئاخىرغىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنىمۇ كۆرۈپ يېتىشكە بولىدۇ. رەھبەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ۋەدىگە ئەمەل قىلىش ۋە ئىشنى ئاخىرغىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كەم بولسا بولمايدىغان خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئويلاپ بېقىڭلار، ئەگەر بىر دېھقان يەنە بىر قېتىم ئوشۇق ھوسۇل ئېلىشنى كۆزلەپ، كۈز ئاخىرىدا يەرنى يەنە بىر قېتىم تېرىسا ھەم قىشلىق قار چۈشۈشنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ھوسۇلىنى يىغىۋېلىش ئۈمىدىدە بولسا، سىلەرچە ئۇ دېھقاننىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشى مۇمكىنمۇ؟ گەرچە يەر تېرىغاندىن كېيىن ھوسۇل ئېلىش مۇقەررەر بولسىمۇ، لېكىن ھوسۇل ئېلىش ۋاقتىنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئېنىق ۋە توغرا ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.

— مېۋىنىڭ قاچان پىشىپ يېتىلىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان يەنە بىر مۇھىم ئامىل بولسا، بىزنىڭ «ئادەمگەرچىلىك ئامانىتى» گە قانچىلىك ئامانەت قويغانلىقىمىزغا باغلىق، — دېدى كىنىگ.

— ئادەمگەرچىلىك ئامانىتى؟ بۇ نېمىدېگەن گەپ ئەمدى؟

— دەرھال سورىدى لې.

— بۇ سۆز سىستېخېن كوۋېينىڭ «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش شەرتنامىسى» دېگەن بازىرى ئىتتىك كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مېنىڭچە كۆپچىلىك ھەممىڭلارنىڭ بانكا ھېساب نومۇرىڭلار بارغۇ دەيمەن. بىز دەل ئاشۇ بانكا ھېساب نومۇرىغا پۇل ئامانەت قويىمىز ۋە ئۇنىڭدىن پۇل ئالىمىز ۋە (چىقىمىمىزنىڭ كىرىمىمىزدىن ئېشىپ كېتىشىنى مەڭگۈ ئۇمىد قىلمايمىز). «ئادەمگەرچىلىك ئامانىتى» دېگەن سۆز بولسا، ئاشۇ بانكا ئامانىتىنى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە تەتبىقلاشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كوۋېي بۇ ئارقىلىق بىزگە بىزنىڭ ئۆز ئەتراپىمىزدىكى ئۆزىمىز رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئادەملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مۇھىم شەخسلەر بىلەن ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمىزنىڭ مۇھىملىقىنى ئېيتىدۇ. مەسىلەن، بىز باشقا بىر ئادەم بىلەن يېڭىلا تونۇشقان چاغدا، ئۇنىڭ بىلەن تېخى پىششىق تونۇشۇپ كېتەلمىگەچكە، بىزنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا ئاچقان ئادەمگەرچىلىك ئامانىتىمىز يەنىلا قۇپقۇرۇق بولىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان تونۇشلۇقىمىزنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بىزنىڭ ئۇ ئادەمگەرچىلىك ئامانىتىمىزگە قويىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئالىدىغان ھېساباتىمىز تەدرىجىي كۆپىيىشكە باشلايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ بىزنىڭ قارشى تەرەپكە نېمە قىلىپ بەرگەنلىكىمىز تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بىز كىشىلەرگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلاردىن ماختاش ۋە ئېتىراپ قىلىش سۆزلىرىنى ئايىمىساق، ئاغزىمىزدىن چىققانىنى چوقۇم ئەمەلىيىتىمىزدە كۆرسەتسەك، باشقىلارنىڭ گېپىنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشاپ، باشقىلارنىڭ كەينىدىن ئېگىز - پەس گەپلەرنى قىلمىساق ۋە ئاغزىمىزدىن ھەمىشە مەرھەمەت، رەھمەت، كەچۈرۈڭ دېگەنگە ئوخشاش

گەپلەرنى چۈشۈرمىسەك، ئۇ چاغدا بىز ئادەمگەرچىلىك ئامانىتىمىزگە ئازدۇر - كۆپتۇر ھېسسىيات ئامانىتى قويغان بولىمىز. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە ، باشقىلارغا رەزىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلساق، دېگەن گېپىمىزدە تۇرمىساق، ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن سۆز - چۆچەك قىلىپ يۈرسەك ۋە ئۆزىمىزنى چوڭ چاغلاپ باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشنى خالىمىساق، ئۇ چاغدا بۇ ئادەمگەرچىلىك ئامانىتى ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قېلىشى مۇمكىن.

— تۈنۈگۈن چۈشلۈك ئارام ئېلىش ۋاقتىدا مەن ئاشنامغا تېلېفون قىلغانىدىم. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ تېلېفوندىن مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپلا دەرھال تېلېفوننى قويۇۋەتتى. بۇ مېنىڭ ئادەمگەرچىلىك ئامانىتىمدىن ئالدىقاچان چاتاق چىققانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ - قانداق؟ — دەپ سورىدى پائۇل.

— دەل شۇنداق، پائۇل، — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ،

— ئەمەلىيەتتە، مەنمۇ ئادەمگەرچىلىك ئامانىتىمدىن چاتاق چىقىشقا ئارانلا قالغان ئادەم. بىزنىڭ زاۋۇتتا ئالدىنقى قېتىم يۈز بەرگەن ئىشچىلار ھەرىكىتى ۋەقەسى ئەمەلىيەتتە دەل مېنىڭ ئادەمگەرچىلىك ئامانىتىمدە قىزىل رەقەم كۆرۈلگەنلىكىنى بىلدۈرسە كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىنگ، سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز، بىزنىڭ ئالدىراپ نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىكىمىزدىكى ئاساسىي سەۋەب، بىزنىڭ ئادەمگەرچىلىك ئامانىتىمىزدىكى ساپ ئىشەنچنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، توغرىمۇ؟

— بىز ئالدىقاچان مۇناسىۋەت قىلىشقا باشلىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنداق دېيىش ھەقىقەتەن توغرا. بىراق، بىز يېڭىلا تونۇشقان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىزنىڭ يەنە ئالدى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

— كىنگ، سىزنىڭ مۇشۇنداق ياخشى ئوخشىتىشىنى ئوتتۇ-

تۇرىغا قويغىنىڭىزغا رەھمەت، — دېدى سمىئون موناخ، — ئەمەلىيەتتە ئادەمگەرچىلىك ئامانىتى ئۇقۇمى بىزگە يەنە ئەگەر بىر ئادەمنى ماختاشقا توغرا كەلسە، ئۇنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئاشكارا ماختاش، لېكىن ئەيىبلەشكە توغرا كەلسە، ئۇنى خۇپىيانە ئەيىبلىشىمىز كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قېنى كىم نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟

لىزا ئالدى بىلەن سۆز قىلدى:

— ئەگەر، بىز مەلۇم بىر ئادەمنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئاشكارا ئەيىبلىسەك، ئۇ چاغدا بۇ بىزنىڭ شۇ ئادەمنى كۆپچىلىك ئالدىدا نومۇسقا قالدۇرغانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق قىلىش شۇ ئادەمنىڭ ھېسسىياتىغا ئىنتايىن زەربە بولىدىغان بىر ئىش بولۇپ، بۇ بەئەينى شۇ ئادەمگە قارىتا ئېچىلغان ئادەمگەرچىلىك ئامانىتىدىن بىر كاللەك ھېسسىيات ئامانىتىنى ئالغانغا ئوخشايدۇ. لېكىن، بۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆپ قىسىم كىشىلەر بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى كۆرۈپ قېلىشتىن ئىنتايىن قورقىدۇ. ئەگەر بىز مەلۇم بىر ئادەمنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئاشكارا ئەيىبلىسەك، ئۇ چاغدا كۆپچىلىك ئۆز كۆڭۈللىرىدە ‹بۇنداق كۈن مېنىڭ بېشىمغىمۇ ھامان بىر كۈنى كەلگۈدەك› دەپ ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئۇلارنىڭ ئادەمگەرچىلىك ئامانىتىدىنمۇ بىر كاللەك ھېسسىيات ئامانىتىنى سۇغۇرۇۋالغان بولىمىز. شۇڭا، ئەگەر سىز ئادەمگەرچىلىك ئامانىتىدىن بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچە كاللەك ھېسسىيات ئامانىتى ئالماقچى بولسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز مەلۇم بىر ئادەمنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئوچۇق - ئاشكارا ئەيىبلەپ قويسىڭىزلا كۇپايە.

كلىس ئۇنىڭغا دەرھال ئىنكاس قايتۇردى:

— ئوخشاش قائىدە بويىچە، ئەگەر بىز مەلۇم بىر ئادەمنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئوچۇق - ئاشكارا ماختىساق ۋە ئېتىراپ

قىلساق ئۇ چاغدا بۇ بىزنىڭ ئادەمگەرچىلىك ئامانىتىمىزگە ھېس-
سىيات ئامانىتى قويغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق قىلىش
ئارقىلىق، بىز پەقەت ئۆزىمىز كۆپچىلىك ئالدىدا تەرتىپلىگەن
ئاشۇ ئادەمنىڭ ئادەمگەرچىلىك ئامانىتىگە بىر كاللەك ھېسسى-
يات ئامانىتى قويۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە نەق مەيداندا كۆز-
تىپ تۇرغان ئاشۇ كۆپچىلىكنىڭ ئادەمگەرچىلىك ئامانىتىگىمۇ
بىر كاللەك ھېسسىيات ئامانىتى قويالايمىز. سىمېئون، بىز
سىزنىڭ ئىلگىرى ئېيتقان گېپىڭىزگە ئاساسلانغاندا، كۆپچىلىك
ھەمىشە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىشىپ، ئۆز رەھبىرىنىڭ قانداق
ئىش قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرىدۇ!

— دېگەنلىرىڭىز پۈتۈنلەي توغرا، كلىس، رەھبەر بولغۇ-
چىلارنىڭ بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرى مەلۇم نەرسىدىن دېرەك
بېرىدۇ، — دېدى سىمېئون موناخ جاۋاب بېرىپ، — مەن ئىلگى-
رى ناھايىتى قىزىقارلىق بىر پارچە تەكشۈرۈش ماقالىسىنى
كۆرگەن. ئۇ ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، كىشىلەر ھەمىشە ئۆز-
لىرىنى بەك ئۈستۈن مۆلچەرلىۋېلىپ، باشقىلارنىڭ ئادەمگەرچى-
لىك ئامانىتىدىكى ھېسسىيات ئامانىتىنى قۇرۇقداپ قويىدىكەن.
بۇنداق قىلىشنىڭ بەدىلى تولىمۇ يۇقىرى بولىدىكەن. مەن بىر
ئازدىن كېيىن قايتقاندا ئاشۇ ماقالىنى ئىزدەپ باقاي. ئەگەر
تاپالىسام ئۇنى چۈشتىن كېيىنكى دەرسكە ئالغاچ كېلىپ سىلەر-
گە كۆرسىتەي!

چۈش ۋاقتى، ھاۋا ئىنتايىن ساپ بولۇپ، مەن تىك قىيا
يېنىدىكى چىغىر يولنى بويلاپ كۆل بويىغا بارماقچى بولدۇم.
ھاۋا ئوچۇق ھەم ئادەمگە يېقىشلىق بولۇپ، كۆل يۈزىنى سەل-
كىن شامال سىيپاپ ئۆتەتتى. گەرچە بۇ مەن ئەڭ ياخشى كۆرى-
دىغان كۈن بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ پەيتتە ھېسسىياتىم شىددەت-
لىك دولقۇنلاپ، مېنىڭ بۇلاردىن ھوزۇرلىنىشىمغا پۇرسەت
بەرمەيتتى.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆگىنىش نەتىجەمنىڭ ئىنتايىن ياخشى بولغىنىدىن ناھايىتى خۇشال ئىدىم ھەم قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆزۈم ئۆگەنگەن ئاشۇ قائىدىلەرنى ئۆز ئەمەلىيىتىمگە تەتبىقلاشقا ئالدىرايتتىم. لېكىن، ھەر قېتىم ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى ھەرىكەتلىرىم ۋە كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇللىرىمنى ئويلىغىنىمدا، بۇلاردىن پۇشايمان، ھەتتا نومۇس ھېس قىلاتتىم. مەن ئىلگىرى ھەقىقەتەن بىر يارامسىز خوجايىن، يارامسىز ئەر، يارامسىز دادا ۋە يارامسىز ترېنېر ئىدىم!

ھەي… مەن قانچە ئويلىغانسېرى، كەيپىياتىم شۇنچە تۆۋەنلەپ كېتىۋاتاتتى!

سائەت ئىككى بولغان ھامان، سمېئون موناخ خۇشال ھالدا گەپ باشلىدى:

— مەن ھېلىقى ماقالىنى تاپتىم، ئۇ «بۇگۈنكى پسىخولوگىيە» دېگەن ژۇرنالنىڭ مۇشۇ قېتىملىق سانىغا بېسىلغانىكەن. بۇ ماقالە ناھايىتى قىزىقارلىق! بۇ ماقالىنى يازغان ھەرىكەت پسىخولوگىيىسى تەتقىقاتچىسىنىڭ قارىشىچە، ئىجابىي ھەرىكەت بىلەن سەلبىي ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈمى ئۆزئارا تەڭ بولمايدىكەن. بۇنى ‹كىرىم ۋە چىقىم› ئۇسۇلى بويىچە چۈشەندۈرسەك، ئەگەر سىز مەلۇم ئادەمنىڭ ئادەمگەرچىلىك ئامانىتىدىن بىر كاللەك ھېسسىيات ئامانىتى ئالغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا بۇنى ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سىزنىڭ ئۇنىڭغا تۆت كاللەك ھېسسىيات ئامانىتى قويۇشىڭىزغا توغرا كېلىدىكەن. دېمەك، ئىجتىمائىي ھەرىكەت بىلەن سەلبىي ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈم نىسبىتى بىردە تۆت (4 : 1) بولىدىكەن.

— مەن بۇ قاراشقا مۇتلەق ئىشىنىمەن، — دېدى لي، — ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مېنىڭ ئايالىم گەرچە ھەمىشە ئۆزىنىڭ مېنى سۆيىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرسىمۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭ بولتۇر ئەتىيازدا مېنى سەمرىپ كېتىپسىز دەپ زاڭلىق

قىلغانلىقىنى ھازىرغا قەدەر ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم ئەمەسمۇ!

— مەن ئايالىڭىزنىڭ كۆز قارىشىغا تامامەن قوشۇلىمەن باستېر ئەپەندى! — دېدى پائۇل پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لېۋىنى مازاق قىلىپ.

— ھەقىقەتەن شۇنداق لې، — دېدى سىمپئون موناخ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — گەرچە بىز كۆرۈنۈشتە ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالساقمۇ، لېكىن كۆڭلىمىزدە بولسا ئىنتايىن زىل ۋە سەزگۈر كېلىمىز. بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مەزكۇر ماقالىدە كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قانداق قارايدىغانلىقى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق تەكشۈرۈش دوكلاتى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: زىيارەت قىلىنغۇچى كىشىلەرنىڭ 85%ى ئۆزلىرىنى ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن يۇقىرى ئورۇندا دەپ قارايدىكەن. «باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈش ئىقتىدارى» غا نىسبەتەن، بارلىق زىيارەت قىلىنغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى ئالدىنقى 50% كىشىلەر قاتارىدا، 60% زىيارەت قىلىنغۇچى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى ئالدىنقى 10% كىشىلەر قاتارىدا؛ 25% زىيارەت قىلىنغۇچى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى ئالدىنقى 1% كىشىلەر قاتارىدا دەپ قارايدىكەن. «رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارى» غا نىسبەتەن بولسا، 70% زىيارەت قىلىنغۇچى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى ئالدىنقى 25% كىشىلەر قاتارىدا دەپ قارىسا، پەقەت 2% زىيارەت قىلىنغۇچىلارلا ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن تۆۋەن دەپ قارايدىكەن. بۇ تەكشۈرۈشتە يەنە ئەرلەرگە قارىتا «باشقا ئەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆزىڭىزنىڭ بەدەن ئىقتىدارىڭىز قانداق؟» دېگەن سوئال ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇنىڭغا قارىتا 60% زىيارەت قىلىنغۇچى ئەر ئۆزلىرىنىڭ بەدەن ئىقتىدارىنى ئالدىنقى 25% ئەرلەر قاتارىدا دەپ قارىسا، پەقەت 6% ئەرلا ئۆزلىرىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئوتتۇ-

رىچە سەۋىيىدىن تۆۋەن دەپ ئېتىراپ قىلىدىكەن.
— سىز زادى نېمە دېمەكچى؟ — سورىدى پائۇل تاقەت قىلالماي.
— ئەگەر، مېنىڭ پەرىزىم خاتا بولمىسا پائۇل، — دېدى كلىس ئاۋۋال جاۋاب بېرىپ، — سىمېئون دېمەكچىمكى، ئادەتتىن-كى كىشىلەر ھەمىشە ئۆزلىرىنى يۇقىرى مۆلچەرلىۋالىدۇ. شۇ-نىڭ ئۇچۇن، بىز باشقىلارنىڭ ئادەمگەرچىلىك ئامانىتىدىن ھېسسىيات ئامانىتى ئالغان ۋاقتىمىزدا ئالاھىدە ئېھتىياتچان بولۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، بۇنداق قىلىشنىڭ بەدىلى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.
— باشقىلار بىلەن ئىشەنچ مۇناسىۋىتى تۇرغۇزۇشنى مە-سال ئالساق، — دېدى سىمېئون موناخ ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا، — بىز بەلكىم بىر قانچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىش ئارقىلىقلا ئاندىن باشقىلار بىلەن ئۆزئارا ئىشىنىش مۇناسىۋىتى تۇرغۇزۇ-شىمىز مۇمكىن. لېكىن، بۇ بەلكىم يەنە پەقەت بىر مەھەللىك بىپەرۋالىق سەۋەبىدىنلا پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ كېتىشىمۇ مۇم-كىن.
— ۋاي خۇدايىمەي! سىز يەنە شۇنداق سۆزلىگىلى تۇردى-ڭىزغۇ، — دېدى پائۇل بىلىپ - بىلمەي ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، — بىز بۇ يەردە خاتىرجەم ئولتۇرۇۋېلىپ، ھە دەپ رېئاللىقتا ماس كەلمەيدىغان غايىۋى نەزەرىيىلەرنى چوڭ سۆزلە-گىنىمىز بىلەن، بىزنىڭ يەنىلا ئەمەلىي دۇنياغا قايتىشىمىزغا يەنىلا پەقەت ھوقۇق سۆزلەشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، نوپۇز، تەتۈر پرامىدا شەكىللىك رەسىم، سۆيۈش، ھۆرمەتلەش ۋە ئا-دەمگەرچىلىك ئامانىتى دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئەسلا چۈ-شەنمەيدىغان ئاشۇ ئوفىتسېر، ئەمەلدارلار بىلەن ئۇچرىشىشى-مىزغا توغرا كېلىدۇ! قېنى، سىز ئېيتىپ بېقىڭا، ئەگەر سىز مۇشۇنداق كالۋالار بىلەن بىللە خىزمەت قىلىپ قالسىڭىز، ئۇ

www.uyghurkitap.com

چاغدا سىز قانداق قىلاتتىڭىز؟

— بۇ ھەقىقەتەن ياخشى سوئال بولدى پائۇل، — دېدى سىمېئون موناخ كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىز پۈتۈنلەي توغرا ئېيتتىڭىز، ھوقۇقىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەر كۆچلۈك نوپۇزغا ئىگە بىرەر كىشىگە يولۇقۇپ قالغان ھامان ھەمىشە تەھدىتكە ئۇچراۋاتقاندەك ھېس قىلىشىدۇ. ئۇلار بۇ خىل ھالەتتىن ھەقىقەتەن بىئاراملىق ھېس قىلىشىدۇ، ھەتتا كۈچلۈك نوپۇزغا ئىگە ئاشۇ كىشىلەرنى بىلىق ئورنىدا تۇرۇپ يەۋېتىش خىيالىدا بولۇشىدۇ! لېكىن، ئەسلىي گېپىمىزگە كەلسەك، باشقىلار بىزنى سۆيۈشنى ۋە ھۆرمەتلەشنى خالىمىغان تەقدىردىمۇ، بىز يەنىلا ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشاق بولىۋېرىدۇ - دە.

— ناھايىتى ئەپسۇس، سىز مېنىڭ باشلىقىمنى كۆرۈپ باقمىدىڭىز - دە! — دېدى پائۇل ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىدا يەنىلا چىڭ تۇرۇپ.

سىمېئون موناخمۇ بوش كەلمىدى:

— ئىلگىرى مەن سودا ساھەسىدە چېپىپ يۈرگەن ۋاقتىلىرىمدا ھەمىشە باشقۇرۇلۇش ياخشى بولمىغان، كۆپ مەسىلە چىقىدىغان شىركەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋالاتتىم. ئاندىن ئۇلارنىڭ زىيىنىنى پايدىغا ئايلاندۇرۇپ، تەدرىجىي ھالدا تەرەققىيات يولىغا ماڭغۇزاتتىم. مەن ھەر قېتىم يېڭى بىر شىركەتنى ئۆتكۈزۈۋالغان ۋاقتىمدا، مېنىڭ ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىشىم شۇ شىركەتتىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، شىركەتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ باقاتتىم. مەن بۇلۇمىمۇ بۆلۈم، تارماقمۇ تارماق بويىچە تەكشۈرۈپ مەسىلىنىڭ ھەقىقىي تۈگۈنىنى تېپىپ چىقاتتىم. نەتىجىدە، مەن شۇنى بايقىدىمكى، ئەھۋالى ھەرقانچە ئېغىر، تەكشۈرۈش نەتىجىسى ھەرقانچە ئۇسال بولغان شىركەتلەردىمۇ ئىپادىسى خېلىلا ياخشى بولغان بىر قىسىم تارماقلار بولىدىكەن. بۇ تارماقلار

ئەينى بوران ـ چاپقۇنلۇق دېڭىزدىكى تېپتىنچ مەزمۇت ئاراللارغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن، يۆتكەش ـ توشۇشقا مەسئۇل 3 ـ گۇرۇپ-پىنىڭ ئىپادىسى ئىنتايىن ياخشى، مال سېتىشقا مەسئۇل 2 ـ گۇرۇپپىنىڭ ئىپادىسى ئىنتايىن ياخشى، كومپيۇتېرلارنى رېمونت قىلىشقا مەسئۇل 1 ـ گۇرۇپپىنىڭ ئىپادىسى ئىنتايىن ياخشى، دېگەنلەرگە ئوخشاش... ئارقىسىدىنلا مەن بۇ بىر قىسىم تارماقلارنىڭ ئىپادىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ياخشى بولىدى-غانلىقىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا تەكشۈرۈپ كۆرەتتىم. قېنى، سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلار، بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب زادى قەيەر-دە؟

— رەھبەر بولغۇچىدا، — دېدى كىنگ جاۋاب بېرىپ.

— توغرا جاۋاب بەردىڭىز، كىنگ، ئاشۇ چاغلاردا مەن، ھەتتا ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ قالايمىقان، مەسىلىلەر ئەڭ كۆپ بولغان مۇھىت ئىچىدىمۇ ئۆز خىزمىتىگە سادىق بىر قىسىم رەھبەرلەرنى (باشقۇرغۇچىلارنى) ئۇچرىتالايتتىم. ئۇلار ئۆزى-نىڭ خىزمەت دائىرىسى ئىچىدە ئۆز تەسىر كۈچىنى كۆرسى-تىپ، ئاز ـ تولا نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشكەنىدى. گەرچە ئۇلار ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز بولسىمۇ، لېكىن ھەر كۈنى دېگۈدەك، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ خىزمەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە ئۇلارنى بەلگىلەنگەن ۋەزىپىنى تاماملاشقا يېتەكلىشەتتى. ئۇلار بەئەينى كېمىدىكى ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمەيدىغان، لېكىن ئۇن ـ تىنسىز كېمە ھەيدەيدىغان پالاقچىلارغا ئوخشايتتى.

— سىزنىڭ ئۇلارنى كېمە پالاقچىلىرىغا ئوخشاتقىنىڭىز تولىمۇ جايىدا بولدى! سىمېئون، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، — ئىلگىرى مەلۇم بىر خىزمەتچى ماڭا بارلىق خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنىڭ خۇددى «بېنخۇر» دېگەن كىنو فىلىمىدىكى بىچارە پېرسوناژ چېلتون.

خىلستونغا ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىدىغانلىقىنى ئېيتقا-
نىدى. كۆپچىلىك، بەلكىم سىلەرمۇ بۇ كىنونى فىلمىنى كۆرگەن-
سىلەر. ئۇ كىنودا پېرسوناژ چېلتون. خىلستون يىل بويى
كېمە پالىقى يېنىغا كويزا - ئىشكەل بىلەن باغلاپ قويۇلۇپ،
پالاق ئۇرۇشقا سېلىنىدۇ! ئۇ ئەتىدىن - كەچكىچە كېمىنىڭ
ئىچىدە سولىنىپ ئولتۇرغاچقا، سىرتتىن ئاڭلىنىۋاتقان يامغۇر،
بوران - چاپقۇن ۋە كېمىلەرنىڭ ئۆزئارا سوقۇلغان ئاۋازىدىن
باشقا ئاۋازنى قەتئىي ئاڭلىمايدۇ. پالوبىغا چىقىپ يېڭى، ساپ
ھاۋادىن نەپەسلىنىش ھوقۇقىغا ھەرگىز ئېرىشەلمەيدۇ. شۇ كې-
مە ئىچىدە باشقىلارنىڭ ئوخشاش رىتىمدا پالاق ئۇرۇشىغا تەڭ-
كەش قىلىپ دۇمباق چالىدىغان پۇتۇن بەدىنىدىن تەر قۇيۇلۇپ
تۇرىدىغان يەنە بىر كۇچتۇڭگۇر ئادەم بار. مېنىڭ ھېلىقى خىز-
مەتچىمىنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، بۇ ئۇلارنىڭ ھەقىقىي تەسىراتى
ئىكەن، يەنى ئۇلارنىڭ ھېس قىلىشىچە، ئۇلار خۇددى ئاشۇ
كىنودىكى چېلتون. خىلستونغا ئوخشاش ئەتىدىن - كەچكىچە
پەقەت كېمىنىڭ ئىچىدىلا يۈرۈپ، جېنىنىڭ بارىچە ئىشلەيدى-
كەن. لېكىن، پالوبا ئۈستىگە چىقىشقا ئەزەلدىن رۇخسەت قى-
لىنمايدىكەن. ئۇلار ھەتتا كېمە ئۈستىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى
بىلىپ بېقىشقىمۇ ئامالسىز ئىكەن. ئەگەر بىرەر كۈنى كاپىتان
ئەپەندىمنىڭ قىزىپ كېتىپ، دىڭىز يۈزىدە «سۇ تېيىلماقچى»
بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ھېلىقى كۇچتۇڭگۇر دۇمباق ئۇرۇش
رىتىمىنى دەرھال تېزلىتىپ، ئۇلارنى پالاق ئۇرۇش سۈرئىتىنى
يۇقىرى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدىكەن. ئاۋاد! كېمە بوران -
چاپقۇنغا يولۇقۇپ قالغۇدەك بولسا، كاپىتاننىڭ كېمە ئېغىرلىقى-
نى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن بىر قانچە پالاقچىنى دىڭىزغا تاشلىۋې-
تىشكە بۇيرۇق بەرمەيدۇ، دېگىلىمۇ بولمايدىكەن! بۇ ئىشلارنى
ئويلىسا، ئادەمنىڭ يۈرىكى ھەقىقەتەن ئېچىشىدۇ!
— مەن ئىلگىرى خىزمەت قىلىدىغان ۋاقىتلىرىمدا ئىش-



www.uyghurkitap.com

لەتكەن ئىستاكاننىڭ ئۇستىگە، ــ دېدى لې، ــ تۆۋەندىكىدەك خەتلەر بېسىلغانىدى:

مەن تۇتالماسمەن كېمە رولىنى،
ھەم چالماسمەن بەلگە بۇرغىسىنى.
كېمە ماڭدى قايسى نىشانغا،
بەندە يوقتۇر بىلىش ھوقۇقى.
چىقالماسمەن پالوبىغا مەن،
داڭ ئۇرۇشتىن يىراقتۇرمەن ھەم.
لېكىن، كېمە بولسا دېڭىزغا غەرق،
قويىمەن ئۆلۈمگە تۇنجى بوپ قەدەم!

ــ بۇ قالتىس شېئىركەن! ــ دەپ توۋلاپ كەتتىم مەن ھاياجىنىمنى باسالماستىن، ــ مەنمۇ چوقۇم شۇنىڭغا ئوخشاش ئىستاكاندىن بىرنى سېتىۋالىمەن! لېكىن سىمپئون، گەرچە مەن بىز مۇنازىرە قىلغان ئاشۇ قائىدىلەرگە ئاساسەن ئىش قىلىش قارارىغا كەلگەن تەقدىردىمۇ، لېكىن قول ئاستىمدىكى 40 نەپەر باشقۇرغۇچى خادىم ئۇنداق قىلماسلىقى مۇمكىن. مەن ئۇلارغا تايانماي تۇرۇپ، بىر مۇكەممەل مۇھىت بەرپا قىلىشقا ئامالسىزمەن. شۇڭا، مەن قانداق قىلسام ئاندىن ئۇلارنى مېنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغۇزالايمەن؟

ــ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەڭ، ــ دېدى سىمپئون موناخ ناھايىتى تېزلا جاۋاب بېرىپ، ــ جون، سىز بىر رەھبەر بولغان ئىكەنسىز، چوقۇم ئۆز تەسىر كۆچىڭىز چېتىلىدىغان دائىرىدىكى مۇھىتقا مەسئۇل بولۇشىڭىز ھەم ئۆز مەسئۇلىيىتىڭىزنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشىڭىز كېرەك. شۇڭا، سىز قول ئاستىڭىزدىكىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەش ھوقۇقىغا ئىگە.

ــ «قول ئاستىڭىزدىكىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەڭ» دېگىنىڭىز نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ــ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن، ــ بىز قانداقسىگە باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىن-

www.uyghurkitap.com

لىيەلەيمىز؟

— ئەجىبا، سىلەرنىڭ زاۋۇتىڭلاردا ھەممە ئادەمنىڭ رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان بەلگىلىمىلەر ياكى پروگراممىلار يوقمۇ؟ سىز زاۋۇتىڭىزلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بىخە- تەرلىك ئۇسكۇنىلىرىنى قانداق ئىشلىتىش، ئۆز ۋاقتىدا خىز- مەتكە كېلىش ۋە خىزمەت تەلەپلىرىگە رىئايە قىلىش قاتارلىقلار- نى ئۆگەتمەمسىز؟ ئۆتۈنۈپ قالاي، سىز بىلەن مەن ھەر ئىككى- مىز ئوخشاشلا باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلىگۈچىلەر ھې- سابلىنىمىزغۇ؟

— گەرچە، مەن كۆڭلۈمدە ئانچە خالىمىساممۇ، لېكىن مەن يەنىلا پائۇلىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ناھايىتى ئورۇنلۇق ئىكەن- لىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەگەر خېرىدارلارغا مۇلازىمەت قىلىدىغان بىرەر خىزمەتچى قاپ يۈرەك- لىك قىلىپ، خېرىدارلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويغۇدەك بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ خىزمەتچى چوقۇم ئۆز ئۆيىگە قايتىپ ئوچې- قىغا ئوت قالاشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇنى مۇنداقچە ئېيتسام، ئەگەر بىرەر خىزمەتچى شىركەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىل- مىسا، ئۇ چاغدا ئۇ كوچە - كوچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆز ماكانىغا قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. دېمەك، بىز ھەمىشە دېگۈ- دەك، خىزمەتچىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى تىزگىنلەپ، ئۇلارنى خىزمەت ئۆلچىمىگە يېتىشكە يېتەكلەيدىكەنمىز. مەن مۇشۇ گەپ- لەرنى ئويلاۋېتىپ، توساتتىن خىزمەتچىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەشكە دائىر مۇنداق بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى.

— مېنىڭ دادام، — دېدىم مەن سۆز باشلاپ، — ئىلگى- رى فورت ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ دېئاربورنغا جايلاشقان قۇ- راشتۇرۇش زاۋۇتىدا بىرىنچى لىنىيىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى 30 يىلدىن كۆپرەك ئۆتىگەنىكەن. 70 - يىللارنىڭ باشلىرىدا بولسا كېرەك، مەلۇم بىر ھەپتە ئاخىرىدا ئەتىگەنلىكى

مەن دادام بىلەن ئۇ زاۋۇتقا ئىشلىگىلى بىللە باردىم، لېكىن بىر سائەت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئۇ يەردىن بىزار بولۇپ، شۇ مەيدان-نىڭ ئۆزىدىلا ياخشى ئوقۇپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش قارارىغا كەلدىم. سىلەرگە دېسەم، ئۇ قۇراشتۇرۇش زاۋۇتى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ياۋايىلار ۋەتىنىگە ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ئۇ يەردىكى ھەممە ئادەملەر ئاغزىدىن سېسىق گەپلەرنى چىقىرى-شىپ، توختىماي ۋارقىراپ ـ جارقىرىشاتتى! بۇ خۇددى بەزى-لەرنىڭ ئەگەر «سەن ، ياپونىيىنىڭ ئەڭ ياخشى گۇرۇپپا باشلى-قى بولماقچى بولساڭ، چوقۇم كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى سەت كۆرسىتىپ، ئاغزىڭدىن F بىلەن باشلانغان سېسىق سۆز-لەرنى ئايىماي چىقىرىشىڭ كېرەك» دېگىنىگە ئوخشايتتى.

— ئۇنداقتا، ئۇ يەر مېنىڭ خىزمەت ئورنۇم بىلەن ھېچقان-چە پەرقلەنمەيدىكەنغۇ! — دېدى پائۇل سۆزۈمگە جاۋابەن.

— بۇ دېگەن ئىلگىرىكى ئىشلار پائۇل، — دېدىم مەن دەرھال ئۇنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىپ. بۇ چاغدا پائۇل توساتتىن ماڭا ئىلگىرىكىدەك ئۇنچىلىك ئادەمنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرگۈ-دەك دەرىجىدە ئەمەستەك تۇيۇلدى، — قىسقىسى، مېنىڭ دادام-نىڭ ياخشى ئۆتىدىغان بىر دوستى بار بولۇپ، ئۇمۇ شۇ زاۋۇت-تىكى مەلۇم بىر لىنىيىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ئىدى. ئۇ مەلۇم بىر كۈنى تۇيۇقسىز مىچىگان شتاتىدىكى فورت ئاپتوموبىل شىركىتى بىلەن ياپونىيە مازدا ئاپتوموبىل شىركىتى بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ قۇرغان باشقا بىر زاۋۇتقا يۆتكىۋېتىلدى. ئۇ ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا گۇرۇپپا باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپتۇ. ئۇ ئىشقا چۈشۈپ، بىرىنچى ھەپتىسىلا مەلۇم بىر ئىشچىنىڭ خاتا مەشغۇلات قىلغانلىقىنى بايقاپتۇ- دە، ئۇ ئىشچى-نى ئۆزىنىڭ دېئاربورندا ئۆگىنىپ قالغان كونا ئادىتى بويىچە پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدىكى ئىشچىلارنىڭ كۆز ئال-دىدىلا تىللاپ پۇسكايتىۋېتىپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن، بۇ ئىش-

www.uyghurkitap.com

نىڭ پۇتكۈل جەريانىنى شۇ زاۋۇتنىڭ ياپونىيىلىك دىرېكتورى-
نىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قاپتۇ ۋە ئۇنى دەرھال ئۆز ئىشخانىسىغا
چاقىرتىپتۇ. سىلەرمۇ بىلىسىلەر، ياپونىيىلىكلەر كىشىلەرنىڭ
ئالدىدا يۈز تۆكۈلىدىغان بۇنداق ئىشلارغا ئىنتايىن دىققەت قىلى-
دۇ. ھېلىقى ياپونىيىلىك دىرېكتور شۇنىڭ بىلەن دادامنىڭ
ھېلىقى ئاغىنىسىگە ناھايىتى تەكەللۇپ بىلەن بۇنداق ئىشنىڭ
ئىككىنچى قېتىم يۈز بېرىشىگە ھەرگىز يول قويۇلمايدىغانلىقى،
ئەگەر بۇنداق ئىشنىڭ يەنە يۈز بەرگەنلىكىنى بايقاپ قالسا، ئۇ
چاغدا ئۇنى دەرھال ئىشتىن بوشىتىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
دادامنىڭ ئۇ ئاغىنىسى شۇ ئىشتىن كېيىن، ئۇ زاۋۇتتا پېنسى-
يىگە چىققانغا قەدەر 10 يىلچە ئىشلىگەن. ئۇ شۇ ئىشتىن
ھەقىقەتەن ساۋاقتا ئېرىشكەن. سىېئون، مېنىڭچە بۇ مازدانىڭ
ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدىغۇ دەي-
مەن.

— بۇ ناھايىتى ياخشى مىسال بولدى، جون، — دېدى
سىېئون ماختاپ، — لېكىن شۇ ئېسىلارردا بولسۇنكى، ئۇ
گۇرۇپپا باشلىقىنىڭ ھەرىكىتىنى مازدا تۈزەتكەن ئەمەس، بەلكى
ئۇ گۇرۇپپا باشلىقى ئۆزى ساۋاقتا ئېرىشكەنلىكتىن ئۆز ھەرىكە-
تىنى ئۆزى كۆزەتكەن. بۇ دۇنيادا ھېچكىممۇ باشقىلارنىڭ ھەرى-
كىتىنى تۈزىتەلمىدى ۋە باشقىلارنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن «ھاراق تاشلاتقۇزغۇچىلار سىزنىڭ بىردىنبىر ئۆزگەرتە-
لەيدىغان ئادىمىڭىز پەقەت ئۆزىڭىزدىنلا ئىبارەت!» دەيدۇ ئەمەس-
مۇ؟

— مەن شۇنداق بىر قىسىم كىشىلەرنى تونۇيمەنكى، ئۇلار
ئۆزلىرىچە باشقىلارنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، دەپ قارىشىدۇ.
ئۇلار ھەمىشە باشقىلارغا يېپىشىۋېلىپ، ئۇلارنى دىنغا ئىشىنىش-
كە مەجبۇرلايدۇ ھەم ئامال بار باشقىلارنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنى-
دۇ. بۇنى تولستوينىڭ گېپى بويىچە ئېيتساق، «ھەممە ئادەم

دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىلا ئويلايدۇ. ئەمما، بىرمۇ ئادەم ئۆزىنى ئۆزگەرتىشنى ئويلاپ باقمايدۇ! »

— توغرا ئېيتتىڭىز، كىنگ، — دېدى كلىس بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئەگەر ھەممە ئادەم ئۆز ئىشىكى ئالدىدىكى قار-لارنى تازىلىۋېتىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا پۈتۈن كوچا تولىمۇ پاكىز بولۇپ كېتىدۇ. سىمپئون، ئەجىبا، بىز رەھبەر بولۇش سالاھى-يىتىمىز بىلەن باشقىلارنى ئۆزگىرىشكە ئىلھاملاندۇرال-ماسمىزمۇ؟ — دەپ سورىدى پائۇل.

— ماڭا نىسبەتەن ئىلھاملاندۇرۇش دېگەنلىك باشقىلارنىڭ قارار چىقىرىشىغا تولۇق تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان پىكىر ئالماش-تۇرۇش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. بىز رەھبەر بولۇش سالاھىيە-تىمىز بىلەن قارشى تەرەپنى پەقەت زۆرۈر بولغان كاتالىزاتور بىلەن تەمىنلەيلا بېرەلەيمىز. لېكىن، ئۆزگىرىش ياكى ئۆزگەر-مەسلىكنى قارار قىلىش يەنىلا قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىگە باغلىق. بىز ئەتىگەن مۇنازىرە قىلغان گۈلزارلىق بەرپا قىلىش مىسالى ھېلىمۇ ئېسىڭلاردىمۇ؟ بىز ئۇسۇملۇكلەرنى ئۆستۈرۈشكە ئامال-سىزمىز. بىز پەقەت ئۇلارنى ياخشى بولغان ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى ۋە زۆرۈر ماددىلار بىلەن تەمىنلەيلا بېرەلەيمىز. بۇنداق بولغاندا، باشقىلار ئۆزگىرىش ياكى ئۆزگەرمەسلىك، ئۆسۈپ يېتىلىش ياكى ئۆسۈپ يېتىلمەسلىكنى ئۆزلىرى بەلگىلىۋالىدۇ.

بۇ چاغدا لىزامۇ بىزنىڭ مۇنازىرىمىزگە قاتناشتى:

— مەلۇم بىر مەشھۇر شەخس: «توي قىلىشتىكى سەۋەب ئىككى. بىرى ئەۋلاد قالدۇرۇش ئۈچۈن، يەنە بىرى بولسا، مەجبۇرلىنىشقا چىداپ تۇرالمىغانلىقتىن» دېگەنىدى.

— ناھايىتى توغرا دەپسىز، — دېدى لي پىخىلداپ كۈلۈپ، — مەن كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى چوقۇم تىزگىنلىيەلەيدىغان بىر جاينى بىلىمەن. سىلەر قايسىڭلار رىچارد. كاردىس مېھمان-خانىسىدا تۇرۇپ باققان؟

— ئۇنداق يەرلەردە پەقەت سىزگە ئوخشاش پۇلدار موناخلارلا تۇرالايدۇ! — دېدى پائۇل ئاچچىق كىنايە بىلەن.

لي پائۇلنىڭ گېپىنى قىلچىمۇ كۆڭلىگە ئالماستىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى؛

— بىر كۈنى مەن ئېسىل كارىۋات ۋە ئالاھىدە ئەتىگەنلىك ناشتا مۇلازىمەتلىرىدىن ياخشى بىر ھۇزۇرلىنىپ بېقىش نىيىتىدە، ئايالىمنى ئېلىپ ئۆيىمىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى رىچارد. كاردىن مېھمانخانىسىغا باردىم. تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك يېرى، بىز ئۇ مېھمانخانىغا كىرىشىمىز ھامان ئۆزىمىزنى خۇددى تولىمۇ ئالاھىدە بىر مۇھىتتا تۇرىۋاتقاندەك ھېس قىلدۇق. چۈنكى، ئۇ يەردىكى خىزمەتچى خادىملار ئىنتايىن قىزغىن بولۇپ، ئۇلار مېھمانلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشقا ھەر دائىم تەييار تۇراتتى. بۇندىن باشقا يەنە ئۇ يەردە بىر خىل ئادەتتىن تاشقىرى يېقىملىق كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى. شۇ كۈنى مەن كەچلىك تاماقنىڭ ئالدىدىكى بوش ۋاقىتتا مېھمانخانىنىڭ قاۋاقخانىسىغا كىرىپ بىر ئىستاكان…

— موناخ دېگەنمۇ قاۋاقخانىغا كىرىپ ھاراق ئىچەمدۇ؟ — دېدى پائۇل قىلچىمۇ يۈز - خاتىر قىلىپ ئولتۇرمايلا.

— سىز خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز، پائۇل، ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئايالىم ھاراق ئىچتى. لېكىن، مەن بولسام كولا ئىچتىم. گەپنى يىغىپ ئېيتقاندا، شۇ جەرياندا مەن ئىككى نەپەر قاۋاقخانا خىزمەتچىسىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە قىزىقىش بىلەن باشتىن - ئاخىر دىققەت قىلىپ تۇردۇم ھەم ئۇلارنىڭ مېھمانلارغا ۋە خىزمەتداشلىرىغا ئوخشاشلا ناھايىتى تەكەللۇپ ۋە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقانلىرىنى بايقىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆز قىزىقىشىمنى باسالماي، ئۇ ئىككى خىزمەتچىنىڭ بىرىدىن: «بۇ سىلەرنىڭ زادى نېمە قىلغىنىڭلار؟» دەپ سورىدىم. ئۇمۇ مەندىن تەكەللۇپ بىلەن، ئەپەندى، سىز قايسى ئىشنى دېمەك-

چى؟ ، دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭ سوئالىغا ئۇلاپلا ئۇنىڭدىن «بايقىشىمچە، سىلەر مەيلى مېھمانلارغا ياكى ئۆز خىزمەتداشلىرىڭلارغا مۇئامىلە قىلىشتا بولسۇن، پوزىتسىيىڭلار ئوخشاشلا ئىنتايىن ئىللىق ئىكەن. سىلەر بۇ ھالەتكە قانداق يەتتىڭلار؟ » دەپ سورىدىم. ئۇ قىسقىلا جاۋاب بېرىپ «چۈنكى، «رىچارد. كاردىن» ئەزەلدىن ئۆز خىزمەتچىلىرىدىن چوقۇم ئېسىلزادە ئەپەندى - خانىملارغا مۇلازىمەت قىلىدىغان ئېسىلزادە ئەپەندى - خانىملاردىن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ بۇ گەپنى ناھايىتى تەسىرلىك ھېس قىلغانلىقىم، لېكىن بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى يەنىلا ئانچە چۈشىنەلمىگەنلىكىمنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ، «ئەگەر بىز ئېسىلزادە ئەپەندى - خانىملارنىڭ ئۆلچىمىگە يېتەلمىسەك، ئۇ چاغدا بىزنىڭ بۇ يەردە خىزمەت قىلالىشىمىز خام خىيالغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىز؟ » دېدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىچىمدە بارىكاللا ئېيتتىم - دە، ئۆزۈمنىڭ پۈتۈنلەي چۈشەنگەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدۇم.

كلىس ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا بىر مىسال ئالدى:

— مېنىڭچە، سىلەر ھەممىڭلار بەلكىم لوۋ خولتىزنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغانسىلەر؟ ئۇ مەشھۇر بۇۋى مەريەم ئانا موناستىرىنىڭ كالتەك توپ كوماندىسىنىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك ترېنېرى بولۇپ، ئۇ ئۆزى يېتەكلەۋاتقان كوماندا ئەزالىرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇشقا ئىنتايىن ماھىر ئىكەن. ئۇ يالغۇز توپ ماھىرلىرىنىلا ئىلھاملاندۇرۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە ترېنېر، كاتىپ، ياردەمچى ۋە چاي توشۇغۇچى مۇلازىمەتچىلەرنىمۇ ئىلھاملاندۇرىدىكەن. ئۇ يېتەكچىلىك قىلغان كوماندا ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى خىزمەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىدىكەن. بىر قېتىم بىر مۇخبىر ئۇنىڭدىن

«سىز قانداق قىلىپ ئۆز كوماندىڭىزدىكى ھەر بىر ئادەمنى مۇشۇنداق ئەسەبىي قىزغىنلىقتا ئىگە قىلالىدىڭىز؟» دەپ سورى-غاندا ئۇ «بۇ ناھايىتى ئوڭاي، ئەگەر كىمكى قىزغىنلىق بىلەن ئاتلىنىشنى خالىمايدىكەن ئۇ چاغدا ئۇ بۇ كوماندىدىن قوغلىنى-دۇ!» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى كۈنى

تاللاش — مەسئۇلىيەت

«ئىشتان كىيىپ تۇرۇپ چوڭ تەرەت قىلىدىغان» ئادىمىي-لىك.

بىزنىڭ ئويلىغانلىرىمىز ياكى ئىشىنىدىغانلىرىمىزنىڭ ئىشىنىڭ نەتىجىسى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق؛ ئىشىنىڭ نەتىجىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغىنى پەقەت بىزنىڭ ئىش - ھەرى-كىتىمىزدىنلا ئىبارەتتۇر.

— جون رۇسكىن (19 - ئەسىردىكى ئەنگلىيە رەسسامى)

جۇمە كۈنى سەھەر. سىمپئون موناخ موناستىرغا كىرىپ، مېنىڭ بىلەن سالاملاشقاچ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. بىر قانچە مىنۇت سۈكۈتتىن كېيىن ئۇ كۈندىكىدەك مېنىڭدىن سوئال سوراشقا باشلىدى.

— مەن ھەقىقەتەن ناھايىتى تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمەن. لې-كىن، سىمپئون، مەن قەيەردىن قول سېلىشنى بىلمەيۋاتىمەن. مەسىلەن، مەن قول ئاستىمدىكى باشقۇرغۇچىلارنى قانداق تىز-گىنلەش كېرەكلىكىنى بىلمەيۋاتىمەن. مەن نېمىنىڭ تىزگىن-لەش ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيمەن…

— جون، مەن ئىلگىرى سودا ساھەسىدىكى ۋاقتىمدا، قول ئاستىمدىكى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ بىر قاتار تەرتىپ - بەلگىلىمى-لەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇلارنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوللانمى-سىغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى چەكلەش ۋە تىزگىنلەشكە ھەرگىز يول قويمايتتىم. مېنىڭ ئەھمىيەت بېرىدىغىنىم، رەھبەرلىك گۇ-رۇپپىدىكىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتى بولۇپ، مەن ئۇلارنىڭ

ئىش ـ ھەرىكىتىنى چەكلىگەن ۋە تىزگىنلىگەن ھامان، ئۇلارمۇ بۇنىڭغا ماسلىشىپلا ئۆزلىرىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى تۈزىتەتتى.

— سىمېئون، ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ ھەقىقەتەن ئاساسى بار.

— مەن ئۆزۈمنىڭ سودا ھاياتىمدا، باشقۇرۇلۇش ياخشى بولمىغان نۇرغۇنلىغان كارخانىلارنى ئۆتكۈزۈۋالغان بولۇپ، مەن ھەمىشە بۇنداق كارخانىلاردىكى كىشىلەرنىڭ كارخانىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا قاراپ يۈزلىنىشىدىكى مەسئۇلىيەتلەرنى كىران ھەيدەيدىغان مەلۇم بىرىگە ياكى تاپشۇرۇۋېلىش ـ تارقىتىش بۆلۈمىدىكى خانقىزلارغا ئىتتىرىپ قويىدىغانلىقىنى بايقايتتىم. لېكىن، ئەمەلىيەتتە ئۆز تەجرىبەمگە ئاساسلانغاندا، بۇنىڭدا ئۇن كارخانىنىڭ ئىچىدىكى سەككىز ـ توققۇزىدا مەسىلە باشقۇرۇش قاتلىمىدىن چىقاتتى.

— ئەسلىدە سىزمۇ شۇنداق قارايدىكەنسىز ـ دە، سىمېئون، ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئايالىممۇ…

— سىز ئۆيىڭىزدىكى پسىخولوگىيە دوختۇرىنى دېمەكچىسىزغۇ؟ — سورىدى سىمېئون موناخ كۈلگىنىچە.

— ئوھوي! سىز مېنىڭ گېپىمنى بۆلۈۋەتتىڭىزغۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا چاقچاق ئارىلاش، — ئەپەندى، بۇنداق قىلىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ جۇمۇ.

— ئالدىڭىزدا تولىمۇ خىجىلمەن، جون، بېرىك، ئالدىڭىزدا ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويدۇم!

— مەن ئەلۋەتتە كەچۈرىمەن ـ دە، سىمېئون، ئەسلىي گەپكە كەلسەك، مېنىڭ ئايالىم خىزمەت مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن ھەمىشە مەسىلىسى بار ئائىلىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. بۇ ئائىلىلەردە يۈز بەرگەن مەسىلىلەر سىزنىڭ تەجرىبىلىرىڭىز بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ھەمىشە بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار ئۆز باللىرىنى يېتىلەشكىنىچە ئايالىمنى ئىزدەپ كې-

لىپ، ئۇنىڭغا «بۇ بالىمىز ئۆيدە باشقۇرغۇسىز دەرىجىدە كەپ-
سىز بولۇپ كەتتى. ئۇنى بىر داۋالاپ قويسىڭىز! » دېيىشىدۇ.
لېكىن، بۇنىڭغا ئايالىم ئۆز تەجرىبىسىگە ئاساسەن، كىچىك
بالىلارنىڭ باشقۇرغۇسىز بولۇپ كېتىشى بىر خىل كېسەللىك
بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئەمەس، مەسىلىنىڭ
كۆپ قىسمى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆزىدە دەپ قارايدۇ.

— مەلۇم بىر پاراسەتلىك پېشقەدەم گېنېرال ئىلگىرى «قاتتىق قول گېنېرالنىڭ قول ئاستىدا يارامسىز ئەسكەر مەۋ-جۇت بولمايدۇ، ئىقتىدارسىز دېيىشكە توغرا كەلسە، ئەسكەرنى ئەمەس، بەلكى گېنېرالنىڭ ئۆزىنى ئىقتىدارسىز دېيىش كې-رەك» دەپتىكەن. شۇڭا، جون، سىزچە زاۋۇتىڭىزدا يۈز بەر-گەن ئىشچىلار (ئىشچىلار) ھەرىكىتىنى پەقەت مەسىلىنىڭ بىر خىل تاشقى ئىپادىسى دېيىشكە بولامدۇ، قانداق؟

— ھە، بۇمۇ بەلكىم شۇنداقتۇر، — مەن كۆڭلۈمدە ئۆ-زۈمنى گۇناھكاردەك سۆزۈمنى دەرھال باشقا بىر تېمىغا يۆتكى-مەكچى بولدۇم، — سىز نېمىنىڭ «ئەمەلدە كۆرستىش» ئى-كەنلىكىنى ماڭا دەپ بېرەلەمسىز؟ سىمپئون، سىز تۇنۇگۇن ئەتىگەن ئىجابىي ھەرىكەت ئىجابىي ھېسسىياتنى كەلتۈرۈپ چى-قىرىدۇ دېگەنىدىڭىز. بۇ زادى نېمە دېگەنلىك؟

— ھە، توغرا، «ئەمەلدە كۆرستىش»، مەن ئۇنتۇپ قال-غىلى تاس قاپتىمەن. سەمىمگە سېلىپ قويغانلىقىڭىزغا رەھ-مەت. ئادەت بويىچە بىز ھەمىشە بىزنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيىسى ۋە كەيپىياتى تەرىپىدىن شەكىللىنىدۇ دەپ قارايمىز. ئەلۋەتتە بۇنداق دېيىش خاتا ئەمەس، بىزنىڭ ئىدىيە، ھېسسىيات ۋە قىبلىنامىلىرىمىز ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىمىزگە چوڭقۇر تەسىر كۆرستىدۇ. لېكىن، «ئەمەلدە كۆرستىش»نى چۈشەندۈرۈشتە بولسا، بۇنىڭ تەتۈر-سىنى ئىپتساقلا كۇپايە.

— مەن سىزنىڭ دىمەكچى بولغىنىڭىزنى تازا ئېنىق چۈ-
شىنەلمىدىم، سىڭىئون، — بىزنىڭ ھەرىكەتلىرىمىزمۇ ئوخشاش-
لا بىزنىڭ ئىدىيە ۋە ھېسسىياتىمىزغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.
بىز ئەگەر مەلۇم ئادەم ياكى ئىشقا ئۆزىمىزنىڭ دىققىتىمىز،
ۋاقتىمىز، زېھنىي كۈچىمىز ۋە باشقا تۈرلۈك بايلىقلىرىمىزنى
ئۇزۇن مەزگىل سەرپ قىلىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا بىزدە
ئۆزىمىز كۆڭۈل بۆلگەن ئاشۇ ئوبيېكتقا قارىتا مەلۇم خىل
ئالاھىدە ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ. پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە،
بۇنداق بولۇشتىكى ئاساسىي سەۋەب، بىزنىڭ ئاشۇ ئوبيېكتقا
ئاللىقاچان ( چاپلىشىپ، قالغانلىقىمىز ئىكەن. بۇ خىل ( ئەمەل-
دە كۆرسىتىش، ھادىسىسىنى كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن بېقىۋال-
غان باللىرىنى خۇددى ئۆز بالىلىرىنى سۆيگەندەك سۆيىدىغانلىقى
ۋە ئەتىۋارلىق ھايۋان، تاماكا، باغ - ۋاران داڭلىق ماركىلىق
ماشىنا قاتارلىقلارغا تولىمۇ باغلىنىپ قالىدىغانلىقى قاتارلىقلار-
نى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

— لېكىن، بۇ مېنىڭ ھازىرقى تام قوشنامنى نېمە ئۈچۈن
تولىمۇ ياقتۇرۇپ قالغانلىقىمنى بەكرەك چۈشەندۈرۈپ بېرەلىسە
كېرەك. مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان ۋاقتىمدا،
مەن ئۇنى تازا ياخشى نەرسە ئەمەستەك ھېس قىلغانىدىم. لې-
كىن، ۋاقىت ئۆزىراپ، بىزنىڭ ئارقا ھويلىنى بىرلىكتە تازى-
لاش ۋە ئىجتىمائىي رايوننىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن بىرلىكتە كۈچ
چىقىرىش پۇرسىتىمىز كۆپەيگەنسېرى مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان
كۆز قارىشىم پۈتۈنلەي ئۆزگەردى.

— جون، بىز «ئەمەلدە كۆرسىتىش» نى يەنە بىر خىل بىر
قەدەر پاسسىپراق بولغان ئۇسۇل ئارقىلىقمۇ چۈشەندۈرەلەيمىز.
مەسىلەن، ئۇرۇش مەزگىلىدە كىشىلەر ھەمىشە دۈشمەنلەرنى
خۇددى بىز دۈشمەنلەرنى ( ئۆلۈمتۈك گېرمانلار، سېرىق ئال-
ۋاستىلار ۋەھشىيلىق ئىتلار، دەپ تىللىغانغا ئوخشاش تىللاپ

پۇسكايتىۋېتىدۇ. سىز بىلەمسىزكىن، بىز مۇشۇنداق ئۇزۇن
ۋاقىت تىللاۋەرگەندىن كېيىن بىزدە دۈشمەنلىرىمىزنى كۆزد-
مىزنى مىتمۇ قىلىپ قويماستىن، ناھايىتى ئاسانلا ئۆلتۇرۇۋېتە-
لەيدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك، ئەگەر بىز
ئۆزىمىز ياقتۇرمايدىغان مەلۇم ئادەمگە ناھايىتى ئەسكىلىك بىلەن
مۇئامىلە قىلىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا بىز ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆچ
بولۇپ كېتىمىز ۋە ئۇنى تېخىمۇ ياقتۇرمايدىغان بولۇپ كېتىمىز
دېگەنلىكتۇر.

— چۈشەندىم، سىمپئون، «ئەمەلدە كۆرسىتىش» دېگەن-
لىك بىز مەلۇم ئادەملەرگە ئۇلارنى سۆيۈش ۋە ئۇلارغا مۇلازىمەت
قىلىشنى ۋەدە قىلغاندىن كېيىن، ئۆز ۋەدىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن، ئاكتىپ ھەرىكەتتە بولۇپ، ئۇلارنى تىرىشىپ
سۆيسەك ۋە ئۇلارغا تىرىشىپ مولازىمەت قىلساق، ۋاقىت ئۆزار-
غانچە بىز ئۇلارنى راستتىنلا ياخشى كۆرۈپ قالىمىز دېگەنلىك-
تۇر، شۇنداقمۇ؟

— ئاساسەن شۇنداق، جون، بەزى كىشىلەر ‹ يالغاننى
راستقا ئايلاندۇرۇپ قويماق› دېمىسگەنمىدى؟ خارۋارد ئۇنىۋېر-
ستېتىنىڭ مەشھۇر پسىخولوگى جېرومې. برونېر كەيپىيات
ھەرىكەتنى ئەمەس، بەلكى ھەرىكەت كەيپىياتنى كەلتۈرۈپ چى-
قىرىدۇ، دېگەنىدى.

— توغرا، — دېدىم مەن، — مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
كۆپ سانلىق كىشىلەر ئەگەر ئۆزلىرى ئاز - تولا نەتىجە قازى-
نىشنى خالايدىغانلا بولسا، شۇ نەتىجىگە چوقۇم ئېرىشەلەيدىغان-
لىقىغا ئىشىنىدۇ. لېكىن، كۆلكىلىك يېرى شۇكى، بۇ خىل
‹ خالاش› كەيپىياتى ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ.

— لې چارشەنبە كۈنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ھېلىقى يازغۇ-
چى ئۆز ئەسىرىدە ‹ ئەمەلدە كۆرسىتىش› نىڭ كۆڭۈللۈك نىكاھ-
نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتىكى ئۇنۇمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتى-

www.uyghurkitap.com

دۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، گەرچە كۆڭۈلسىز نىكاھ ئىچىدىكى ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان قويۇق مۇھەببىتى ئاللىقاچان سۇسلىشىپ، ئاجرىشىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇش دەرىجىسىگە يەتكەن تەقدىردىمۇ، بۇ خىل ئەھۋالنى يەنە ياخشىلاشقا بولىدىكەن. لېكىن، بۇنىڭ شەرتى، بۇنداق ئەر - خوتۇنلار چوقۇم ئۇنىڭ ئېيتقان ئۇسۇللىرى بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئۇسۇلنى ئىجرا قىلىشتا، ئالدى بىلەن ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپ چوقۇم ئۆزلىرى ئۇچۇن بىر ئايلىق سىناپ كۆرۈش ۋاقتى ئاجرىتىشقا قوشۇلۇشى، بۇ بىر ئاي ۋاقىت ئىچىدە ھەر ئىككى تەرەپ خۇددى يېڭى مۇھەببەتلەشكەن چاغدىكىگە ئوخشاش، بىر - بىرىگە مۇھەببەتلىك ئۇسۇللار ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىشى، يەنى ئەر بولغۇچى تەرەپ ئايالىغا گۈل سوغا قىلىپ، شېرىن - شېكەر سۆزلەرنى قىلىشى، ئايالنى سىرتلارغا ئايلاندۇرۇشقا ئېلىپ چىقىشى؛ ئايال بولغۇچى تەرەپ بولسا، ئۆز ئېرىنى ئەينى چاغدىكى ئوغۇل دوستى ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇنى ئارىلاپ ماختاپ قويۇشى، ئۇنىڭغا لەززەتلىك تاماقلارنى ئېتىپ بېرىشى كېرەك ئىكەن. كونپولونىڭ قارىشىچە، پەقەت ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپ بىر مەزگىل ۋاقىتنى تىرىشىپ مۇشۇنداق ئۆتكۈزەلەيدىغانلا بولسا، ئۇلار چوقۇم ئەينى چاغدىكى شېرىن ھېسسىيات ھالىتىنى قايتا تېپىۋالالايدىكەن. بىز مانا بۇنى ھەرىكەت ئارقىلىق ھېس - تۇيغۇنى قوزغىتىش، يەنى «ئەمەلدە كۆرسىتىش» دەپ ئاتايمىز.

— لېكىن، سىمپئون، ھەممە ئىش باشلىنىشتا قىيىن. شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ئۆزىنى ئۆزى ناھايىتى ئۇچ كۆرىدىغان ئادەمنى ماختاش ۋە ھۆرمەتلەشكە ياكى ئۆزى تولىمۇ بىزار بولىدىغان بىر ئادەمگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇرلاش غۇرۇرلۇق ئادەم ئۇچۇن ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس!

— توغرا، ئۆلگەن ھېسسىياتنى تىرىلدۇرۇش، خۇددى قۇ-

رۇق چاقماقتىن ئوت چىقارغانغا ئوخشاش قىيىن ھەم ئازابلىق، بولۇپمۇ ئىشنىڭ بېشىدا تېخىمۇ شۇنداق. لېكىن، ئۆزىمىز پەقەت دېگىنىمىزنى قىلساق ۋە ئۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇرساق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇۋاپىق چېنىقىشنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىشنى خالايدىغانلا بولساق، ئۇ چاغدا خۇددى «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختاپتۇ» دېگەندەك، ئۆلگەن ھېسسىياتمۇ يېڭىدىن تەدرىجىي تىرىلىدۇ. يېڭىدىن تىرىلگەن بۇنداق ھېسسىيات تېخىمۇ مۇستەھكەم، تېخىمۇ چوڭقۇر بولىدۇ.

مەن سىمېئون موناخنىڭ ئۆز سۆزىنى رەت قىلغىلى بولغۇدەك بىرەر يوچۇقمۇ قالدۇرمايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن!

مەن دەرسخانا ئىچىدە ئولتۇرۇپ، دېرىزە سىرتىدىكى كۆپ-كۆك، گۈزەل كۆل سۈيىگە نەزەر تاشلىدىم. تام ئوچىقى ئىچىدىكى ئوت يالقۇنجايتتى. كۆيۈۋاتقان قېيىن ياغاچ پارچىسى ئارىلاپ - ئارىلاپ پاراسلىغان ئاۋازلارنى چىقىراتتى. بۇگۈن جۈمە كۈنى بولۇپ قالدى، بىر ھەپتە ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتۈپ كەتتى - ھە!

سىمېئون موناخ قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەنلا دەرسنى باشلىدى.

— مەن نۇرغۇن ئاتا - ئانىلارنى، ئەر - خوتۇنلارنى تىرىنېرلارنى، ئوقۇتقۇچىلارنى ۋە رەھبەرلەرنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رەھبەر بولغۇچىلار ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشنى ۋە قارار چىقىرىش، ھەرىكەت قوللىنىشقا ئوخشاش رەھبەر بولغۇچىلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىشنى خالىمايدىكەن. مەسىلەن، ئۇلار ھەممىشە بالام ئۆزگىرىپ ياۋاش بولغاندىلا، مەن ئاندىن ئۇنىڭغا ھەقىقىي كۆيۈنىمەن؛ مېنىڭ ئايالىم ماڭا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشنى خالايدىغان بولسىلا، مەن ئاندىن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆ-

لۇشنى ۋە كۆيۈنۈشنى باشلايمەن، ئەگەر يولدىشىم تىتىقسىز گەپلەرنى كۆپ قىلمايدىغان بولسا، مەن چوقۇم ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قۇلاق سېلىپ تىڭشىغان بولاتتىم؛ ئەگەر خوجايىنىم ماڭا ياخشىراق مۇئامىلە قىلغان بولسا، مەنمۇ تەبىئىي ھالدا قول ئاستىمدىكىلەرگە ياخشىراق مۇئامىلە قىلغان بولاتتىم، مەن ئۆسۈپ ھوقۇق تۇتقاندا چوقۇم ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ياخشى كۆڭۈل بۆلىمەن، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشاتتى. بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەرقايسىڭلارمۇ بەلكىم بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ‹ئۇنداق بولغان بولسا، بۇنداق قىلغان بولاتتىم، دېگەندەك گەپلەرنى كۆپ ئاڭلىغان بولغىيتتىڭلار.

— دەرسىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنىدە، يەنى ئەتە مەن سىلەر بىلەن بىرلىكتە رەھبەر بولغۇچىلار ئۆز زىممىسىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەت ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىمەن. بىز چارشەنبە كۈنى رەھبەرلىك قىلىش تالالاشتىن باشلىنىدۇ دېگەندۇق. رەھبەر بولغۇچىلار زور مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشنى تاللىۋالىدىغان بولۇپ، ئۇلار بۇنداق قىلىشنى ئۆزلىرى خالايدۇ. لېكىن، كۆپلىگەن كىشىلەر بولسا، ئۆز تۇرمۇشىدىكى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشنى ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى تاللىۋالىدۇ.

— سىزنى بۇنداق دەر دەپ ئويلىماپتىمەن، سىمېئون، — دېدى كىنىگ، — مەن يېڭىلا سېسترا بولۇپ، مەلۇم بىر چوڭ شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ روھىي كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە خىزمەت قىلغان چاغلىرىمدا، بۇ يەردىكى كۆپ قىسىم بىمارلارنىڭ ‹مەسئۇلىيەت قالايمىقانچىلىقى› كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى بايقىغانىدىم. بۇ روھىي بىمارلار ئۆزلىرىگە تولىمۇ كۆپ مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلىۋالغان بولۇپ، ئۇلار قانداقلىكى سەۋەن-لىك بولسا، ئۆزۈمنىڭ سەۋەنلىكى دەپ قارايتتى ھەمدە ھەمىشە

‹ مەن ئۆزۈم يارامسىز ئايال بولغاچقا، ئېرىم مۇشۇنداق هاراق- كەش بولۇپ قالغان› ، ‹ مەن بۇگۈن ئەتىگەن دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغاچقا، هاۋارايى مۇشۇنداق ناچارلىشىپ كەتتى› دې- گەندەك گەپلەرنى قىلاتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ يەردىكى خاراك- تېر نورماللىقنى يوقاتقان بىر قىسىم بىمارلار بولسا، ئۆز هەرىكىتىگە مەسئۇل بولۇشنى خالىماي، هەرقانداق سەۋەنلىكنى باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكى دەپ قارايتتى هەم هەمىشە ‹ ئوقۇتقۇچى- نىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلى توغرا بولمىغاچقا، مېنىڭ بالام مۇ- شۇنداق ئەسكى بولۇپ كەتكەن› ، ‹ مېنىڭ خوجايىنىم مېنى ياقتۇرمىغاچقا، مەن رەھبەر بولۇپ ئۆستۈرۈلمىگەن› ، ‹ دادام هاراقكەش بولغاچقا، مەنمۇ هاراقكەش بولۇپ قالغان› دېگەندەك ئويلارنى قىلىشاتتى. بۇ يەردىكى يەنە بىر قىسىم بىمارلاردا بولسا، يۇقىرىقى ئىككى خىل كېسەللىك ئالامىتىنىڭ هەر ئىك- كىلىسى ئۇچرايتتى. بۇ خىل بىمارلار بىرلا ۋاقىتتا هەم روھىي نورماللىسىزلىق كېسىلىگە، هەم خاراكتېر نورماللىقنى يوقى- تىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. شۇڭا، ئۇلار بەزىدە بار- لىق سەۋەنلىكلەرنىڭ هەممىسى ئۆزۈمنىڭ سەۋەنلىكى دەپ قارى- سا، يەنە بەزى چاغلاردا بولسا، بارلىق سەۋەنلىكلەرنىڭ هەممى- سى باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكى دەپ قارايتتى.

— كىنگ، ئۇنداقتا سىزچە، بىزنىڭ هازىرقى جەمئىيىتى- مىز روھىي نورماللىسىزلىق تىپىدىكى جەمئىيەتكە تەۋەمۇ ياكى خاراكتېر نورماللىقنى يوقىتىش تىپىدىكى جەمئىيەتكە تەۋەمۇ؟

— سورىدى سىمېئون موناخ.

كىنگ بۇنىڭغا جاۋاب بەرگۈچە، پائۇل چاچراپ ئورنىدىن تۇرغىنىچە سۆزلەپ كەتتى:

— قۇرۇق گەپ! ئامېرىكا ئەلۋەتتە خاراكتېر نورماللىقى- نى يوقىتىش تىپىدىكى جەمئىيەتكە تەۋە، بۇنى پۈتۈن دۇنيا بىلىدۇ! بىزنىڭ بۇ دۆلىتىمىزدە هېچكىم هەرقانداق بىر ئىشتا

مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمايدۇ. ھەممە ئادەم مەسئۇلىيەتنى خۇددى توپ ئوينىغانغا ئوخشاش بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىشنىلا بىلىدۇ! مەسىلەن، بىر قېتىم ۋاشىنگتون ئالاھىدە رايونىنىڭ شەھەر باشلىقى ئۆزىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىۋاتقان ھالىتى باشقىلار تەرىپىدىن سىنئالغۇغا ئېلىۋېلىنغان چاغدا، بۇنى قاراپ تۇرۇپ ئىرقىي كەمسىتىش سۇيىقەستى دەپ ئەيىبلەشكە جۈرئەت قىلغان ئەمەسمۇ؟ بۇندىن باشقا يەنە ماشىنىنى كۆل ئىچىگە ھەيدەپ كىرىپ، ئارقا ئورۇندۇقتىكى ئىككى قىزنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان ھېلىقى ئائىلىغۇ تېخى، ئۇمۇ قاراپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇنداق ئىشنى قىلغانلىقىغا ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا جىنسىي خورلۇققا ئۇچرىغانلىق ئىشىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتكەن! غەربىي قىرغاقتىكى يەنە بىر ئۆسمۈر ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى پارتلىتىۋەتكەندىن كېيىن، بۇ ئىشقا ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا ئۇچرىغان خورلۇقلىرىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتكەن! ھەتتا بىر قىسىم بەڭگىلەر باركى، ئۇلار تاماكا شىركەتلىرىنى ئاشۇلار بىزگە تاماكا خۇمارىنى يۇقتۇرۇپ قويغان دەپ ئەرز قىلىشتىن يانمايدۇ! يەنە بىر قىسىم چېۋەر خېنىملارچۇ تېخى، ئۇلارمۇ دوختۇرخانىلارنى ئاشۇلار بىزگە ئېلېكترونلۇق مېڭە ئۇزۇلمە قاتلام مەشغۇلاتىنى قىلغۇزۇپ، بىزنىڭ چېۋەرلىكىمىزگە زەخمەت يەتكۈزدى، بىزنىڭ پۇل تېپىشتىكى مۇھىم ئىقتىدارىمىزنى نابۇت قىلدى دەپ ئەرز قىلىشقا ئارانلا تۇرۇشىدۇ! سان ـ فرانسىسكودا يۈز بەرگەن نامايىشقا چىققان ئىشچىلار شەھەر باشلىقى بىلەن ساقچىلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ئىش ھېلىمۇ ئېسىڭلاردىمۇ؟ ئۇلار بۇ ئىشنى تېخى «يوللۇق قوغدىنىش» سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن دەپتۇدەك. باش قاتىل تېخى خېجىلمۇ بولماستىن «مەن ئەخلەت يېمەكلىكلەرنى بەك كۆپ يەۋەتكەنلىكتىن، بىر مەھەل ئېسىمنى بىلمەي، بۇ ئىشنى چىقىرىپ قويۇپتىمەن» دېگۈدەكمىش! ۋاي خۇدايىمەي!

بىزنىڭ بۇ جەمئىيىتىمىزدە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە كىشى-
لەر يەنە بارمىكىن تاڭ؟
— مېنىڭچە، بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، — دېدى سمې-
ئون موناخ پائۇلنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا، — بىز ئامېرىكىلىقلار
فرويىدنىڭ پسىخولوگىيىلىك تەلىماتلىرىنى بەكمۇ كەلسە —
كەلمەس ئىشلەتتۇق. شۈنىسى شۈبھىسىزكى، فرويىد پسىخولو-
گىيىگە ھەقىقەتەن زور تۆھپە قوشتى، بۇ نۇقتىدا ھەممىمىز
ئۇنىڭغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ. لېكىن، ئۇ ئوتتۇرى-
غا قويغان ‹بەلگىلىنىش نەزەرىيىسى› ئادەملەرنىڭ ھەر خىل
ئەسكى ئىشلىرىغا ياخشى باھانە تېپىپ بېرىپ، بىزنىڭ ئۆز
ھەرىكىتىمىزگە قارىتا ئۆز ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىزغا تېگىشلىك
مەسئۇلىيەتلەردىن ھېيلىگەرلىك بىلەن قۇتۇلۇشىمىزغا شارائىت
ھازىرلاپ بەردى.
— ‹بەلگىلىنىش نەزەرىيىسى› دېگەن نېمە؟ سمېئون،
— سورىدىم مەن.
— ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، «بەلگىلىنىش نەزەرىيىسى»
ھەرقانداق بىر ئىش ياكى نەتىجىنىڭ (بۇ مەيلى فىزىكىلىق ئىش
ياكى پسىخىكىلىق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) كەينىدە چو-
قۇم مەلۇم بىر سەۋەبنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتى-
دۇ. ئەگەر سىز تورت ياساشتا تاماق رىسالىسىدە كۆرسىتىلگەن
ئۇسۇل بويىچە ئىش قىلسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز ئاخىرى چوقۇم
بىر تورتنى ياسىيالايسىز ياكى باشقىچە ئېيتساق، جون، سىز-
نىڭ ئەينەك زاۋۇتىڭىزدىكىگە ئوخشاش قۇم، توپا ۋە باشقا خام
ماتېرىياللارنى بىرلىكتە ئېرىتىش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرى رەس-
مىي ئەينەكنى ياساپ چىققىلى بولىدۇ. بىر خىل ئەڭ تار
مەنىدىكى بەلگىلىنىش نەزەرىيىسىنىڭ قارىشىچە، كىشىلەر ئە-
گەر ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى ئىگىلىۋالالىسىلا (بۇ ئىشنىڭ فىزى-
كىلىق ئىش ياكى پسىخولوگىيىلىك ئىش بولۇشىدىن قەتئىينە-

زەر) ، ئۇ چاغدا ئۇ ئىشلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولىدىكەن!

— بۇنداق دېيىش تازا ئاقمايدىغۇ دەيمەن، — دېدى لي بۇ گەپكە قارشى تۇرۇپ، — ئەگەر سەۋەب بولسا، چوقۇم نەتىجە بولىدۇ. نەتىجە بولغانىكەن ئۇنىڭ چوقۇم سەۋەبى بولىدۇ، دې-گەن گەپ توغرا بولسا، ئۇ چاغدا بىز ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالىمىز! ئەگەر بىز ئالەمنى زور پارت-لاش يېڭىلا يۈز بېرىپ، پۈتۈن دۇنيا يېڭىلا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئاشۇ چاغلارغىچە ئارقىغا سۈرسەك، ئۇ چاغدا بىز ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى قانداق چۈشەندۈرە-لەيمىز؟ گاز ئاتومى، ھىدروگېن ئاتومى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا نۇرغۇن ئاتوملار قەيەردىن كەلگەن؟ بىز بۇنىڭغا ئوخشاش سوئاللارنى سوراپ بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايمىز. بۇ يەردە چوقۇم ئۈزلۈكسىز يارالغان مەلۇم بىر خىل نەرسە مەۋجۇت. ئەگەر بۇنى دىنىي نۇقتىدىن بايان قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇ چاغدا بىز بارلىق كائىنات پەرۋەردىگار تەرىپىدىن يارىتىلغان دەپ ئېيتساق بولىدۇ!

پائۇل بۇ گەپتىن بىزار بولدىمۇ - قانداق، «ئۆتۈنۈپ قالاي! پاستېر ئەپەندى، سىز ھەركۈنى دىن تەرغىب قىلمىسى-ڭىز كۆڭلىڭىز ئۇنىمايدىغان ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ۋايساپ كەت-تى.

— ئېيتقانلىرىڭىز ناھايىتى توغرا، لي، ئېلىم - پەن بىرىنچى سەۋەبنىڭ زادى قانداق پەيدا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە باشتىن - ئاخىر ئامالسىز، — دېدى سىمپئون موناخ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — گەرچە بۇ نەزەرىيە ھەمىشە دېگەن-دەك ئېلىم - پەندىكى ئەڭ يېڭى تەرەققىياتلارنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر ھەممە ئىشنىڭ سەۋەبى بار دەپ قارايدىغان بۇ خىل بەلگىلىمىنىش نەزەرىيىسىنىڭ

بارلىق فىزىكىلىق ھادىسىلەرگە قارىتا كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. لېكىن، فروپىد بۇ نەزەرىيىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىنسانىيەت پسىخىكىسىغا تەتبىقلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەت ئەزەلدىن تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس بولۇپ، ئاتالمىش ئەركىنلىك پەقەت بىر خىل خاتا تۇيغۇدىنلا ئىبارەت ئىكەن. بىزنىڭ ھەرىكەت ۋە تاللاشلىرىمىز ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىز ھېس قىلىپ يېتىشكە ئامالسىز بولغان يوشۇرۇن ئاڭ تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىكەن. ئەگەر بىز ھەر بىر ئادەمنىڭ تۇغما ئىرسىيىتى ۋە تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ياشاش مۇھىتىنى تولۇق چۈشىنىۋالالىساق، ئۇ چاغدا بىز ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن بولغان ھەرىكىتى ۋە تاللىشىنى ئالدىن توغرا پەرەز قىلىپ چىقالايدىكەنمىز. فلويىدنىڭ بۇ خىل تەلىماتى شۈبھىسىزكى ئەركىنلىك ئېقىمىدىكىلەرگە كۈچلۈك زەربە بەردى.

— بىز ئىرسىيەتشۇناسلىقتىكى بەلگىلىنىش نەزەرىيىسىگە ئاساسەن ئۆزىمىزدىكى مەسئۇلىيەتنى ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا ئىتتىرىپ قويىمىز، — دېدى لىزا، — پسىخولوگىيىدىكى بەلگىلىنىش نەزەرىيىسىگە ئاساسەن ئۆزىمىزدىكى مەسئۇلىيەتنى ئېچىنىشلىق بالىلىق مەزگىلىمىزگە دۆڭگەپ قويالايدىكەنمىز. مۇھىت جەھەتتىكى بەلگىلىنىش نەزەرىيىسىگە ئاساسەن بولسا، ئۆزىمىزدىكى مەسئۇلىيەتنى خوجايىنىمىزغا ئارتىپ قويالايدىكەنمىز ھەم «مېنىڭ ئاتا-ئانام مېنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشۇمنىڭ مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان!»، «مېنىڭ خوجايىنىم ماڭا ياخشى خىزمەت مۇھىتى بەرمىگەچكە، مېنىڭ خىزمەت ئىپادەم مۇشۇنداق ناچار بولۇپ قالغان!»، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرەلەيدىكەنمىز. ۋاي خۇدايىمەي! مەن ھازىرلا ئۆز ھەرىكىتىم ئۈچۈن نەچچە ئون مىڭلىغان يېڭىچە باھانىلەرنى تېپىپ چىقالىغۇدەكمەن، بۇ نېمىدېگەن ياخشى-ھە!

— تۇغما ئىرسىيەت بىلەن ياشاش مۇھىتى توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەرنىڭ مەيدانغا كەلگىنىگە خېلى ئۇزاق زامانلار بولدى.

— دېدى كىنگ، — مېنىڭچە، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى چۈشەنسە كېرەك. گەرچە ئىرسىيەت ۋە مۇھىت ئىنسانىيەتكە ھەقىقەتەن تەسىر كۆرسىتەلىسىمۇ، لېكىن ئىنسانىيەت يەنىلا ئۆز ئالدىغا ئەركىن تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە. مەن بۇنىڭغا قوشكېزەكلەرنى مىسال ئېلىپ ئېيتسام، قوشكېزەكلەر ئوخشاش بىر ئۇرۇقتىن تۆرەلگەن، ئوخشاش گېن، ئوخشاش ئىرسىيەتكە ئىگە ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار گەرچە ئوخشاش بىر ئائىلىدە، يەنى ئوخشاش بىر خىل مۇھىتتا چوڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاخىرى يەنىلا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئادەم بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

— سىلەر بۇ ئايدىكى «تۇرمۇش» ژۇرنىلىغا بېسىلغان تايلاندلىق قوشكېزەكلەر توغرىسىدىكى خەۋەرنى كۆرگەنمۇ؟ — سورىدى پائۇل.

— ھەي، پائۇل، ئۇ خەۋەردە تىلغا ئېلىنغىنى تۇتاش بەدەنلىك بوۋاقلارغۇ، — لي پائۇلنىڭ بۇ سۆزىگە تۈزىتىش بەرمەي تۇرالمىدى.

— نېمە بولسا بولمامدۇ، — دېدى پائۇل سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، بۇ تۇتاش بەدەنلىك بوۋاقلارنىڭ تېنى بىر بېشى ئىككى ئىكەن. لېكىن، ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، بۇ تۇتاش بەدەنلىك ئاچا - سىڭىللارنىڭ خاراكتېرى، ياخشى كۆرىدىغىنى ۋە ھەرىكىتى بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىكەن! ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمۇ ئۇلارنى ئورتاق بەدەنگە ئىگە بولغان، لېكىن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى ئادەم دەپ قارايدىكەن!

— يەنە بىر ياخشى مىسال، — دېدى كىنگ، — ئوخشاش گېن، ئوخشاش مۇھىت، پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى ئادەم-

نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.
سىېئون موناخ ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا ئېيتتى:
— سىلەر ئالغان مىساللار ھەقىقەتەن قالتىس بولدى! مەن سىلەر بىلەن ئۆزۈم تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بىر نەزمىگە ئورتاقلاشماقچىمەن. بۇ نەزمىنىڭ ئاپتورى نامەلۇم. لېكىن، بۇ نەزمىنىڭ ماۋزۇسى «بەلگىلىنىش نەزەرىيىسى يەنە كەلدى». نەزمىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

باردىم ئىزدەپ پىسخىك دوختۇرنى، داۋالىماق بولۇپ،
كۆتتۇم ئۇنىڭ جاۋابىنى ئۆز ئاشقىمنى ئۇرغانلىقىمنىڭ،
ئاڭلاپ ئۇنىڭ سۆزىنى بولۇپ كەتتىم مەست،
ئولتۇرۇپ لۆم - لۆم ئورۇندۇقتا قىيسايغىنىمچە.
قازدى ئۇ نۇرغۇن جاۋاب يوشۇرۇن ئېڭىمدىن،
تىزىپ چىقتى ئۇلارنى ئۇ ئۆزى بىلگەنچە:
بولۇپ قاپتىمەن ھاراقكەش ئۇنىڭ دېيىشىچە،
بىر ياش چاغدا ئاپام ماڭا بەرمىگەچ قونچاق!
يۇقۇپتىمىش ماڭا بۇنداق ئوغرىلىقچە ماراش كېسىلى،
ئىككى ياش چاغدا كۆرۈپ قالغاچ دادامنىڭ ئاشنىدارچىلىقىنى.
ئۈچ ياش چېغىمدا ئىنىم تۇغۇلۇپ،
بوپقاپتىمىش مېنى ھېچكىم ياقتۇرماس،
شۇ سەۋەبتىن قىز دوستۇمنى ئۇرۇپ تۇرغۇدەكمەن پات - پات.
ئاڭلاپ بولۇپ بۇ گەپلەرنى مەن، ئېغىز قۇلاققا يەتتى.
چۈنكى، بىلسەم خاتالىق مېنىڭ ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئىكەن!
ھەممىسى جىنسىي ھەۋەس تېرىغان چاتاقكەن،
بوپتىكەن بۇنىڭغا يوشۇرۇن ئېڭىممۇ ھەمدەم،

www.uyghurkitap.com

كۆپ رەھمەت ئەي ساڭا، فلويىد غوجام!»

بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ كۆپچىلىك قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. پەقەت كلىسلا ئىپادە بىلدۈرمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭدىن «كلىس، قارىغاندا سىز بۇنىڭغا ئانچە قوشۇلمايدىغاندەك قىلىدسىز؟ بۇنىڭغا قارىتا سىزنىڭ قانداق ئوخشىمايدىغان كۆز قارىشىڭىز بار؟» دەپ سورىدىم.

— مېنىڭچە، ئادەملەر ئەركىن تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس، — دېدى ئۇ سۆزۈمگە جاۋابەن. مەسىلەن، نۇرغۇن تەنقىقات دوكلاتلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، ھاراقكەشنىڭ بالىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھاراقكەش بولىدىكەن. ھاراقكەش بىر خىل كېسەلدىن ئىبارەتقۇ؟ شۇڭا، ھاراقكەشلىك تاللاش بىلەن مۇناسىۋەتسىز!

— بۇ مەسىلىنى ياخشى ئوتتۇرىغا قويدىڭىز، كلىس، — دېدى سىمپئون موناخ، — مەسىلەن، مېنىڭ جەمەتىمنى ھاراقكەشلىك تارىخىغا ئىگە دەيلى، ئۇنداقتا مەن ئۆز تېنىمنىڭ ئىسپىرتقا ناھايىتى مايىل ئىكەنلىكى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىشىم كېرەكلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىمەن. لېكىن، دېمەككە مۇشۇنداق بولغان بىلەن، مەن 20، 30 ياشلارغا بارغاندا، تېنىمنىڭ ھاراققا قارشى تۇرۇش كۈچى تامامەن ئاجىزلاپ، ھاراق بولمىسا ھايات كەچۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىمەن. لېكىن، مەن ئۆزۈمدىكى بۇ خىل ھاراقكەشلىك مەسىلىسىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك دادامغا ياكى بوۋامغا يۈكلەپ قويسام، سىلەرچە ئەقىلگە ئۇيغۇن كېلەرمۇ؟ ئەمەلىيەتتە تۇنجى قەدەھ ھاراقنى «مەن ئۆزۈم» ئىچكەن تۇرسام!

مەن بىردىنلا دېمىسەم كۆڭلۈم ئارام تاپمايدىغان گېپىم باردەك ھېس قىلدىم: — مەن يېقىندا «كارخانا ئەخلاقى» دېگەن تېمىدىكى بىر دەرسكە قاتناشتىم. بۇ دەرستە، دەرسكە

مەسئۇل ئوقۇتقۇچى «مەسئۇلىيەت، (responsibilify) دېگەن سۆزنى «ئىنكاس قايتۇرۇش» (sesponse) ۋە «ئىقتىدار» (ability) » دېگەن ئىككى سۆزگە بۆلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بىز ھەر ۋاقىت تۈرلۈك ئاۋارىچىلىكلەرگە ئۇچراپ تۇرىدىكەنمىز. مەسىلەن، قەرز قايىتۇرۇش، زېرىكىشلىك خىزمەت ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن ئارىلىشىش، نىكاھ مەسىلىلىرىگە يولۇقۇش، پەرزەنتلەر ئىش تېرىپ قويۇش، قوشنىلار بىلەن ياخشى چىقىشالماسلىق قاتارلىقلارغا ئوخشاش. بىز بۇ خىل ئاۋارىچىلىكلەردىن ھامان قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەنمىز. لېكىن، ئۆزىمىز بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن يولۇققان ئاشۇ ئاۋارىچىلىكلەرگە قايسى خىل ئۇسۇلدا ئىنكاس قايتۇرۇشتا «تاللاش» ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنمىز!

— ئەمەلىيەتتە، — دېدى سمېئون موناخ ئادەتتىكىدىن تېزرەك سۆزلەپ، — ئىنكاس قايتۇرۇش ئۇسۇلىنى تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ تەبىئىي ئىقتىدارلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھايۋانلار ئىشلارغا پەقەت ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارىغا تايىنىپلا ئىنكاس قايتۇرىدۇ. مىجگان شتاتىدىكى ئېيىقنىڭ ئۆۋىسى بىلەن مونتانا شتاتىدىكى ئېيىقنىڭ ئۆۋىسى ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق بولمايدۇ؛ ئوخشىمىغان شتاتتىكى تاغ قاغىسىنىڭ چاڭگىسى بىلەن ئۇتا شتاتىدىكى تاغ قاغىسىنىڭ چاڭگىسى ئارىسىدىمۇ ئوخشاشلا ھېچقانداق پەرق بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، بىز گەرچە دېڭىز دېلفىنىغا پولات چەمبىرەكتىن قانداق سەكرەشنى ئۆگىتەلىسەكمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭدىن ئۆگىنىش تەسىراتى توپلىيالمايدۇ. ئۇ پەقەت پولات چەمبىرەكتىن سەكرىگەندىلا ئاندىن بېلىق يېيەلەيدىغانلىقىنىلا بىلىدۇ.

پائۇل بېشىنى لىڭشىتىپ ئۆزىنىڭ بۇ سۆزگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى:

— شۇنداق، ئوخشاشلا ئامېرىكا ـ ۋېتنام ئۇرۇشىدا يارىلىنىپ، چاقلىق ئورۇندۇقتىلا ھەرىكەت قىلالايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان پېشقەدەم ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىگە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش خۇمارىنى يۇقتۇرۇۋېلىپ، خىرۇئىنغا تايىنىپلا كۈن كەچۈرۈش گىردابىغا بېرىپ قالغان بولسا، ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسمى تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ، قىسمىدىن قايتقان پېشقەدەم ئەسكەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۇيۇشما باشلىقلىق دەرىجىسىگە يەتكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى گەرچە ئوخشاش مەسىلىگە يولۇققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىگە ئىنكاس قايتۇرۇش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغان!

سىمېئون موناخ ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا سۆزلەشكە باشلىدى:

— سىلەر ۋىكتور فرانك (ئادىمىيلىك ۋە مەۋجۇدىيەت پسىخولوگىيىسى تەتقىقاتچىسى) دېگەن ئادەمنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ ئۇ ئىلگىرى ناھايىتى مەشھۇر بولغان «ئەھمىيەت قوغلىشىدىغان ئىنسانىيەت» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب ھەقىقەتەن ناھايىتى ياخشى بولۇپ، مەن سىلەرنىڭ ئۇنى ئوقۇپ بېقىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. فرانك بىر يەھۇدىي پسىخولوگ بولۇپ، ئۇ نامى مەشھۇر ۋىيېنا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىدە پروفېسسور بولغان. سۆزلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، فلويدمۇ ۋىيېنا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، فرانك فرويد ۋە ئۇنىڭ بەلگىلىنىش نەزەرىيىسىگە ئىنچىل چوقۇنۇپ كەلگەن. لېكىن، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، فرانك يىغىۋېلىش لاگېرىغا بىر قانچە يىل قاماپ قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ناتسىستلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، مال ـ مۈلكى بۇلاپ كېتىلگەن. ئۇنىڭ ئۆزى بولسا، قورقۇنچلۇق تېببىي تەجرىبىلەرنىڭ تەجرىبە ئوبيېكتى قىلىنغان. فرانك ئۇچرىغان ئازابلار تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز بولۇپ، ئەگەر ئاشقازىنى ئانچە ياخشى ئەمەس ئادەملەر



www.uyghurkitap.com

بۇلارنى ئاڭلاپ قالسا، چىداپ تۇرالماي قوشۇۋېتىشى مۇمكىن
ئىكەن. گەرچە ئۇنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ئازابلىرى چىدىغۇ-
سىز دەرىجىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ جەرياندا ئىنسانىيەت ۋە
ئادىمىيلىككە نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولغان
ھەم ئۇنىڭدا بەلگىلىنىش نەزەرىيىسىنىڭ قىممىتىگە نىسبەتەن
گۇمانلىنىش پەيدا بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز كىتابىدا مۇن-
داق دەپ يازغان: فرويىد ئىلگىرى، ئەگەر خاراكتېرى بىر -
بىرىگە ئوخشاش بولمىغان بىر توپ ئادەملەر ئوخشاش ئاچارچى-
لىقتا مەھكۇم قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئاچلىق دەرىجىسى-
نىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئاچلىق تۇيغۇسىنىڭ تۇرتكى-
سى ئاستىدا، بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى خاراكتېر پەرقى
تەدرىجىي يوقىلىشقا باشلايدۇ ھەم ئاخىرى بۇ «بىردەك ئىنكاس
قايتۇرۇش ۋە بىردەك ھەرىكەت قىلىش» قا ئايلىنىدۇ. دېگەن.
پەرۋەردىگارغا شۈكرى، فرويىد يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا ئەزەل-
دىن تۇرۇپ باقمىغاچقا مۇشۇنداق يەكۈنگە كەلگەن. فرويىد
ۋىكتورىيىچە ئۇسلۇبتىكى ئېسىل ئۆيلەردە تۇرۇپ كېسەل داۋا-
لىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىمارلىرىمۇ مەينەت يىغىۋېلىش لاگېرلى-
رىدا تۇرىدىغان كىشىلەر بولماستىن، بەلكى ئېسىل تۆشەكلەردە
راھەتلىنىپ ياتىدىغان كىشىلەر ئىدى! شۇنى بىلىش كېرەككى،
يىغىۋېلىش لاگېرىدا كىشىلەرنىڭ خاراكتېر پەرقى فرويىد ئېيت-
قاندەك ئۇنداق تەدرىجىي يوقىلىپ بارماستىن، بەلكى تېخىمۇ
كۈچىيىدۇ.

نىقابلىق ئادەم بەلكىم توڭگۇز مىجەزلىك ئادەم بولۇشىمۇ
ياكى ئېسىل سۈپەت ئادەم بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئادەم مۇتلەق
ھالدا ئۆز ھەرىكىتىنى ئۆزى بەلگىلىيەلەيدىغان بولۇپ، ئادەم
ھەقىقەتەن ئۆزىنى ئۆزى يېتىشتۈرىدۇ. خۇددى بىز بۇ جازا
لاگېرىدا، يەنى بۇ تىرىك ئادەملەر تەجرىبىخانىسىدا ئۆز كۆزىمىز
بىلەن كۆرگەندەك، بىر قىسىم تۇرمىداشلار ئېچىنىشلىق توڭ-

گۆزغا ئوخشاپ قالغان بولسا، يەنە بىر قىسىم تۇرمىداشلار ئۆزىنىڭ ئېسىل، ئۇلۇغ ئادەم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغاندەك، ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق ئادەم بۇ ئىككى خىل يوشۇرۇن ئىقتىدار-نىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ قايسى بىرىنىڭ نامايان بولۇشى مۇھىت شارائىت تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تاللىشى تەرىپىدىن بەلگى-لىنىدۇ.

بىز بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي قىياپى-تىنى تونۇپ يەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن تولىمۇ ئەمەلىي بولغان بىر ئەۋلاد بولۇپ ھېسابلىنىمىز. يىغىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلار يىغى-ۋېلىش لاگېرىدىكى زەھەرلىك گاز تەجرىبىخانىلىرىغا ئوخشاش تەجرىبىخانىلارنى قۇرالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئاشۇ تەج-رىبىخانىلارغا ئاغزىدا پەرۋەردىگارغا مەدھىيە ئوقۇغان ھالدا مەردانىلىك بىلەن كىرىپ كېتەلەيدۇ.

— كونا كۆز قاراشلارنى ئۆزگەرتىشنىڭ يەنە بىر مىسالى-غۇ بۇ! — دېدى لىزا سالماق سۆزلەپ، — مەن پۈتۈن بەدىنىمدە بەلگىلىنىش نەزەرىيىسىنىڭ قېنى ئېقىۋاتقان بىر پسىخولوگنىڭ «ئادەم مۇتلەق ھالدا ئۆز ھەرىكىتىنى ئۆزى بەلگىلىيەلەيدىغان بولۇپ، ئادەم ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئۆزى يېتىلدۈرىدۇ»، «ئادەم-نىڭ قايسى خىل يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ نامايان بولۇشى مۇ-ھىت ۋە شارائىت تەرىپىدىن بەلگىلەنمەستىن، بەلكى شۇ ئادەم-نىڭ ئۆزىنىڭ تاللىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ»، دېگەن گەپلەر-نى قىلىدىغانلىقىنى ھەقىقەتەن ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. بۇ راست-تىنلا بىر مۆجىزە ئىكەن!

چۈشتىن كېيىنكى دەرس ۋاقتىدا، سىمپئون موناخ مەسئۇ-لىيەت ۋە تاللاشنىڭ مۇھىملىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى.

— مەن سىلەرگە ئۆزۈمنىڭ تۇغرۇلۇق بۇندىن تەخمىنەن 60 يىللار ئىلگىرى يۈز بەرگەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي. ئۇ

چاغدا مەن 6 ـ يىللىقتا ئوقۇۋاتقان بولۇپ، بىر قېتىم سىنىپدىمىزدىكى بالىلار بىرلىگەن تاپشۇرۇقنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىدىن قاقشاشقا باشلىدى. بۇ چاغدا بىزنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىمىز كىم ئەپەندى بىزگە: مەن سىلەرنى تاپشۇرۇق ئىشلەشلار، دەپ مەجبۇرلىيالمايمەن، بىراق ئاڭلاپ تۇرۇڭلار، ئىنسان ئۈچۈن بۇ دۇنيادا قىلمىسا بولمايدىغان ئىشتىن پەقەت ئىككىسىلا بار. بىرى ئۆلۈش؛ يەنە بىرى...

— باج تاپشۇرۇش! — دەپ پائۇل دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈردى.

— توغرا، پائۇل. دەل ئۆلۈش ۋە باج تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئىش! بۇ ئىككى ئىش ئەمدىلا باشلانغۇچنىڭ 6 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەن ئۈچۈن تولىمۇ يىراقتىكى ئىش ئىدى. مەن تېخى كىچىك بولغاچ، ئۆلۈم ماڭا خېلى ئۇزاق يىللاردىن كېيىن ئاندىن يېقىنلىشىشى مۇمكىن ئىدى. باج تاپشۇرۇش ئىشى بولسا، مېنىڭ تېخى يېرىم موچەنمۇ پۇلۇم بولمىغاچ، باج تاپشۇرۇشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزۈمنى ئىشلاردىن پۈتۈنلەي ئازاد بولۇپ كەتكەندەك، ھېچ ئىش قىلمىسامۇ بولىۋېرىدىغاندەك ھېس قىلدىم! شۇنداق قىلىپ، مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئۇ كۈنى سەيشەنبە بولۇپ، دەل ئەخلەت يىغىشتۇرىدىغان كۈن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن دادام ئاخشىمى ماڭا «ئوغلۇم، ئەخلەتنى تۆكۈۋېتىپ كەلگىنە» دېدى. مەن دەرھال ئۇنىڭغا «دادا، سىز بىلەمسىزكىن، بۈگۈن كىم مۇئەللىمنىڭ دېيىشىچە، بۇ دۇنيادا قىلمىسا پەقەت بولمايدىغان ئىشتىن ئىككىسىلا بار ئىكەن. ئۇلار ئۆلۈش ۋە باج تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەن!» دېدىم. مەن شۇ چاغدا دادامنىڭ ماڭا قىلغان گېپىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن. شۇ چاغدا ئۇ ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ، بىر ئېغىز بىر ئېغىزدىن ئاستاغىنا «ئوغلۇم، مەن سېنىڭ مەكتەپنە

www.uyghurkitap.com

بۇنچىۋالا كۆپ كىرەكلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالغىنىڭدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. ناھايىتى ياخشى، سەن ئەڭ ياخشىسى مەن بىلەن ئوينىشما. ئەگەر سەن بۇ ئەخلەتنى تۆكۈۋېتىپ كىرمەيدىغان بولساڭ، ئۇ چاغدا مەن سېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پۈتۈن سىنىپتىكىلەر كۈلۈشۈپ كېتىشتى. سىمېئون موناخ گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

— ئەسلى گېپىمىزگە كەلسەك، كىم مۇئەللىمنىڭ ئېيتقانلىرىنى پۈتۈنلەي توغرا دېگىلى بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ دۇنيادا باج تاپشۇرمايمۇ ياشىيالايدىغان كىشىلەر بار ئىدى. مەسىلەن، ئامېرىكا، ۋېتنام ئۇرۇش مەزگىلىدە، بىر قىسىم كىشىلەر ئۇرۇش مەيدانىغا بېرىشنى خالىماي، غەربىي شىمالدىكى ئورمانلىقلار ئىچىگە قېچىپ بېرىپ تۇرمۇش كەچۈرگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئۇ يەردىكى تۇرمۇشى پۈتۈنلەي ئۆزىنى ئۆزى قامدايدىغان شەكىلدىكى تۇرمۇش بولۇپ، ئۇلار ئۇ يەردە پۇل ئىشلەتمىگەنلىكتىن، تەبىئىي ھالدا باج تاپشۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىغانىدى. لېكىن، كۆپچىلىك، بۇ دۇنيادا ھەقىقەتەن ئادەم قىلمىسا بولمايدىغان ئىككى ئىش بار، ئۇلار بولسىمۇ ئۆلۈم ۋە تاللاشتىن ئىبارەت، بۇلاردىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

— كىم شۇنداق دەيدۇ! ھاياتتىن بىراقلا ۋاز كېچىپ، ھېچقانداق تاللاشنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرمىسە ۋە ھېچقانداق قارار چىقارمىسا يەنىلا بولىۋېرىدىغۇ؟ — دېدى پائۇل ئېتىراز بىلدۈرۈپ.

— دانىيە پەيلاسوپى كىيېركېگارد ، ھېچقانداق قارار چىقارماسلىقنىڭ ئۆزى بىر قارار، ھېچقانداق تاللاش ئېلىپ بارماسلىقنىڭ ئۆزى بىر تاللاش، دېگەنىدى، — دېدى لىزا ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن.

— سىمېئون بىز كەچكىچە تاللاش ۋە مەسئۇلىيەت توغرى-

سىدىلا سۆزلەشتۇق. سىز زادى بۇ ئارقىلىق نېمە دېمەكچى؟
— سورىدى پائۇل.
— ئۇنتۇپ قالماڭ، پائۇل بىز «نوپۇز ۋە رەھبەرلىك قىلىش ئىرادىدىن باشلىنىدۇ» دېگەنىدۇق. ئاتالمىش ئىرادە بولسا، مۇددىئا بىلەن ھەرىكەتنى ئۆزئارا باغلاشتىكى بىر خىل تاللاشتۇر. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بىز ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكەتتى ئۇچۇن تاللاش ئېلىپ بېرىشقا ۋە تاللاشتىن كېلىپ چىققان مەسئۇلىيەتلەرنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز. بىز سەۋرچان بولۇشىمىز كېرەكمۇ ياكى تاقەتسىز بولۇشىمىز كېرەكمۇ؟ بىز كىشىلەرگە مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەكمۇ ياكى قاتتىق قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەكمۇ؟ بىز باشقىلارنىڭ گېپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشىمىز كېرەكمۇ ياكى باشقىلارنىڭ گېپىگە قوشۇق سېلىشقا پۇرسەت ئىزدىشىمىز كېرەكمۇ؟ بىز باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەكمۇ ياكى ئالدامچى بولۇشىمىز كېرەكمۇ؟ بىز پۈتۈن نىيىتىمىز بىلەن ئىش قىلىشىمىز كېرەكمۇ ياكى ئەپلەپ - سەپلەپ ئىش كۆرۈشىمىز كېرەكمۇ؟
— سىمېئون، — دېدى پائۇل، بۇ چاغدا ئۇ ئىلگىرىكىدىن سىپايىدەك تەلەپپۇزدا سۆزلەۋاتاتتى، — مەن ھېلىھەم سىزگە ئىلگىرى ئېيتقان گەپلىرىمنى ئويلاۋاتىمەن. شۇ چاغدا بىز سۆيۈشنىڭ تۇرلۇك ئىپادىلىرىنى مۇنازىرە قىلغان چاغدا، مەن سىزگە «ئۇنداق قىلىش ئادەمنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىگە تۇپتىن خىلاپ» دېگەنىدىم. لېكىن، سىز ماڭا مېنىڭ پەقەت ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئۇسۇلى بويىچىلا ئىش قىلسام، «باشقىلارنى سۆيۈش»نى چوقۇم ئورۇندىيالايدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىڭىز. بىراق، مەن ئۆزۈمنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىمدىن ئېلىپ ئېيتسام، مېنىڭچە، مەن بۇ ئىشنى ھەرگىز ئورۇنلىيالمايمەن. مەن قول

ئاستىمدىكى ئەسكەرلەرگە مۇشۇنداق ئۇسۇل بويىچە قوماندانلىق قىلىشنى ئويلىساملا قۇيقا چىچىم تىك تۇرىدۇ. بۇنداق قىلىش ئادىمىيلىككە تۈپتىن خىلاپقۇ.

— ئادىمىيلىك؟ ئادىمىيلىك دېگەن نېمە؟ مەلۇم بىر مۇتەخەسسىسنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ‹ئادىمىيلىك دېمەك ئىشتان كىيىپ تۇرۇپ چوڭ تەرەت قىلىش دېمەك، قۇ! — دېدى لىزا.

— پاھ، قالتىس گەپ بولدىغۇ بۇ! سىز بۇ گەپنى نەدىن ئۆگىنىۋالدىڭىز، هوي؟! — دېدى پائۇل قىزىقچىلىق قىلىپ.

— بۇنى پسىخولوگ هەم ناتىق سكوت پېك ئېيتقان. مەن بۇنى ئۇنىڭ «قەلب خەرىتىسى» دېگەن كىتابتىن ئوقۇغان، — دېدى لىزا كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ گەپ ئاڭلىماققا بىر ئاز سەتتەك تۇيۇلىدۇ. بىراق، مېنىڭچە ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىنىڭ ناهايىتى ئاساسى بار. كىچىك بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، هاجەتخانىغا چىقىشنى مەشىق قىلىش بۇ دۇنيادىكى ئادىمىيلىككە ئەڭ ئۆيغۇن بولمىغان ئىش بولۇپ، ئۇلارچە بولسا، بۇنداق ئىشنى مەشىق قىلىپ ئاۋارە بولغاندىن، ئىشتاننىڭ ئۆزىگىلا تەرەت قىلىۋەتسە ياخشىراق. لېكىن، بىر مەزگىللىك مەشىقتىن كېيىن، ئەسلىدە ئادىمىيلىككە ئۆيغۇن بولمىغان ئىش ناهايىتى تەبىئىي بىر ئىشقا ئايلىنىپ، بالىلار تەدرىجىي هالدا ئۆزىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان، بۇرۇنقىدەك ئىشتانغا تەرەت قىلمايدىغان، بەلكى هاجەتخانىغا بېرىپ تەرەت قىلىدىغان بولىدۇ. «مېنىڭچە، بۇ قائىدىنى هەرقانداق بىر ئىشقا تەتبىقلاشقا تامامەن مۇمكىن، — دېدى كىنگ، — بىز بۇ قائىدە ئارقىلىق ئۆزىمىزدە هاجەتخانىغا بېرىش، چىش چوتكىلاش، كىتاب ئوقۇش ۋە خەت يېزىشقا ئوخشاش تۈرلۈك ئادەت ۋە ماهارەتلەرنى مەشىق قىلىپ يېتىلدۈرەلىگۈدەكمىز. مەن ئەمدى چۈشەندىم. ئاتالمىش مەشىق قىلدۇرۇش دېمەك ئەسلىي بىزگە ماهىيەتكە



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆيغۇن بولمىغان ماھارەتلەرنى ئۆگىتىش دېمەككەن.

— ناھايىتى توغرا دېدىڭىز! — دېدى سىمېئون موناخ ئۇنى ماختاپ، — بىز ھەقىقەتەن ئۆزىمىزدە ئەسلىي ماھىيىتىمىزگە خىلاپ بولغان ماھارەتلەرنى تاكى بۇ ماھارەتلەر ئۆزىمىزنىڭ ئادىتىمىزگە ئايلانغانغا قەدەر مەشىق قىلىپ يېتىلدۈرەلەيمىز! ئادەم ئادەتتە ئادەتلەنگەن ھايۋاندۇر. سىلەر دىققەت قىلدىڭلارمىكىن، سىلەر ھەممىڭلار بۇ بىر ھەپتىلىك دەرس جەريانىدا، ئۆزۈڭلارنىڭ بىرىنچى كۈندىكى ئورنۇڭلارنى تا ھازىرغىچە ئۆز-ئارا بىرەر قېتىممۇ ئالماشتۇرۇپ باقمىدىڭلار.

— توغرا دەيسىز، سىمېئون، — دېدىم مەن بۇ ئىشنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ.

سىمېئون موناخ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— مېنىڭچە، سىلەرمۇ بەلكىم ئاڭلىغان بولۇشىڭلار مۇمكىن. بىر يېڭى ئادەت ياكى يېڭى ماھارەتنى يېتىلدۈرۈش ئۆ-چۈن چوقۇم تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈش كېرەك. مەيلى ياخشى ئادەت، ياخشى ماھارەت ۋە ياخشى ئىش - ھەرىكەتنى يېتىلدۈرۈش بولسۇن ياكى يامان ئادەت، يامان ماھارەت ۋە يامان ئىش - ھەرىكەت يېتىلدۈرۈش بولسۇن، ھەممىسىدە ئوخشاشلا بۇ تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتمەي بولمايدۇ. بىلەمسىلەر، بۇ تۆت باسقۇچنى يەنە يېڭىچە رەھبەرلىك قىلىش ماھارىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تەتبىقلاشقىمۇ بولىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچ: نادانلىق، ئاڭسىزلىق باسقۇچى.

— بۇ باسقۇچتا، بىز ئۆزىمىزنى يېتىلدۈرىدىغان ئىش - ھەرىكەت ياكى ئادەتلەرنى تامامەن تونۇپ يەتمىگەن بولۇپ، بۇ ئەڭ ئىپتىدائىي باسقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا، بەلكىم ئاپىڭىز سىزگە قانداق تەرەت قىلىشنى تېخى ئۆگەتمىگەن بولۇشى ياكى ئۆزىڭىز بىرىنچى تال تاماكىنى تېخى چەكمىگەن ۋە بىرىنچى قەدەمدە ھاراقنى ئىچمىگەن ۋە ياكى قار تېيىلىش،

ۋاسكېتبول ئويناش، پىئانىنو چېلىش، خەت ئۇرۇش، كىتاب ئوقۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشنى تېخى باشلىمىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ باسقۇچتا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ماھارەت ئۆگىنىشنى تېخى تونۇپ يەتمىگەن ھەم ئۇنىڭغا قارىتا قىلچە قىزىقىش ھېس قىلمىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ماھارەت ئۆگىنىش تېخى باشلانمىغان باسقۇچتۇر.

ئىككىنچى باسقۇچ: ئاڭلىقلىق تۇرغۇزۇلغان ئۆگىنىش باسقۇچى

— بۇ باسقۇچتا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ قانداق يېڭى ھەرىكەت ياكى ماھارەت ئۆگىنىشىڭىز كېرەكلىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ يەتكەن، لېكىن ئاشۇ ھەرىكەت ياكى ماھارەتنى تېخى ئۆگىنىپ بولمىغان بولىسىمۇ، بۇ باسقۇچتا بەلكىم ئاپىڭىز سىزگە قانداق تەرەت قىلىشنى ئۆگىتىشنى ئاللىقاچان باشلىغان بولۇشى، ياكى سىز تۇنجى تال تاماكىنى چېكىپ، تاماكا ئىسىدىن تۇنجۇقۇپ كەتكەن ۋە تۇنجى قەدەھ ھاراقنى ئىچىپ ھاراقنىڭ گالدىن ناھايىتى تەستە ئۆتىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولۇشىڭىز ۋە ياكى قار تېيىلىش، ۋاسكېتبول ئويناش، خەت ئۇرۇش، پىئانىنو چېلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشنى باشلىغان بولۇشىڭىز، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى سىز ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق، ئادىمىيلىككە تولىمۇ خىلاپ، ھەتتا ئادەم ھاياتىغا تەھدىت سالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇيۇلۇشى مۇمكىن. پائۇل، بايا سىز تېخى دەرسىمىزدە سۆزلەپ ئۆتكەن ئاشۇ قائىدىلەرنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشنى ئويلىسىڭىزلا قۇيقا چېچىڭىزنىڭ تىك تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىڭىز… بۇ دەل سىزنىڭ مۇشۇ باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزدىن بولغان! لېكىن، سىز پەقەت قەتئىي داۋاملاشتۇرىدىغانلا بولسىڭىز، ناھايىتى تېزلا بۇنىڭدىن كېيىنكى باسقۇچقا قەدەم قويالايسىز.

— سىبىئون موناخ شۇنداق دىگىنىچە دوسكىغا تۆۋەندىكى سۆزلەرنى يازدى:

ئۈچىنچى باشقۇچ: ئاڭلىقلىق تۇرغۇزۇلغان، ئۆگىنىشنى تامامىلاش باسقۇچى.

— بۇ باسقۇچتا سىز يېڭى ھەرىكەت ياكى يېڭى ماھارەتنى ئۆگىنىۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا بارغانچە ماسلىشىپ كېتىسىز. بۇ چاغدا سىز ئىشتىنىڭىزغا چوڭ تەرەت قىلىپ قويمايدىغان، تاماكا چەكسىڭىز ياكى ھاراق ئىچسىڭىز ھوزۇر ھېس قىلىدىغان، قار تېيىلىشتىن قورقمايدىغان، ۋاسكىتبولنى خۇددى مىلىك. جۇردانغا ئوخشاش ئوينايدىغان ۋە خەت ئورغاندا ياكى پىئانىنو چالغاندا قول ھەرىكىتىڭىزنىڭ توغرا - خاتالىقىغا قاراپ ئولتۇرمايدىغان بولىسىز. دىمەك، بۇ باسقۇچتا، سىز ئاشۇ ئىشلارنىڭ «پىرى» بولۇپ كېتىسىز، ئۇنداقتا كۆپچى-لىك، ئېيتىپ بىقىڭلارچۇ، تۆتىنچى باسقۇچ قانداق باسقۇچ بولۇشى مۇمكىن؟

— بىمالال تەتبىقلىيالايدىغان باسقۇچ! — دەپ جاۋاب بې-رىشتى كۇرسانت خۇددى ئالدىنئالا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا.

— جاۋابىڭلار توغرا! — دېدى سىبىئون موناخ دوسكىغا يازغاچ سۆزلەپ.

تۆتىنچى باسقۇچ: بىمالال تەتبىقلىيالايدىغان بولۇش باسقۇ-چى.

— بۇ باسقۇچقا كەلگەندە، سىز ئۆزىڭىز مەشىق قىلغان ئىشلارغا ناھايىتى پىششىق بولۇپ كېتىسىز. بۇ باسقۇچتا، ھەر كۈنى ئەتىگەن ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ چىش چوتكىلاش، ھاجەتكە چىقىش دىگەندەك ئىشلار سىز ئۈچۈن تولىمۇ «تەبىئىي» ئىش-لارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ باسقۇچتا سىز يەنە ھاراقكەش ياكى بەڭگىگە ئايلىنىپ، بۇ ئادەتلەردىن ھەرگىز ۋاز كېچەلمەسلىكى-ڭىز؛ تاغ چوققىسىدىن قار تېيىلىش ھەرىكىتىنى خۇددى كوچى-

www.uyghurkitap.com

ـدا سەيلە قىلىپ كېتىپ بارغاندەكلا ناھايىتى ئوڭاي تاماملىيالىـ
شىڭىز مۇمكىن! مىڭ. جوردان دەل مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ
ۋەكىلى! نۇرغۇن ۋاسكىتبول ئويۇنچىلىرى ئۇنىڭ توپ مەيدا-
نىدىكى ئىپادىسىنى خۇددى نەپەس ئالغاندەك تەبىئىي دەپ ماختاي-
دىغان بولۇپ، بۇ خىل سۈپەتلەش ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ماس
كېلىدۇ، جوردان توپ ئوينىغان چاغدا ھەرگىز كاللىسىنى ئىشـ
لەتمەيدۇ، شۇنداقلا توپ ئويناش تاكتىكىسى ياكى توپ ئويناش
ئۇسۇلى توغرىسىدا ئويلىنىپمۇ ئولتۇرمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ۋاسـ
كىتبول بىلەن ئاللىقاچان بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن. بۇنىڭغا
ئوخشاشلا، ماھارىتى پىشىپ يېتىلگەن پىئانىنوچى ۋە خەت ئۇر-
غۇچىلارمۇ ئۆزىنىڭ قول ھەرىكىتىگە قاراپ تۇرماستىنلا، پىئا-
نىنو ۋە خەت ئۇرۇش تاختىسىنى بىمالال ئىشلىتەلەيدۇ. دېمەك،
بۇ باسقۇچتا، بىزنىڭ ھەرىكەت ياكى ئادەتلىرىمىز ئالللىقاچان
ئۆزىمىزنىڭ «ئەسلىي ماھىيىتىمىز» گە ئايلىنىپ كەتكەن بولىـ
دۇ. پائۇل بۇ باسقۇچقا بارغاندا رەھبەرلىك قىلىش ھەرىكىتى
رەھبەرلەرنىڭ ئادىتىگە، يەنىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا،
«تەبىئىي ماھىيەت» كە ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ. بۇ چاغدا رەھ-
بەر بولغۇچى ئۆزىنى زورلاپ ياخشى ئادەم ۋە ياخشى رەھبەر
قىياپىتىگە كىرىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، ئۇ بۇ ۋاقىتتا
تەبىئىي ھالدا ئالللىقاچان بىر ياخشى ئادەم ۋە ياخشى رەھبەرگە
ئايلىنىپ بولغان بولىدۇ.

— سىمېئون، بۇ ئاڭلىماققا خۇددى خاراكتېر يېتىلدۈرۈشـ
كىلا ئوخشايدىغۇ.

— توغرا، جون، — جاۋاب بەردى سىمېئون موناخ ناھايىتى
ئىشەنچ بىلەن، — ئەمەلىيەتتە رەھبەرلىك قىلىش خاراكتېرى،
باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە داھىيلارچە جەلپ قىلىش كۈچى قاتار-
لىقلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز، بەلكى ئۇ سىز «ئۆزىڭىز» بىلەن
مۇناسىۋەتلىك. ئىلگىرى مەن رەھبەرلىك قىلىش شەخسىنىڭ

ئۇسلۇبى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ئويلايتتىم. بىراق، هازىر ھېس قىلىسام، رەھبەرلىك قىلىش ئەمەلىيەتتە، شەخسنىڭ تەبىـ ئىيتىگە، يەنى شەخسنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

ــــ بەللى، مۇشۇنداق دېيىش توغرا، ــــ دېدى لى ئۇلۇغ رەھبەرنىڭ خاراكتېر ۋە ئىستىلى ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، گېـ نېرال باتون بىلەن گېنېرال ئېيىزىنخاۋئىر، لېلا كوككا بىلەن مارى. كاي، روزۋېلت زۇڭتۇڭ بىلەن رېگان زۇڭتۇڭ، بىللى گراخام بىلەن دوكتور مارتىن. لوت. كىن... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى گەرچە ناھايىتى قالتىس رەھبەرلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ خىزمەت ئىستىلى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. سىمېئون، سىز ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز، ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا چوقۇم نوقۇل ئىستىل ياكى خاراكتېرگە تايانغان ئەمەس.

ــــ رەھبەرلىك قىلىش ياكى سۆيۈش مىجەز ـ خاراكتېر ئاساسىغا تۇرغۇزۇلىدۇ. سەۋرچان بولۇش، مېھرىبانلىق، كەمـ تەرلىك، خالىسلىق، ھۆرمەت قىلىش، كەڭ قورساقلىق، سەـ مىمىيلىك، لەۋزىدە تۇرۇش... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مىجەزـ خاراكتېر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىز مۇۋەپپەقىيەت قازانـ غان رەھبەر بولۇشنى ئويلايدىكەنمىز، ئۇ چاغدا بىزنىڭ مۇشۇ مىجەز ـ خاراكتېرلەرنى ئۆزىمىزدە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىزغا ھەم ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكىتى ياكى ئادىتىمىزگە ئايلاندۇـ رۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، ــــ دېدى سىمېئون موناخ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

ــــ مەن يەنە قانداقتۇر مەشھۇر كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى تىلغا ئالماقچى ئەمەسمەن. بىراق، مەن پاراڭ تېمىمىزغا تولىمۇ ماس كېلىدىغان ھەم بەلگىلىنىش نەزەرىيىچىلىرىنىڭمۇ ياقتۇـ رۇشىغا ئېرىشەلەيدىغان بىر جۈملە سۆزنى بايان قىلىپ ئۆتۈشنى

ئويلاپ قالدىم. بۇ بىر جۈملە سۆز مۇنداق: ئىدىيە ھەرىكەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھەرىكەت ئادەتكە ئايلىنىدۇ. ئادەت مىجەز ـ خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ، مىجەز ـ خاراكتېر تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ، ــ دېدى لىزا.

ــ ۋاي خۇدايىم، مەن بۇ گەپلەرنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالدىم، لىزا! ــ دېدى لى ماختاپ.

شۇنداق قىلىپ بۇ دەرسىمىزمۇ ۋاقتى توشتى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يەتتىنچى كۈنى

تەسىرلىنىش — ئىنكاس قايتۇرۇش

يۈرەكنى لەرزىگە سالغان ئىلھام

بىر ھەسسە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىڭىز مىڭ ھەسسە ئۇنۇم ھاسىل بولىدۇ.

جىم. رون (ئامېرىكىلىق كارخانا باشقۇرۇش مۇتەخەسسىسى)

تۆتتىن 50 مىنۇت ئۆتتى. مەن ئاللىقاچان سىمېئون موناخنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ بولغانىدىم. مەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىم. بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئەتىگەنلىك ئۇچرىشىشىمىز ئىدى.

سىمېئون موناخ تۇيۇقسىز بېشىنى مەن تەرەپكە بۇراپ مەندىن سورىدى.

— جون، سىزچە ئۆتكەن بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە قايسى ئىش سىزنى ئەڭ كۆپ پايدىغا ئېرىشتۈردى؟

— ھىم… بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس… بىراق، «سۆيۈش» بولسا ئىسىم ئەمەس، بەلكى پېئىل دېگەن گەپ ماڭا كۆپ ئىلھاملارنى بەردى، — دېدىم مەن، — ناھايىتى ياخشى ئۆگىنىپسىز، جون ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىر ئادۇوكات ئۆتكەنىكەن. بىراق، شۇ چاغلاردا كىشىلەر ئادۇوكاتنى «ئۇستاز» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ ئادۇوكات ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ ھەم ئەيسا پەيغەمبەردىن قايسى ئايەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. سىزمۇ بىلىسىز، يەھۇدىي دىنىي تەلىماتى بىر قانچە ئەسىرلىك تارقىلىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق بىر تۈرلۈك تەلىماتقا

ئايلىنىپ قالدى. لېكىن، ھېلىقى ئادۋوكات قەستەن ئادەم قىيـ-
ناپ، ئەيسا پەيغەمبەردىن شۇنچىۋالا نۇرغۇن دىنىي تەلىماتلار
ئىچىدىن ئەڭ مۇھىم بولغان بىر ئايەتنى تېپىپ چىقىشنى تەلەپ
قىلىدۇ! ئەيسا ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاددىي
قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سەن پۈتۈن دىلىڭ، پۈتۈن ھېسسىيا-
تىڭ، پۈتۈن كۈچۈڭ ۋە پۈتۈن نىيىتىڭ بىلەن ياراتقان ئىگەڭنى
ۋە قولۇم - قوشنىلىرىڭنى خۇددى ئۆزۈڭنى سۆيگەنگە ئوخشاش
سۆي!»

— بۇنداق بولغاندا، سۆيۈش موناستىرغا بېرىش ياكى دى-
نىي ئەھكاملارغا رىئايە قىلىشقا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم ئىكەن-
دە؟

— مەن ئەزەلدىن بىزنىڭ ھايات مۇساپىمىزدە بىر قىسىم
ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىمىزگە ھەمراھ بولۇشى ناھايىتى
ياخشى ئىش دەپ قارايمەن. لېكىن، بۇ سۆيۈشتەك مۇھىم
ئورۇندا تۇرالمايدۇ. ئەيسانىڭ ھەۋارىيۇنلىرى بۇندىن ئىككى
مىڭ يىل ئىلگىرىلا ئىشىنىش، ئۈمىدۋار بولۇش ۋە سۆيۈشنى
ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۈچ ئىش دەپ قاراپ كەلگەن.
لېكىن، بۇ ئۈچ ئىشنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش بولسا
سۆيۈشتۇر. جون، بايا سىز «سۆيۈش» نى تىلغا ئالغان ئىكەن-
سىز، مېنىڭچە سىز راستتىنلا توغرا نىشانغا قاراپ مېڭىپسىز.

— سىزنىڭ پۈتۈن ھاياتىڭىز بىزنىڭ ئۆزىمىزگە ئۆلگە
قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سىز بۇ-
سىڭىز خاسلىقىنىڭ تىپىك ئۆلگىسى. چۈنكى، سىز ھەممە نەر-
سىدىن ۋاز كېچىپ بۇ يەرگە مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن كەلدى-
ڭىز- دە.

— سىز گەپنى تەتۈر قىلىپ قويدىڭىز، جون، مەن بۇ
يەرگە كېلىشتە ئەسلىدە ئۆز شەخسىيىتىمنى چىقىش قىلغان.
مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزۈمنى بېغىشلاش ۋە قۇربان

بېرىش، موناستىرنىڭ مۇدىرى ۋە تۈرلۈك بەلگىلىمىلىرىگە بويى-
سۇنۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىدىكى
ئۆزۈمنى مەركەز قىلىۋېلىش كەمچىلىكىمنى ئەپچىللىك بىلەن
تۈگەتتىم. ئۆزۈمنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى ۋە مەنمەنچىلىكىدىن قانچە
يىراقلاشقانسېرى ئۆز ھاياتىمنىڭ شۇنچە خۇشاللىققا تولغانلىقى-
نى ھېس قىلدىم. مەن بۇنىڭدىن ئېرىشكەن خۇشاللىقىمنى
ھەقىقەتەن گەپ - سۆز بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. سىزگە
دېسەم، مېنىڭ بۇ يەردە قېلىپ خىزمەت قىلىشقا رازى بولۇ-
شۇممۇ، پۈتۈنلەي ئۆزۈمنىڭ شەخسىيەتچىلىكىمنى ئاساس قىلى-
غان. چۈنكى، مەن بۇ يەردە قالسام، تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىقتىن
بەھرىمەن بولالايمەن!

— سىمېئون، مەن راستىنىلا سىزگە ئوخشاش ئۆز ئالدىمغا
ئېتىقادقا ئىگە بولالىسامكەن دەيمەن. بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە
مۇنازىرە قىلىنغان ئىشەنچ، رەھبەرلىك قىلىش، سۆيۈش دېگەن-
گە ئوخشاش قائىدىلەر گەرچە سىز ئۈچۈن خۇددى ئالىقاننى دۈم
ئۆرۈگەنگە ئوخشاشلا ئاسان بولغان بىلەن لېكىن، مەن ئۈچۈن
بولسا، ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن.

ئەتىگەنلىك دەرسكە كىرىشكە يەنە يېرىم سائەتتەك ۋاقىت
بار ئىدى. مەن ساپا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئوچاق ئىچىدىكى ئوتقا
تىكىلگىنىمچە چوڭقۇر ئويغا چۆمگەنىدىم. نېمە سەۋەبتىنكىن،
كۆز يېشىم ئىككى مەڭزىمنى بويلاپ توختىماي ئاقاتتى. مەن
ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بۇيان، كۆزۈمدىن بۈگۈنكىدەك ياش ئاققۇ-
زۇپ باقمىغانىدىم.

پائۇل يېنىمغا كېلىپ بوش ساپادا ئولتۇردى - دە، مېنىڭ-
دىن: «بۇرادەر، ياخشى تۇرغانسىز؟» دەپ سورىدى. مەن
پەقەت بېشىمنى لىڭشىتىپلا قويدۇم. مېنى ئەجەبلەندۈرگىنى،
بۇ ۋاقىتتا مەن بىر ئازمۇ نومۇس ھېس قىلمىدىم، كۆز يېشىم-
نى يوشۇرۇشمۇ خىيالىمغا كەلمىدى. ئەكسىچە، كۆز يې-

شىمىنى ئۈن - تىنسىز ئاققۇزىۋەردىم.
پائۇل يېنىمدا ئولتۇرغىنىچە ماڭا ھەمراھ بولدى. لېكىن، بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى.
— بىزنىڭ دەرسىمىز يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن ئاياغلىشىدۇ. ھەرقايسىڭلارنىڭ بۇ بىر ھەپتىلىك دەرسكە قانداق پىكرىڭلار بار؟ ئەگەر سىلەرنىڭ ئوخشىمايدىغان كۆز قاراش ياكى گۇمانلىق سوئالىڭلار بولسا، ھازىرقى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرىغا قويساڭلار بولىدۇ، — دېدى سىمېئون موناخ.
— ئۆزۈمگە نىسبەتەن ئېيتسام، قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار باردەك قىلىدۇ، — دېدىم مەن تىترەڭگۈ ئاۋازدا، — مەسىلەن، مەن تىرىشىپ ئۆز تەسىر كۈچۈمنى تونۇغۇزۇشۇم، تىرىشىپ باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشۈم، باشقىلارنى سۆيۈشۈم، باشقىلار ئۈچۈن كاللا قاتۇرۇشۇم، بۇنىدىن باشقا يەنە تىرىشىپ يېڭىچە ھەرىكەت يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ تولا كوتولدايدىغان كەمچىلىكىمنى تۈگىتىشىم كېرەك ئىكەن. سىمېئون، مەن سىزدىن سوراپ باقاي، مۇشۇنداق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش ھەقىقەتەن ئەرزىمدۇ؟
— جون، مەنمۇ بۇ سوئالنى ئۆزۈمدىن سورىغىلى خېلى يىللار بولدى، نوپۇز خاراكتېرلىك رەھبەر بولۇش ئۈچۈن ئەسلىدە تالللاش ئېلىپ بېرىشقا ھەم قۇربان بېرىشكە، بۇنىدىن باشقا يەنە يۇقىرى دەرىجىدە ئۆزىنى ئۆزى تىزگىنلەشكە توغرا كېلىدۇ. بىراق، ئەسلى گېپىمىزگە كەلسەك، بۇلار بىز رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلىشنى خالىغاندىن كېيىن، ئۆز ئۇستىمىزگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
كلىس ئۆز ئورنىدا تىنچ ئولتۇرالماي ئالدىراپ - تېنەپ سۆز قىلدى.
— مەن ھەمىشە قول ئاستىمدىكى تەنھەرىكەتچىلەرگە ئۇ-



www.uyghurkitap.com

لارنىڭ ئۆزلىرىدە ئىنتىزام يېتىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى، لېكىن ئىنتىزامنىڭ جاپالىق تىرىشىش ۋە پۈتۈن نىيىتى بىلەن بېرىلىش ئارقىلىق تەدرىجىي يېتىلدىغانلىقىنى ئېيتىمەن. بىراق، پەقەت تىرىشچانلىق بولسىلا ئۇنىڭ نەتىجىسى چوقۇم ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. مەسىلەن، بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدا قايسىڭلارنىڭ قەرەللىك تەنھەرىكەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئادىتىڭلار بار؟

— مەن ھەر ھەپتىدە ئۈچ - تۆت قېتىم غالتەكلىك كانكى تېپىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى كىنىگ.

كلىس سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ سورىدى.

— كىنىگ، سىز غالتەكلىك تېپىلىشنى قەرەللىك مەشىق قىلىشنىڭ ئاز - تولا پايدىسىنى كۆردىڭىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە كۆردۈم، — جاۋاب بەردى كىنىگ ھاياجان بىلەن، — بۇ ئارقىلىق مەن بارغانچە ھاياتىي كۈچكە تولۇشقا باشلىدىم. كەيپىياتىم ۋە روھىممۇ بارغانچە ياخشىلىنىشقا باشلىدى، ھەتتا مېنىڭ ھەيز كېلىشنىڭ ئالدىدا كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ئەھۋالىمدىمۇ كۆپ يېنىكلەش بولدى. بۇندىن باشقا يەنە مەن ئۆزۈمنىڭ سەمرىپ كېتىشىمدىن قايتا ئەنسىرەپ ئولتۇرمايدىغان بولدۇم. لېكىن. سىلەرگە ئېيتسام، بۇلار پەقەت يېڭى ئۆگىنىش باسقۇچىدىلا كۆرۈلىدىغان پايدىلىق تەرەپلەردۇر!

— شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تىرېنېر بولغۇچىلار ھەممىشە توپ ماھىرلىرىغا ئىنتىزامنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيمىز. مەيلى نېمە ئۆگىنىشتىن قەتئىينەزەر، پەقەت ئىنتىزاملا يېتىلدۈرىدىغان بولساق، بۇنىڭ پايدىسى مۇقەررەر كۆپ بولىدۇ. مەسىلەن، ھاجەتكە چىقىش، پىئانىنو چېلىش… قاتارلىقلارنى مەشىق قىلىشتا ئىنتىزام يېتىلدۈرۈشكە ئوخشاش. مېنىڭچە، ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ نوپۇزلۇق رەھبەر بولۇشنى ئۆگىنىشىمىزدىمۇ ئىنتىزام يېتىلدۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم.

www.uyghurkitap.com

— ئېيتقانلىرىڭىز ناھايىتى توغرا، كلىس، — دېدى سمېئون موناخ خۇشال بولۇپ، — ئىنتىزام يېتىلدۈرۈشنىڭ ھەقىقەتەن پايدىسى كۆپ ياكى مۇنداقچە ئېيتساق، ئىنتىزام يېتىلدۈرۈشنىڭ قايتۇرىدىغان جاۋابلىرى ھەقىقەتەن كۆپ. يەنە قايسىڭلارنىڭ باشقىچە تەسىراتلىرى بار؟

— مەن سۆزلەپ باقاي، مېنىڭ سۆزۈم ناھايىتى ئاددىي، — دېدى لىزا، — بىز ئۆزىمىزنى باشقىلارغا يېقىنلاشتۇرۇش، باشقىلار ئۈچۈن قۇربان بېرىش ۋە ئۆزىمىزنى بېغىشلاشنى چۈشەنگەندىن كېيىن، بىز ئۆزىمىزنىڭ تەسىر كۈچىمىزنى تامامەن تۇرغۇزۇپ چىقالايمىز، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى تۇرغۇزۇپ چىقالىغان رەھبەر چوقۇم كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئېھتىياجلىق بولغان رەھبەردۇر.

— رەھمەت سىزگە، لىزا، يەنە كىمنىڭ بىز بىلەن تەسىراتتا ئورتاقلاشقۇسى بار؟

— ھازىردىن باشلاپ، كىشىلىك ھاياتىمدا يەنە بىر مەجبۇرىيەت كۆپەيدى، — دېدى پائۇل غەيرەتكە كېلىپ.

— بۇ گەپنى قانداق چۈشىنىش كېرەك پائۇل؟ — سورىدى سمېئون موناخ.

— مېنىڭ ئارمىيىگە قاتنىششىمدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، مەن ئەھمىيەتلىك ھايات كەچۈرسەمكەن دەپ ئويلايمەن. ماڭا نىسبەتەن ئاتالمىش ئەھمىيەتلىك ھايات بولسا، نىشانغا، مەجبۇرىيەتكە ۋە يىراق كەلگۈسى تەرەققىيات پىلانىغا ئىگە بولغان كىشىلىك ھاياتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەل مېنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىسسىق يوتقىنىمدىن ئۆمۈلەپ قوپۇشنى خالىشىمنىڭ سەۋەبىدۇر. خۇددى كلىس ئېيتقاندەك ئىنتىزام يېتىلدۈرۈشنىڭ پايدىلىق تەرىپى ھەقىقەتەن كۆپ. ئەلۋەتتە، ئەسكەر بولغۇچى ئۈچۈن ئىنتىزام يېتىلدۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم. مېنىڭچە، رەھبەرلەرنىڭ ئۆزلىرى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن

قۇربانلىق بېرىش ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش ئارقىلىق، يەنىمۇ ئىلگە-رىلەپ نوپۇز تۇرغۇزۇشى كېرەكلىكى، رەھبەر بولغۇچىلارغا ھەقىقىي كەلگۈسى تەرەققىيات پىلانى ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش نىشا-نى ئاتا قىلىدۇ. مۇشۇ كەلگۈسى تەرەققىيات پىلانى ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش نىشانلىرى رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ ھاياتىنى زور ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىدۇ.

— قالتىس ياخشى سۆزلىدىڭىز پائۇل، سۆزىڭىزگە رەھ-مەت، — دېدى سىمپئون موناخ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەگەر سى-لەر نوپۇز خاراكتېرلىك رەھبەرلىك قىلىشنىڭ مەجبۇرىيەت چۈشەندۈرۈشىنى تەپسىلىي كۆرۈپ باقىدىغان بولساڭلار، ئۇ چاغدا سىلەر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ناھايىتى كۆپ ئى-كەنلىكىنى بايقايسىلەر. مەسىلەن، كۆيۈمچان بولۇش، باشقى-لارنىڭ گېپىنى ئەستايىدىل ئاڭلاش، قەلبىدە ھەمىشە مىننەت-دارلىق تۇيغۇسىنى ساقلاش، باشقىلارنى تەربىيىلەش، باشقىلار-نى ئېتىراپ قىلىش، ئۆلچەم تۇرغۇزۇش، ۋاقىت - قەرەلگە ئەھمىيەت بېرىش، باشقىلارنىڭ كۆزلىگەن نىشانىغا يېتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش… قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەر كۈنى ئىرىشىپ داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەردۇر.

— باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، — دېدى لي، — نوپۇز خا-راكتېرلىك رەھبەرلىك قىلىشتىكى ئىنتىزاملىق ھايات ئەمەلى-يەتتە كىشىلىك مەجبۇرىيەت خىتابنامىسىگە ئىگە ھاياتقا بارا-ۋەر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، نۇرغۇن تەشكىلاتلاردا ئۆزلىرى-نىڭ مەجبۇرىيەت خىتابنامىسىنى يېزىش ئارقىلىق، ئۆزلىرى-نىڭ مەيدانى ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەش ناھايىتى مودا بولۇپ كەتتى، شۇنىڭدەك بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزنىڭ تەشەببۇس ۋە مەيدانىمىزنى ئېنىق ئويلاپ چىقىشىمىز ھەم ئۇلارنى كىشىلىك مەجبۇرىيەت خىتابنامىسى ھالىتىگە كەلتۈرۈشىمىز ئىنتايىن مۇھىم. كونىلار ئەگەر بىزنىڭ ئازراقمۇ مەيدانىمىز بولمىسا،

ئۇ چاغدا بىز ھېچنېمىگە ئەرزىمەيمىز دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

— مەن ئىلگىرى سودا ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدا مۇنداق بىر ساۋاقنى يەكۈنلىگەنمەن، — دېدى سىمپئون موناخ بىردىنلا ئېغىز ئېچىپ، — شىركەتنىڭ بىر مەجبۇرىيەت خىتابنامىسىگە ئىگە بولۇشى ھەقىقەتەن ياخشى ئىش، ھەتتا ئۇ مەجبۇرىيەت خىتابنامىسىنى شىركەتنىڭ كۆرەش نىشانى قىلىشقىمۇ بولىدۇ. لېكىن، بىز شۇنى ئېنىق چۈشىنىشىمىز كېرەككى، مەيلى رەھبەرلىك قىلغۇچىغا قارىتا بۇنداق مەجبۇرىيەت ۋە نىشاننىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىشىلەر رەھبەرلىك قىلغۇچىنىڭ رەھبەرلىكنى پۈتۈنلەي ئەينەن قوبۇل قىلىدۇ.

لىزا ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا دېدى:

— پائۇل، مەن سىزنىڭ مەجبۇرىيەت، نىشان ۋە ئەھمىيەت دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلغىنىڭىزغا راستىنلا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم ھەمىشە كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە مەقسىتىنى ئىزدەيدۇ. ئۇلار بۇنىڭ ئۇچۇن بەزىدە، ھەتتا جېنىنىمۇ تىكىدۇ. لېكىن، ئەگەر ئۇلار تاپالماي قالسا، ئۇ چاغدا ئۆزلىرىنى بولۇشىغا تاشلىۋېتىپ، گۇرۇھۋازلىق قىلىش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، زوراۋانلىق قىلىشقا ئوخشاش ئەسكى ئىشلارنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشى. شۇ ئارقىلىق ئۆز قەلبىدىكى مەنىسىزلىكتىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇشى مۇمكىن.

— مەن ئىلگىرى جەمئىيەتشۇناسلىققا ئائىت بىر پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتىنى كۆرگەن. ئۇ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا دېيىلىشىچە، 90 ياشتىن ھالقىغان 100 نەپەر ياشانغان ئادەم ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە پەقەت «ئەگەر ھايات قايتا كېلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا سىز قانداق ئىشلارنى

قىلىسىز؟» دېگەن ئاددىي بىر سوئال سورالغان. بۇنىڭغا بېرىلـ-
گەن جاۋابلارنىڭ ئىچىدە سانى ئەڭ كۆپ بولغان ئالدىنقى ئۈچ
جاۋاب ‹كۆپرەك تەۋەككۇلچىلىك قىلغان، كۆپرەك ئويلانغان ۋە
كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن كۆپرەك بەخت ياراتقان بولاتتىم›
دېگەندىن ئىبارەت بولغان.

ــ مېنىڭچە، نوپۇز خاراكتېرلىك رەھبەرلىك قىلىشتا،
خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشتىن مۇتلەق خالىي بولغىلى بولمايدۇ،
ــ دېدى پائۇل قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ــ لېكىن، ئەگەر بۇ
ھوقۇق خاراكتېرلىك خوجايىنىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بولسا، ئۇ
چاغدا ئىشنىڭ قىزىقى چىقىدۇ!

ــ مەن دېسەم پائۇل، كىشىلىك ھايات ئەسلىدىلا بىر
مەيدان تەۋەككۇلچىلىكتۇر، ــ دېدىم مەن، ــ بولۇپمۇ رەھبەر
بولغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق. سىز ‹جاندىن
كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس› دېگەن گەپنى ئاڭلاپ باقـ-
قانمۇ؟ خيوستون راكېتا ئەترىتىنىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك باش
ترېنېرى بۇم فىللىپ ‹ترېنېر پەقەت ئىككى خىللا بولىدۇ، يەنى
بىر خىلى ئاللىقاچان قورۇلۇپ بولغان يۇنۇس بېلىقىغا ئوخشىـ-
سا، يەنە بىر خىلى قورۇلۇش ئالدىدىكى يۇنۇس بېلىقىغا ئوخـ-
شايدۇ دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەھبەر بولۇشتا چوقۇم پاكىتقا
يۈزلىنىپ، خەۋپ - خەتەرگە تەۋەككۇل قىلماي بولمايدۇ.

ــ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا تىلغا ئېلىنغان ‹كۆپ ئويلىـ-
نىش› دېگەن گەپ ماڭا ھەقىقەتەن تەسىر قىلدى، ــ دېدى
كىنگ، ــ بىز يېڭى دەرس باشلىغان چاغدا، سىمېئون بىزنىڭ
رەھبەر بولغۇچىلار ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك ئېغىر مەسـ-
ئۇلىيەتنى تونۇپ يېتىشىمىز ۋە ئۆزىمىز رەھبەرلىك قىلىۋاتقان
كىشىلەر ئۈچۈن مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى دېگەنىدى.
مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ تەكشۈرۈش
ئوبيېكتى قىلىنغان ئاشۇ قېرىلار ناھايىتى توغرا گەپ قىلغان.

بىز ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە قايتا پۇشايمان قىلماسلىق ئۈچۈن ھازىرلا ئۆزىمىزنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتلەرگە قارىتا ئويلىنىشىمىز كېرەك.

ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا لېمۇ سۆز قىلدى، ــ مەن بولسام بۇ دوكلاتتىكى «كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن بەخت يارىتىش» دېگەن جاۋابنى بەكرەك قوللايمەن. مەن ئادەتتە ئۆزۈمنىڭ كۆپ ۋاقىتىمنى ياشانغانلارغا ھەمراھ بولۇش بىلەن ئۆتكۈزىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئادەملەر قېرىغاندا، ئۆزىنىڭ باشقىلار ئۈچۈن كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن خاتىرجەم ھالدا ۋىدالىشىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. بىر ئادەم ئۈچۈن، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە، پەقەت «مەن ئۆمرۈمدە زادى قانداق ئىشلارنى قىلدىم؟» دېگەن ئەڭ مۇھىم سوئالغا جاۋاب بېرىشلا قالىدۇ. بىز رەھبەر بولغۇچىلار باشقىلار ئۈچۈن «ئاز ــ تولا» ئىش قىلىپ بېرىشتە ئەڭ ياخشى پۇرسەتكە ئىگىمىز. ئەگەر بىز يەنىلا باشقىلارغا ئوخشاش ھوقۇق خاراكتېرلىك رەھبەرلىك قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئىش قىلىپ، «ئەگەر مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش قىلمىساڭ، ئۇ چاغدا مەن سېنى بوش قويۇۋەتمەيمەن» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىپ يۈرسەك، ئۇ چاغدا بىزگە ئەگىشىشنى خالايدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ. ئۆزىمىزمۇ باشقىلار ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشقا ئامالسىز قالىمىز.

ــ باشقىلار ئۈچۈن بەخت يارىتىش ھەقىقەتەن ناھايىتى مۇھىم، ــ دېدى لىزا، ــ ئىندىئانلاردا مۇنداق بىر گەپ بار: «ئادەم تۇغۇلغاندا ئۆزى يىغلايدۇ، باشقىلار خۇشال بولىدۇ. ئەگەر تۇغۇلغان ئادەم ھاياتنى ياخشى ئۆتكۈزسە، ئۇ چاغدا ئۇ ئادەم بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان چاغدا، ئۆزى خۇشال ھالدا كۆز يۇمىدۇ، كۆپچىلىك يىغلايدۇ.

— مەن بۇ گەپنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالدىم، لىزا، — دېدى كىنىگ چوڭقۇر تەسىرات بىلەن، — سىمېئون، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان رەھبەرلىك قىلىش بىزگە روھىي جەھەتتىمۇ كۆپ پايدىلارنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ. ئەگەر بىز راستتىنلا نوپۇز ئارقىلىق رەھبەرلىك قىلساق، ھەر جەھەتتە باشقىلار ئۈچۈن كالىلا قاتۇرساق، ئۇ چاغدا بۇ «ئالتۇن قانۇنىيەت» بويىچە ئىش قىلىش بولامدۇ؟ مەن بۇندىن بىر قانچە يىللار ئىلگىرى سېلىشتۇرماشۇناسلىق دەرسىگە قاتناشقان بولۇپ، دەرسخانىدا مەن خۇستون. سىمىسنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ دىنلىرى» دېگەن كلاسسىك ئەسىرىنى ئوقۇغانىدىم. بۇ كىتابنىڭ خاتىمە قىسمىدا، ئاپتور دۇنيادىكى ئۇلۇغ دىنلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى توغرىسىدا توختىلىپ، بارلىق ئۇلۇغ دىنلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىدە مەلۇم «ئالتۇن قانۇنىيەت» مەۋجۇت بولۇشتەك ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

— بىزنىڭ دەرسىمىزنىڭ پەقەت ئەڭ ئاخىرقى بىر سائەتلىك ۋاقتىلا قالدى، — دېدى سىمېئون موناخ ئېغىز ئېچىپ، — بىز يۇقىرىدا نوپۇز خاراكتېرلىك رەھبەرلىك قىلىش ئىنتىزامنى يېتىلدۈرگەندىن كېيىن قولغا كەلتۈرۈلىدىغان تۈرلۈك پايدىلىق تەرەپلەرنى تىلغا ئالدۇق. لېكىن، بىز بۇنداق قىلىشنىڭ شادلىقتىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم پايدىلىق تەرىپىنى مۇنازىرە قىلىشنى ئۇنتۇپ قالدۇق.

— قانداق شادلىق، سىمېئون، — سورىدى پائۇل ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن، — رەھبەرلىك قىلىش بىلەن خۇشاللىقنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

— پائۇل مەن شادلىق دېدىم، خۇشاللىق دېمىدىم. خۇشال بولۇش ياكى خۇشال بولماسلىق ئادەتتە يۈز بەرگەن ئىشقا باغلىق بولىدۇ. ئادەملەر ياخشى ئىش يۈز بەرسە خۇشال بولۇپ، يامان ئىش يۈز بەرسە خاپا بولىدۇ. شادلىق بىلەن خۇشاللىق ئوخشىـ

مايدۇ. شادلىق بولسا تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس ـ تۇيغۇنى كۆرسى-
تىدۇ، قانداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولى-
دا، ئەيسا پەيغەمبەر، گەندى، مارتىن لۇتخېر، گېك دوكتور
قاتارلىقلارغا ئوخشاش نوپۇزلۇق ئۇلۇغ رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى
دېگۈدەك شادلىق توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكەن. شادلىق بولسا،
ئىچكى قەلبتىن ئۇرغۇپ چىققان بىر خىل قانائەتلىنىش، ئادەت-
تىكى قەتئىي ئىشەنچ ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتلىقتىكى ئەڭ چوڭقۇر ۋە
مەڭگۈلۈك بولغان ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكىگە ئىشى-
نىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. باشقىلار ئۇچۇن ئۆزىمىزنى
بېغىشلاش بىزنى قەپەز ئىچىدىن ئازاد قىلىپ، شادلىققا ئېرىش-
تۈرىدۇ. ئۆزىمىزنى ھەددىدىن زىيادە مەركەز قىلىۋېلىش بول-
سا، ھاياتتىكى شادلىقىمىزنى نابۇت قىلىدۇ.

مەن ئۇنىڭ سۆزىدىن بىردىنلا ئىلھاملاندىم ـ دە، مۇنداق
دېدىم: مېنىڭ پسىخولوگىيە دوختۇرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئايا-
لىم ئىلگىرى ماڭا ئۆزىنىڭ ئۆزىنى ھەددىدىن زىيادە مەركەز
قىلىۋالىدىغان بىمارلارنى تولىمۇ كۆپ ئۇچراتقانلىقى، بۇ بىمار-
لارنىڭ كەيپىياتىدا مەڭگۈلۈك كەمچىلىكنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلى-
كى قاتارلىقلارنى ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ خىل ھادى-
سىلەرنى مۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدىكەن: ئەڭ دەسلەپتىلا
بوۋاقلار ناھايىتى شەخسىيەتچى مەخلۇق بولۇپ، بۇنى ئۇدۇل
گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلار پۈتۈيلەي دېگەندەك پەقەت «ئارزۇ
ۋە ئېھتىياجغىلا ئىگە بولغان ماشىنا» ئىكەن. بوۋاقلارغا نىسبە-
تەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئېھتىياج ۋە ئارزۇلىرى ئەڭ مۇھىم
بولۇپ، ئۇلار ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چىرقىراپ
يىغلاپ بولسىمۇ، ئۆز ئېھتىياج ۋە ئارزۇلىرىنى قاندۇرمىسا
بولمايدىكەن، بولۇپمۇ ئۇلار ئىككى ياشقا كىرگەن چاغدا بەئەينى
ئەرش شاھىنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالىدىكەن. ئۆز ئەتراپىدىكى
ھەممە كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ بۇيرۇق ـ تەلەپلىرى بويىچە ئىش

قىلىشىنى تەلەپ قىلىدىكەن (ئارزۇ قىلىدىكەن) ، تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى، نۇرغۇن كىشىلەر تاشقى كۆرۈنۈشتە گەرچە، چوڭ ئادەم بولسىمۇ، لېكىن، كەيپىيات جەھەتتە يەنىلا ئىككى ياشلىق بالىلارنىڭ «ئۆزىنى مەركەز قىلىۋېلىش» باسقۇچىدا تۇرۇپ قالىدىكەن ھەم ئۆز ئەتراپىدىكى دۇنيانىڭ ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئېھتىياج ۋە تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. كەيپىيات جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلىشنى رەت قىلغان بۇ كىشىلەر بارغانچە شەخسىيەتچىلىشىپ، بارغانچە ئۆزىنى مەركەز قىلىۋالىدىغان بولۇپ قالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز تۇرمۇشى ئۈچۈن ئېگىز توسوق تام ياساپ، ئۆزىنى مەركەز قىلغان تار دۇنيادىلا ياشايدىكەن. ئايالىمنىڭ يەنە ئېيتىشىچە، بۇنداق كىشىلەرنىڭ ھاياتى چەكسىز زېرىكىشلىك ۋە ئازابقا تولغان بولىدىكەن.

مېنىڭ كېيىم تۆگىشىگىلا لى يەنە مىسال ئالدى:

— مەن ھەممىشە ياشلارغا توي قىلىشنىڭ پايدىلىق تەرىپىنى، يەنى توي قىلىشنىڭ توي قىلغۇچى ئىككى تەرەپكە ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈش ئارقىلىق بىرلىكتە ئۆسۈپ يېتىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدىغانلىقى؛ بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆزىدىكى ھەددىدىن زىيادە ئۆزىنى مەركەز قىلىۋېلىش كەمچىلىكىنى ئۆزگەرتىشنى ئۆگىنىۋالالايدىغانلىقى؛ ئۇلار بالا - چاقىلىق بولغاندىن كېيىن يەنە بىر ئۆسۈپ يېتىلىش پۇرسىتىنىڭ كۆيىيىدىغانلىقى؛ ئۇلارنىڭ ئۆز بالىلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ھەر ۋاقىت ئۆز بالىلىرىنىڭ غېمىنى يېيىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ شەخسىيەتچىلىك روھىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقى… قاتارلىقلارنى ئېيتىمەن، ئادەم بويناق چاغدا ياكى قېرىغان چاغدا يۈزلىنىدىغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولسا، ئامال قىلىپ ئۆزىنى ھەددىدىن زىيادە ئۆزىنى مەركەز قىلىۋېلىش گىرداۋىغا بېرىپ قېلىشتىن ساقلاپ قېلىشتۇر. مېنىڭچە ئۆزد-

ىلا مەركەز قىلىۋالىدىغان كىشىلەر بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بۇرۇق-
تۇرما ۋە ئەڭ ئازابقا تولغان كىشىلەردۇر.
كىنىگ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:
— بۇنداق دېگەنلىك بىزنىڭ ئۆزىمىزنى مەركەز قىلىۋېلى-
شىمىز، ھاكاۋۇرلۇقىمىز ۋە شەخسىيەتچىلىكىمىز ئۆزىمىزنىڭ
ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ دېگەنلىكمۇ، قان-
داق؟ مەن بايىلا تىلغا ئالغان سىمىسنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ دىنلى-
رى» دېگەن كىتابىدا دۇنيادىكى بارلىق دىنلارنىڭ ئىنسانلار
يارىتىلغاندىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ مەسىلىلەر دەل ئىنسانلارنىڭ
ئۆزىنى مەركەز قىلىۋېلىشى، ھاكاۋۇرلۇقى ۋە شەخسىيەتچىلىكى
تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.
سىمىسنىڭ دېيىشىچە، دۇنيادىكى چوڭ دىنلارنىڭ ھەممىسى ئۆز
مۇرىتلىرىغا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىكى شەخسىيەتچىلىك ئۈستىدىن
قانداق غالىب كېلىش توغرىسىدا تەلىم بېرىدىكەن.
بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن لې يەنە سۆزلەشكە باشلىدى.
— مەن ئېتىقاد قىلىدىغان دىنىنىڭ قارىشىچە، ئادەم قار-
غىشقا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ دۇنياغا كۆز ئاچىدىكەن. بۇ
قارغىش دەل ئىنسانىيەتنىڭ ئەسلىي گۇناھىنى كۆرسىتىدىكەن.
بەلكىم بۇ يەردىكى ئاتالمىش ئەسلىي گۇناھ دەل ئىنسانىيەتنىڭ
شەخسىيەتچىلىك ماھىيىتىنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. بىز
تۇنۇگۈن نېمىنىڭ ‹ئادىمىيلىك›، دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى مۇنازى-
رە قىلدۇقمۇ؟ مەن شۇنىڭ بىلەن تۇنۇگۈن ئاخشام ئۇزۇن
ئويلاندىم ھەم ئۆزۈمنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىمنىڭ ئۆزۈمنى بى-
رىنچى ئورۇنغا قويۇشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزۈمنى
باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىشكە مەجبۇرلاشنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئەسلىي
ماھىيىتىمگە قارشى ئىش بولىدىغانلىقىنى بايقىدىم، خۇددى
كىنىگ دېگەندەك، باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىش بولسا، ئادەمدىن
ئىنتىزام يېتىلدۈرۈشنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىگە ئۇي-

غۇن كەلمەيدىغان ئىشلارنى ئۆگىنىۋېلىشنى تەلەپ قىلىدىكەن.
— مەن لېۋىس دېگەن يازغۇچىنىڭ «ئۆزىنىڭ شەخسىيەت-چى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان ئادەم بەلكىم دەل ئەڭ شەخ-سىيەتچى ئادەم بولۇشى مۇمكىن» دېگەن گېپىنى ئىنتايىن ياخ-شى كۆرىمەن، — دېدى لىزا، — ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزە-رىنى مىسال ئېلىپ ئىسپاتلاپ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئائىلە سۈرەت-لىرىنى كۆرگەن چاغدا، ئۆزىمىزنىڭ بۇ سۈرەتكە ياخشى چىققان - چىقمىغانلىقىمىزغا قاراپلا بۇ سۈرەتنىڭ ياخشى تارتىل-غان ناچار - تارتىلغانلىقىغا باھا بېرىمىز ئەمەسمۇ؟
— رەھمەت سىزگە، سىز ھەقىقەتەن ياخشى سۆزلىدىڭىز، — دېدى سىمېئون موناخ ئۇنى ماختاپ، — باشقىلارغا كۆيۈ-نۈش، باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىش ۋە نوپۇزغا تايىنىپ رەھبەر-لىك قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئۆزىمىز قۇرۇپ چىققان تام - توسۇقلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، باشقىلارنىڭ روھىي دۇنياسى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىشىمىزنى يېتەرلىك شارا-ئىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياج ۋە ئارزۇلى-رىدىن ۋاز كېچىپ، ھەممە يەردە باشقىلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان بولغاندىلا ئاندىن ئۆسۈپ يېتىلەلەيمىز ھەم بارا - بارا ئۆزىمىز-نىلا مەركەز قىلىۋالماي، باشقىلارنى كۆپرەك ئويلايدىغان ۋە ھەقىقىي شاد - خۇرام يۈرۈيدىغان بولىمىز...
بۇ چاغدا لىزا يەنە باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈ-رۈپ سۆزلەشكە باشلىدى:
— مەشھۇر روھىي كېسەللىك مۇتەخەسسىسى كارل. مېن-نىنگېر بىر قېتىم ئۆزىدىن ئۇنىڭ روھىي يېمىرىلىش دەرىجى-سىگە بېرىپ قالغان كىشىلەرگە قارىتا قانداق ياخشى تەكلىپىنىڭ بارلىقى سورالغاندا، ئۇ ئاشۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئۆيىدىن ئايرى-لىپ يىراقلارغا بېرىپ، ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغان خالىغان ئادەملەرگە ئۆزىنىڭ ياردەم قولىنى سۇنۇشى كېرەكلىكىنى تەك-

لىپ بېرىدۇ!

— ھەقىقەتەن ئەمەلىي گەپ قىپتۇ، — دېدى پائۇل، — كىشىلەرگە ياردەم قىلىش خۇشاللىق ئۈچۈن - دە! مەنمۇ ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا خەير - ساخاۋەت ئورۇنلىرىغا پۇل ئىئانە قىلىمەن. بۇنداق قىلىشىمدا يەنىلا ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆزۈمنى خۇشال قىلىش مەقسەت قىلىنغان.

— ئوچۇق سۆزلۈكىڭىزگە رەھمەت، پائۇل، — دېدى سىمپئون موناخ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن سىلەرگە شۋېيتزېرنىڭ ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر مەشھۇر سۆزىنى ئېيتىپ بېرەي، ئۇنىڭ بۇ مەشھۇر سۆزى مۇنداق: «مەن سىزنىڭ قانداق تەقدىرگە يولۇقۇشىڭىزنىڭ مۇمكىنلىكىنى بىلمەيمەن، لېكىن مەن شۇنى جەزملەشتۇرەلەيمەنكى، ھەقىقىي خۇشال - خۇرام ئادەملەر باشقىلار ئۈچۈن ئۆزىنى قانداق بېغىشلاشنى بىلىدىغان ئادەملەردۇر. كىم بىلىدۇ، باشقىلار ئۈچۈن قۇربان بېرىش ۋە ئۆزىمىزنى بېغىشلاش بىزنىڭ ھايات ئېلىپىتلىرىغا مۇيەسسەر بولۇشىمىزنىڭ زۆرۈر شەرتىمۇ تېخى.

— «ئىنجىل» نىڭ «يوھان» قىسمىدا، ئەيسانىڭ ئۆز مۇرىتلىرىغا ئۇلارنىڭ ئۇ بەلگىلەپ بەرگەن بۇيرۇقلار بويىچە ئىش قىلىشى كېرەكلىكىنى، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئۇلار ئاندىن ھەقىقىي شادلىققا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى جېكىلىگەنلىكى قەيت قىلىنغان. بۇ باياندا ئېيتىلىشىچە، ئەيسا ئۆز مۇرىتلىرىغا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەر مېنىڭ بۇيرۇقۇم بويىچە ئىش قىلساڭلار، ئۇ چاغدا سىلەر ھەرقاچان مېنىڭ سۆيۈشۈمگە ئېرىشەلەيسىلەر» ئەيسا سۆيۈشنىڭ كىشىلەرگە شادلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەنگەن. ئەلۋەتتە، بۇ يەردىكى سۆيۈش پېئىل خاراكتېرلىك سۆيۈش، يەنى باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىشتىن ئىبارەت سۆيۈشتۇر.

— ئۆتۈنۈپ قالاي، باستېر ئەپەندى تىلەمچىلىك قولىنى

بىزگە سوزۇشتىن ئىلگىرى، دەرھال ئۆز سۆزىمىزنىڭ ئەسلىي تېمىسىغا قايتمىساق قانداق؟ — دېدى پائۇل چاقچاق قىلىپ.

سىمېئون موناخ ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا دېدى.

— بولىدۇ، ئەسلىي تېمىغا قايتايلى. پائۇل، نوپۇز خاراكتېرلىك قىلىش دېگەنلىك باشقىلار ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە باشقىلارنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ خىل رەھبەرلىك قىلىش رەھبەر بولغۇچىغا زور شادلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنداق شادلىق بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى روھىي سەپىرىمىزنى ئوڭۇشلۇق تاماملىششىمىزغا يېتەرلىك ئارقا تىرەك بولالايدۇ. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، كىشىلەر بۇ دۇنيادا قوغلىشىدىغان كىشىلىك ھاياتىنىڭ ئەھمىيىتى خۇشال - خۇرام ياشاش ياكى ئۆز - ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بولماستىن، بەلكى پىسخىك ۋە روھىي قاتلىمىدىكى ئۆسۈپ يېتىلىشتۇر. كۆيۈنۈش، ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىش بىزنى ئۆزىمىزنى مەركەز قىلىۋالىدىغان ھالەتتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. باشقىلارغا كۆيۈنۈش بىزنى قورقۇنچلۇق بولغان ئىككى ياشلىق پىسخىك ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەن ھالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

— مېنىڭ يەنە تېخىمۇ ياخشى بولغان بىر كۆز قارىشىم بار، پائۇل، — دېدى لىزا چاقچاق ئارىلاش، — ساراڭنىڭ ئېنىقلىمىسى شۇكى، ساراڭلار مەڭگۇ ئوخشاش بىر ئىشنى قىلىدۇ. لېكىن، ئوخشاش بولمىغان نەتىجىگە ئېرىشىشنى خام خىيال قىلىدۇ!

كۆپچىلىك قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— دەرسىمىزنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان پەيت ئاخىرى يېتىپ كەلدى، — دېدى سىمېئون موناخ قىياپىتىنى بىر ئاز رۇسلىۋېلىپ، — بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە مەن سىلەردىن ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم. مەن سىلەرنىڭ دەرس ۋاقتىدا جاد-

لىق سۆز قىلىپ، ئۆزگىچە ھەم قىزىقارلىق بولغان ئۇرغۇن كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىڭلارغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

— سىزنىڭ «سىلەر» دېگىنىڭىز مېنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟ — سورىدى پائۇل بىر خىل ئىشەنچ قىلالمىغاندەك قىياپەت بىلەن.

— ئەلۋەتتە پائۇل، ئەمەلىيەتتە مەن سىزگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتسام بولىدۇ تېخى، — دېدى سىمېئون موناخ سەممىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ، — ئەڭ ئاخىرى مەن ھەر قايسىڭلارنىڭ كېيىنكى كىشىلىك ھايات مۇساپەڭلەردە، بىز بۇ بىر ھەپتىلىك دەرسىمىزدە ئۆگەنگەن قائىدىلەرنى ئاز - تولا بولسىمۇ ئىشلىتىشىڭلارنى سەممىيلىك بىلەن ئۈمىد قىلىمەن. قىسقا مەزگىل نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇنداق قىلىشنىڭ ئۈنۈمى بەلكىم روشەن بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، ئۇزۇن مەزگىل نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇنداق قىلىش ئارقىلىق، سىزنىڭ كىشىلىك ھاياتىڭىزدا چوقۇم زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگۈسى. ھەرقايسىڭلارنىڭ تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كېلىشىگە، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ كەلگۈسى كىشىلىك ھايات مۇساپەڭلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىشىغا تىلەكداشمەن!

# خاتىمە

مېنىڭ ھاياتىمنى ئۆزگەرتكەن بىر سائەتلىك دەرس.

مىڭ گەز ئېگىزلىكتىكى ئىمارەتمۇ يەر يۈزىدىن قوپۇرۇلىدۇ.

— قەدىمكى جۇڭگو ماقالى

خوشلىشىشتىن ئىلگىرى، بىز ئالتە كۇرسانت ئەڭ ئاخىرقى چۈشلۈك تاماقنى بىللە يېدۇق. مېنىڭ كۆز يېشىم ئىككىنچى قېتىم ئىختىيارسىز تۆكۈلدى، ھەتتا لي بىلەن پائۇل ئىككىسىمۇ ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

پائۇل كۆپچىلىككە يېرىم يىلدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم بىر يەرگە يىغىلىش تەكلىپىنى بېرىۋىدى، ئۇنىڭ تەكلىپى كۆپچىلىكنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشتى. پائۇل ئۆزلۈكىدىن ئۆزىنىڭ ئالاقىلەشكۈچى بولۇپ، كۆپچىلىككە يىغىلىشنىڭ ۋاقىت ۋە ئورنىنى ئۇقتۇرۇشقا مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مەن دەسلەپتە ئادەمنىڭ ئەڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرگەن بىر ئادەمنىڭ دەرس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھەقىقەتەن ئۆزگىرىپ يېڭىچە بىر ئادەم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن! ئەمدى شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، مېنىڭ پائۇلنى شۇ قەدەر ياقتۇرماسلىقىمدىكى سەۋەب، ئەسلىدە ئۇنىڭدا بار بولغان خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمدىمۇ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خاراكتېر، ئالاھىدىلىكلەر ئۆزۈمدىكى ئەڭ ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەر ئىكەن. لېكىن، پائۇل ناھايىتى ئوچۇق سۆزلۈك، راستچىل ئادەم بولغاچقا، بۇ خاراكتېر — ئالاھىدىلىكلەر پائۇلدا مېنىڭدىكىگە قارىغاندا بىر قەدەر روشەن ئىكەن. مەن بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە بىر قانچە ئىرادىلەرگە كەل-

دىم. ئۇلارنىڭ بىرى بولسا، دەل تېخىمۇ سەمىمىي، راستچىل ئادەم بولۇش، ئىككىنچى ياساللىق قىلماسلىقتىن ئىبارەت. ھېلىمۇ ئېسىمدە، سىمېئون موناخ «ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇشنى بىلىش كېرەك» دېگەنىدى.

— مەن سىمېئون موناخنىڭمۇ بىزنىڭ يىغىلىشىمىزغا قاتنىششىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى كىنىگ، — سىز ئۇنى چوقۇم تەكلىپ قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماسسىز پائۇل؟

— چاتاق يوق، بۇنى مەن ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن، — دەپ پائۇل دەرھال ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى، — سىمېئوننى قايسىڭلار كۆردۈڭلار؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشماقچى ئىدىم.

مەن ئەتراپىمغا قارىدىم. لېكىن، سىمېئون موناخنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىدىم!

مەن يۈك - تاقلىرىمنى ئېلىپ، ياتىقىمدىن سىرتقا چىقتىم ھەم ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىكى بىر ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. مەن مارىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئاز ۋاقىت قالغانلىقىنى بىلەتتىم. لېكىن، بۇ ۋاقىتتا مەن توساتتىن جىددىيلىشىپ، سىمېئون موناخنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىشۋېلىش ئويىغا كەلدىم.

شۇنىڭ بىلەن مەن يۈك - تاقلىرىمنى كۆتۈرۈپ، مىچىگان كۆلى بويىغا تۇتىشىدىغان پەلەمپەيگە قاراپ يۈگۈردۈم. مەن يىراقتىنلا ئۆزۈمگە تونۇش بولغان بىر بەدەن قىياپىتىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا قەدىمىنى ئىتتىكلەتتىم ھەم ئالدىراپ - تېنەپ «سىمېئون! سىمېئون!» دەپ توۋلىدىم، سىمېئون قەدىمىنى توختىتىپ ئارقىغا بۇرۇلدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتىم.

— سىمېئون، مەن راستىنلا… راستىنلا سىزنىڭ بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە ماڭا قىلغان يېتەكچىلىكىڭىزگە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيۋاتىمەن، — دېدىم مەن كېكەچلەپ، بۇ چاغدا

مەن بىر ئاز جىددىيلىشىپ قالغانىدىم، — مەن بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە نۇرغۇن قىممەتلىك قائىدىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم. قايتقاندىن كېيىن بۇ نەرسىلەرنى ئازدۇر - كۆپتۇر بولسىمۇ، ئۆز ئەمەلىيىتىمدە ئىشلىتەلىشىمنى ئۈمىد قىلىمەن.

سمېئون مېناخ ماڭا چوڭقۇر تىكىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن سىرۋىس ئىسملىك بىر ئادەم «پەقەت ئۆگىنىپ قويۇپ مەشىق قىلماسلىقنىڭ قىلچە پايدىسى يوق» دېگەن. جون، مەن سىزگە ئىشىنىمەن، سىز چوقۇم ناھايىتى ياخشى تەتبىقلىيالايسىز.

مەن ئۇنىڭ كۆزىدىن ماڭا بولغان ئىشەنچ نۇرىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ئۈمىدلەندىم.

— لېكىن، سمېئون، مەن بۇنى قانداق باشلىسام بولىدىكىن - تاڭ.

— دەل تاللاشتىن باشلاڭ!

مەن 243 پەلەمپەيدىن ئاستاغىنا چىقىپ ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا قايتىپ كەلدىم ۋە ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، يۇك - تاقلىرىمغا يۆلەنگىنىمچە مارىنىڭ كېلىشىنى كۈتتۇم. ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ماشىنىمۇ يۈرۈپ كەتتى، پۈتۈن موناستىر ئادەتتىن تاشقىرى جىمجىتلىق ۋە سۈرۈنلۈككە چۆمدى. كۆل يۈزىدىن غۇر - غۇر كۈز شامىلى كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈمنىڭ ئاستىدىكى قۇرۇق غازاڭلارنى شىلدىرلىتاتتى. مەن چوڭقۇر ئويغا پاتتىم.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن - تاڭ، يىراقتىن يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ماشىنا ئاۋازى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى. مەن ئايالىمنىڭ فورت مارىدىلىق ئاق رەڭلىك دالا ماشىنىسىنىڭ يولدا توپا - چاڭ توزاتقىنىچە بۇياققا قاراپ كېلىۋاتقىنىنى، ئاندىن ئۇنىڭ ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا كىرىپ كەلگەنلىكىنى

كۆردۈم.
مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، كۆز يېشىمنى سۈرتۈپتىپ
يېقىن ئەتراپتىكى مىجىگان كۆلگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق
نەزىرىمنى تاشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشنى ھازىرلا باشلاش
قارارىغا كەلدىم.
ماشىنا ئىشكىنىڭ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن يۈرۈ-
لۈپ ئارقامغا قاراپ، مارىنىڭ ماڭا قاراپ كۈلۈپ يۈگۈرۈپ
كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇ ۋاقىتتا ئۇ قارىماققا ئىلگىرىكى-
دىن تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى.
ئۇ ئۆزىنى قوينۇمغا ئاتتى. مەن ئۇنى تاكى ئۇ قولىنى
ئۆزى ئالدى بىلەن بوشاتمىغۇچە مەھكەم قۇچاقلىدىم.
— ئەجەب غەلىتە، ھە، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، —
ئىلگىرى ھەمىشە ئالدى بىلەن سىز قولىڭىزنى بوشىتاتتىڭىز.
— بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى! بۇ پەقەت مېنىڭ كەلگۈسى
يېڭى مۇساپەمنىڭ تۇنجى قەدىمىدىنلا ئىبارەت، خالاس! — دې-
دىم مەن ئۇنىڭغا ئىپتىخارلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ.

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ



ISBN 7-228-06851-3
9 787228 068517 >

ISBN 7-228-06851-3
（民文）定价：15.00元